ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى


新疆大學學報

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

2014

哲学社会科学维吾尔文版

1

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**تۇرسۇن قادىر**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمىي تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**تۇرسۇن قادىر**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**



**2014 - يىللىق 1 - سان**

**(ئومۇمىي 137 - سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى

ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا

بەت ياسىغۇچى : ئەخمەتجان ئۆمەر



**تەھرىر ھەيئەتلەر**

ئابدۇكېرىم رەھمان بوچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخىرىدىن ھېسامىدىن
تۇرسۇن قادىر
چىمەن نەجمىدىن
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
35-يىللىق 1-سان(ئومۇمىي 137-سان)      2014-يىلى 3-ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولغان ئامىللار ھەققىدە مۇلاھىزە........ ساۋۇت پاۋان (1)
زېلىلىنىڭ بەزى بەدىئىي سەنئەتلىرى توغرىسىدا...........................تۇرسۇن قۇربان تۈركەش(10)
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى يانداش پېرسوناژلار ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى ئۇچۇرلار ھەققىدە............
..................................................ئابدۇروسۇل كىچىككىناخۇن(16)
يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان سەممىيەت تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە مۇلاھىزە...............................جۈرئەت ئىسمايىل(23)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى - ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىكى ئاۋانگارتلىق رولى توغرىسىدا...............................مۇختەر ئابدۇرېھىم(31)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر ھەققىدە سېلىشتۇرما ۋە تەھلىل..............غەيۇر ئابدۇقادىر(37)
ئىلى شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا.............................قەييۇم مجىت(49)
ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىلماچ» سۆزى بىلەن گېرمان تىلىدىكى «دولمەچ» سۆزىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا...........
..................................................گۆھەرنىسا مەتسادىق(57)
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئېستېتىك ئىدىيەسىدىكى ياخشىلىق قارىشى — بېشارەت..............قەلبىنۇر مۇھەممەد(62)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

ھېسام چاقچاقچىلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە...........................ئەكبەر قادىر(69)
ئاتاقلىق شائىر، ئوبزورچى «خالىس» ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا...........................
..................................................ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن(80)
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدا
..................................................باتۇر مەخسۇت(86)

## ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىلمى تەتقىقاتى

رادىيو ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىلىرىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم...........
..................................................ئابدۇرېھىم ئابلىز(91)
ئالاقە تورىنىڭ ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش..............ئىليار مەتنىياز(97)

## تارىخ تەتقىقاتى

شەرقتە جاڭچيەن - غەربتە ئالېكساندىر — يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش.............
..................................................مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم(103)
تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئورنى...........................ياسىن بۇساق (109)

## ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى

ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە يولى..................
..................................................يۈسۈپ ھامۇت(117)
مۇھەررىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا..........................ئەنۋەر راخمان(123)
ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور، ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا...........................نەبىجان مەھمۇد(131)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2014-1

# 新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 35 卷第 1 期（总 137 期）　2014 年 3 月


# 目　录


## 西域文化研究

维吾尔农民外出就业的主要动因分析……沙吾提·帕万(1)

翟黎里诗歌创作中使用的部分修辞格浅析……吐尔逊·库尔班(10)

浅谈《福乐智慧》长诗中的次要人物形象及其有关信息……阿布都肉苏力·克其克阿洪(16)

试论新形势对大学生加强诚实守信教育……居来提·司马义(23)

## 政治、经济与管理学研究

论领导干部在党的群众路线教育实践活动中发挥模范作用……木合塔尔·阿不都热依木(31)

## 语言与文化研究

汉维语象征性词语对比分析……海友尔·阿不都卡迪尔(37)

论伊犁次方言的词汇特点……克优木·米吉提(49)

现代维吾尔语中的 tilmaç 词与德语中的 Tolmatsch 的关系研究……古艾尔尼沙·买沙地克(57)

预兆———维吾尔族传统审美观念中的善与恶意识……克丽比努尔·买买提(62)

## 文学研究

论伊沙木笑话……艾克拜尔·卡德尔(69)

著名诗人、文学家、评论员“哈里斯”及其文学创作……阿布里克木·艾山(80)

浅谈当代维吾尔文学的研究现状与发展前景……巴图尔·买合苏提(86)

## 新闻学研究

浅言怎样增强广播文艺类节目感染力……阿不都热依木·阿不力孜(91)

教育探索之“互联网对维吾尔族大学生的影响”研究……伊力亚尔·麦提尼亚孜(97)

## 新闻与传播学研究

《东方是张骞西方是亚历山大— 再谈丝绸之路开辟问题》……买买提祖农·阿布都克力木(103)

谈图赫鲁·帖木儿汗在新疆历史上的地位……亚森·不沙克 (109)

## 期刊研究

创建特色栏目的重要意义及路径……玉素甫·哈木提(117)

论编辑与文学翻译中的文化因素关系……艾尼瓦尔·热哈曼(123)

论高校学报编者、作者、读者三者之间的互动关系及其优化……纳毕江·玛贺穆德(131)



〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2014-1

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 001 ـ 01 (2014) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولغان ئامىللار ھەققىدە مۇلاھىزە*

ساۋۇت پاۋان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىدىكى تىرىكچىلىك، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاقىلانىلىكلىرى ئۈستىدىكى تەھلىللەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولغان تۈپ سەۋەب ــ ئادەم كۆپ تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇش، يەردىن نەپكە ئېرىشەلمەسلىك، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىر بولۇش ۋە شەھەر ـ يېزا پەرقىنىڭ تارتىش ـ ئىتتىرىش كۈچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشتەك ئاقىلانە تاللىشىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىدىكى تۈرتكىلىك ئامىللار ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر دېھقانلىرى؛ سىرتقا چىقىپ ئىشلەش؛ تارتىش ـ ئىتتىرىش كۈچى؛ ئاقىلانە تاللاش

**摘要**：通过对维吾尔农民工的生存理性、经济理性和社会理性进行分析，得出的结论是：维吾尔农民外出务工的根本动因来自于人多地少的矛盾、种田不挣钱、农民负担重、城乡差别的推拉作用等方面。本文根据维吾尔农民转移外出就业的理性选择，将探讨维吾尔农村富余劳动力流动转移的动因。

**关键词**：维吾尔农民工；外出务工；推拉作用；理性选择

**Abstract:** This paper mainly discusses the motivation of Uyghur rural surplus workers to out-migration for work. The conclusion which based on the perspectives of Uyghur rural labors' subsistence rationality, economic rationality and social rationality, implies that the motivation of Uyghur peasant workers to immigrate, is mainly comes from the conflict in insufficient farmland, unprofitable farming, overweight burden of peasants and from the push and pull effects of rural-urban distinction.

**Keywords**: Uyghur peasant workers; migrate labor; push and pull effect; rational choice

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C976.1　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتى، تۇرمۇشىغا ئائىت تەتقىقاتلار بۇرۇنلا باشلانغان. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ ئوبيېكتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ كونا، قالاق ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى باشقا جايلارغا ياكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكىگەن ئۇيغۇر دېھقان ئىشلەمچىلىرى، شۇنداقلا ئۆزلۈكىدىن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى باشقا جايلارغا ياكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەنلەر فوند تۈرى «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بولغان تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات» (نومۇرى: 10BMZ073)، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بازىسى شىنجاڭ فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقات مەركىزى تۈرى «شىنجاڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ توقۇنۇشى ۋە لايىقلىشىشى» (نومۇرى: XJEDU010213C01)، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندى زور تۈرى «ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك بىلىملىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە تەتقىقات» (نومۇرى: 13&ZD145) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
ئاپتور: ساۋۇت پاۋان (1968ـ يىلى تۇغۇلغان) دوكتور، دوتسېنت، شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى، كۇلتۇرى ۋە ئانتروپولوگىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بارغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى ئۇيغۇر يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا كەمتۈكلۈك ساقلانغان، يەنى ئۇيغۇر يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىدىكى تۈرتكىلىك ئامىللار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلمىگەن. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشتەك ئاقىلانە تاللىشى يەنى تىرىكچىلىك، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاقىلانىلىكلىرى ئۈستىدىكى تەھلىللەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولغان تۈپ سەۋەبلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

## 1. ئادەم كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ئېلىمىز زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. بىراق، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمى چۆل ـ باياۋان بولۇپ، ئادەملەر ئولتۇراقلىشالايدىغان بوستانلىقلار (سۈنئىي بوستانلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) نىڭ كۆلىمى ئاران 135 مىڭ 714 كۋادرات كىلومېتىر[1]. شىنجاڭنىڭ ئاھالىسىنى 2011 ـ يىلىدىكى 22 مىليون87 مىڭ 100 بويىچە ھېسابلىغاندا، بوستانلىقتىكى نوپۇس زىچلىقى ھەر كۋادرات كىلومېتىرغا 163 ئادەم توغرا كېلىدۇ، ئېلىمىزنىڭ نوپۇس زىچلىقى بولسا ھەر كۋادرات كىلومېتىرغا 137 ئادەم توغرا كېلىدۇ. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئىلغارلىشىشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىتىلىشى سەۋەبىدىن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ بېرىشى، دېھقانچىلىقتا لازىملىق ئەمگەك كۈچىنى زور دەرىجىدە ئازايتىۋەتتى. شۇنداقلا ئادەم كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇش زىددىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى، بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىمۇ روشەن بولدى. 2011ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ %30. 48 تىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، تېرىلغۇ يېرى شىنجاڭنىڭ %18. 33 تىنى ئىگىلىگەن، كىشى بېشىغا تەخمىنەن 2. 1 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كەلگەن[2]. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېڭىسار بىلەن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئەھۋالى ئادەم كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇش مەسىلىسىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. يېڭىسار تىپىك يېزا ئىگىلىك ناھىيەسى بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار، بايلىقى كەمچىل، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئادەم كۆپ، چۆللۈك كۆپ، شورلۇق كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، سۇ بايلىقى ئاز، كىشى بېشىغا تەخمىنەن 1. 5 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. شۇڭا يېڭىسار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق ياردەم بېرىدىغان نامرات ناھىيە[3]. قاراقاش شىنجاڭدا ئاھالە سانى جەھەتتە ئىككىنچى چوڭ ناھىيە بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 1. 1 موغىمۇ يەتمەيدۇ. قاراقاشمۇ ئوخشاشلا تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز ھەم دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيە[4].

ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت بىر ئوبلاست ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ %78. 55 تى يېزا نوپۇسى بولۇپ، 5 مىليون 288 مىڭ 400 دىن ئاشىدۇ[5]. ئەگەر يېزا ئىگىلىك يېزىدىكى ئاساسلىق كەسىپ دەپ قارالسا، يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى يېتەرلىك تېرىلغۇ يەرنىڭ يوقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلىشىچە، ئېلىمىزدە ھەر بىر يېزا ئەمگەك كۈچىگە تەخمىنەن 3. 6 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدىكەن، ھەر بىر تېرىقچى ئەمەلىيەتتە 5. 3 مو يەر تېرىيدىكەن، ھەر بىر مو يەرگە 14. 67 ئەمگەك كۈنى كېتىدىكەن. شۇنداق بولغاندا ھەر بىر يېزا ئەمگەك كۈچىنىڭ بىر يىللىق ئەمگىكى 100 كۈندىن ئاشمايدىكەن[6]. مانا مۇشۇ ئاددىي ئۇسۇل بويىچە ھېسابلىغاندا، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلاتمىغان تەقدىردىمۇ يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە يېزا ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقى زور دەرىجىدە ئىسراپ بولۇپلا قالماي، تېرىقچىلىقتىلا تايىنىپ ياشايدىغان

دېھقانلار بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتتى. شۇڭا ئۇيغۇر يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا دېھقانلارنىڭ «ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ زور مىقداردا ئارتۇقلۇقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىشىش»قا بولغان مۇۋاپىق ئىنكاسىدۇر.

## 2. يەر تېرىپ نەپكە ئېرىشەلمەسلىك

1980- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، يېزىلاردا يەرلەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، يىلمۇ-يىل مول ھوسۇل ئالدى، قورساق ۋە كېيىم مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، بىر قىسىم جايلار ئالدىن بېيىغان بولسىمۇ، ئەمما دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، بولۇپمۇ ئاشلىق-پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان رايونلاردا دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاز ئاشتى ياكى ئاشمىدى. 1979- يىلدىن 1984- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى يىلىغا 15%. 1 ئاشقان بولسا، 1985- يىلدىن 1988- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېشىش سۈرئىتى 5%. 1 كە، 1989-يىلدىن 1991- يىلغىچە 1%. 7 كە چۈشۈپ قالغان[7]. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تولىمۇ تۆۋەن بولدى، نۇرغۇنلىغان يېزىلاردا ھەتتا دېھقانچىلىقتىن زىيان كۆرۈلدى. بۇ خىل ئەھۋال دېھقانلارنىڭ يەر تېرىش قىزغىنلىقىنى بارغانسېرى تۆۋەنلىتىۋەتتى. 2000-يىلى دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمى ئېچىدە يېزا ئىگىلىكىدىن تارتقان زىيىنى 112% بولۇپ، بۇنىڭ ئېچىدە تېرىقچىلىقتىن تارتقان زىيىنى 229% كە يەتكەن، ئەكسىچە ئىشلەمچىلىكتىن قىلغان كىرىمى 167% ئاشقان[8]. دېھقانچىلىق دېھقانلارغا نەپ بەرمەستىن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ساپ كىرىمى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولغان. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1998- يىلدىن 2000- يىلغىچە، دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىقتىن قىلغان كىشى بېشى كىرىمى ئۇدا ئۈچ يىل تۆۋەنلەپ، ئالدىنقى يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 28 يۈەن، 53 يۈەن، 48 يۈەن ئازايغان[9].

2011- يىلى 8- ئايدا يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ لاۋا بازىرى، ساغان، ئوچار، سېيتلە يېزىلىرىدا، دېھقانلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا ئىلگىرى سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ باققانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلدى، دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلارغىمۇ مۇۋاپىق ۋاقىت ئاجرىتىلدى. يېزىلاردىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بىزگە ئايان بولغىنى، يېزا ئاھالىسى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشنى بىردەك ماختىشىدىكەن، ئەڭ زور ئۆزگىرىش ئۆز ئەمگىكىگە ئۆزى خوجا بولغانلىق، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇشتا ئەركىن بولالىغانلىق ئىكەن، ئەمما ھازىر يەر تېرىپ پايدا ئالغىلى بولمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە: 1980- يىلى بىر مو يەرنىڭ سۇ ھەققى ئۈچ جىڭ بۇغداي ئىدى، شۇ چاغدىكى بازاردا بىر چارەك (ئون كىلوگرام) بۇغداي 10-11 يۈەن ئىدى، شۇنداق بولغاندا بىر مو يەرنىڭ سۇ ھەققى تەخمىنەن بىر يۈەن بەش مو بولاتتى. يەر تېرىش، ئورۇش، خامان ئېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن قىلىناتتى. بىر كىلوگرام قوي گۆشى تۆت يۈەن ئىدى. 2011- يىلى بىر مو يەرنىڭ سۇ ھەققى 80 يۈەن بولۇپ، 1980- يىلدىكىدىن 53 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. بىر چارەك بۇغداي 22 يۈەن بولۇپ، ئاران دېگەندە بىر ھەسسە ئاشقان. قوي گۆشى 55-56 يۈەن بولۇپ، 16 ھەسسە ئاشقان. ھازىر دېھقانچىلىق پۈتۈنلەي دېگۈدەك ماشىنا بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىكەن، مەسىلەن يەر ھەيدەش، ئۇرۇق سېلىش، سۆرەم سېلىش، ئورۇش، خامان ئېلىش قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇرۇق، ئوغۇت سېتىۋېلىشى، سۇ پۇلى تاپشۇرۇشى كېرەك. مۇشۇ چىقىملارنى ھېسابلىغاندا، بىر مو يەر تېرىش ئۈچۈن بەش-ئالتە يۈز يۈەن چىقىم قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. دېمەك بىر دېھقان بىر مو يەرگە ئاشلىق تېرىسا، ئۆز ئەمگىكىنى ھېسابلىمىغاندا

200 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلالايدىكەن، دېھقانچىلىق ئوخشىمىغان يىللىرى تېخى زىيانمۇ تارتىدىكەن. سىرتقا چىقىپ ئىشلىسە، ھەر ئايدا ئاز بولغاندىمۇ مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىكەن. يەر تېرىش جاپالىق، يەنە پايدىسى ئاز بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان دېھقانلارنىڭ قارىشىدا ئۆزگىرىش بولغان. بۇنى تۆۋەندىكى ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

*[ماتېرىيال 1]: ئەخەت ئەلى، يېڭىسار ناھىيە سىيىتلە يېزا 4 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىن. ئىلگىرى ئائىلىدىكى 10 جان 9 مو يەرگە تايىنىپ كۈنىنى ئەستە ئالىدىكەن. 2003 ـ يىلى ئەخەت ئەلى ئائىلىسىدىكى ئالتە ئەزا ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشىدە مارالبېشىغا بېرىپ 200 مو كېۋەزلىك باشقۇرغان، ھەر مو يەرنىڭ ھەققى 100 يۈەندىن بولغان. كېيىن يەنە پاختا تېرىپ، يىللىق ساپ كىرىمنى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن. 2011 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئۇ ئەتراپىدىكى ئالتە ئائىلە بىلەن مارالبېشىغا كېتىپ بولغان. شۇ چاغدىكى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئەخەت ئەلى ئائىلىسى يىللىق كىرىمنى 60 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرالايدىكەن.*

*[ماتېرىيال 2]: ئابدۇراززاق ئىبزىز، يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا 11 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىن. ئىلگىرى ئائىلىدىكى 5 جان 9 مو يەرگە تايىنىپ كۈن ئالىدىكەن. 1999 ـ يىلى ئابدۇرازاق كورلىغا تۇغقان يوقلىغىلى بارغاندا، كېۋەزلىك باشقۇرسا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يېرىنى ئاكىسىغا ئۆتنۈپ بېرىپ، ئائىلىسى بىلەن كورلىغا بېرىپ، كېۋەزلىك باشقۇرغان. تۇنجى يىلى 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغان. ئۇ داۋاملىق تىرىشىپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەپ بېيىغان ھەم كورلىدا ئۆي سېلىپ ماكانلاشقان. ئاندىن يۇرتىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە قولۇم ـ قوشنىلارنىمۇ ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭمۇ پۇل تېپىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇ، «ھازىر بىر قانچە مو يەرگە تايىنىپ قورساق باققىلى بولمايدۇ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ ياخشى كۈن كۆرۈش كېرەك» دەيدۇ.*

*[ماتېرىيال 3]: مەمەت رېيىم، يېڭىسار ناھىيە سىيىتلە يېزا 4 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىدىن، پارتىيە ئەزاسى. ئىلگىرى ئائىلىدىكى 5 جان 5 مو يەرگە تايىنىپ ياشىغاچقا، كەنت ۋە يېزىدىن دائىم قۇتقۇزۇش سوراپ نام چىقارغان نامرات ئىدى. ھەتتا دېھقانچىلىق ئۈچۈن يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا 3500 يۈەن قەرزمۇ بولغان. 2004 ـ يىلى ئىلگىرى ئىشلەپ باققانلارغا ئەگىشىپ مارالبېشىغا بېرىپ 72 مو كېۋەزلىك باشقۇرغان، ھەر مو يەرنىڭ ھەققى 100 يۈەندىن بولغان. كېيىن يەنە پاختا تېرىپ، يىللىق كىرىمنى 16 مىڭ 450 يۈەنگە يەتكۈزگەن. ئۇ: «مەن 20 ـ 30 يىل دېھقانچىلىق قىلىپمۇ بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى كۆرۈپ باقمىغان» دەيدۇ.*

بىزنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزدىن مۇنۇلارنى بىلگىلى بولىدۇ: يەر تېرىپ نەپ ئالغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن سىرتلارغا چىقىپ ئىشلىگەن مىڭ ياخشى. ئەگەر ئۈچ ئەمگەك كۈچى بار بىر ئائىلە بىكتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ ئىشلىسە، 100 مو كېۋەزلىك باشقۇرالايدۇ، بىر مو يەرنىڭ ھەققى تۆۋەن بولغاندىمۇ 170 يۈەن، يەنە 9 ـ ئايدىن باشلاپ پاختا تېرىدۇ، مانا مۇشۇ يوللار ئارقىلىق يىللىق ساپ كىرىمنى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ 10 مو يېرى بار دەپ پەرەز قىلساق، ئاشلىق ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىغان ئەھۋالدىمۇ بىر مو يەرنىڭ كىرىمى 300 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ بىر ئائىلىنىڭ سىرتتا ئىشلەپ تاپقان كىرىمى 100 مو يەرنى تېرىغانغا باراۋەر. شۇڭا، گوۋۇيۈەن 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا، 12 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، 40 مىليون يېزا ئېشىنچى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى[10]. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، يېزا ئېشىنچى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر دەپ تونۇپ، بىر قاتار پايدىلىق سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، كەسپىي تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى

كېڭەيتتى، مۇلازىمەت ۋە كاپالەت خىزمىتىنى كۈچەيتتى. نەتىجىدە ئاسىمگۇل ئابدۇكېرىم، خانقىز كۈرەشكە ئوخشاش مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچىلەر يېتىشىپ چىقتى[11]. 2007- يىلى 1- ئاينىڭ 28- كۈنى 20 ياشلىق ئۇيغۇر قىز ئاسىمگۇل پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ توغرا يېتەكلىشى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىن تيەنجىنگە بېرىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 2008- يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچى بولۇپ باھالاندى، 2010- يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شان-شەرەپكە ئېرىشتى، 2011- يىلى جۇڭگو ئەمگەك مۇناسىۋەتى ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندى.

## 3. دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىر

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، 1980- يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى يېزا ئىسلاھاتىدا كەڭ دېھقانلارنىڭ قورساق ۋە كىيىم مەسىلىسى ھەل بولدى. بىراق، 1985- يىلىدىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلىدى. گەرچە يۇقىرىدىن قايتا-قايتا يوليورۇقلار كېلىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەكسىچە دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ باردى. بەزى جايلاردا، دېھقانلارنىڭ ھەر خىل مەجبۇرىيەتلىرى ساپ كىرىمىنىڭ 20% تىنى ئېگىلىگەن. جايلار قانچە نامرات بولسا، دېھقانلارنىڭ سېلىقى شۇنچە ئېغىر بولغان. 1997- يىلىدىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمى ئەمەلىيەتتە ئاشماستىن ئەكسىچە تۆۋەنلەپ بارغان. مانا بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان جايلاردىكى كادىر بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىي بولۇشى، ئىجتىمائىي توقۇنۇشنىڭ كەسكىن بولۇشى، ئەرز قىلىش، توپلىشىپ ئەرز قىلىش، مەركەزگىچە بېرىپ ئەرز قىلىش ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىدۇر[12]. نۇرغۇن جايلاردا، يېزىلاردىكى ئاساسلىق ئەمگەك كۈچلىرى يەر تېرىشنى خالىماي شەھەرلەرگە ئېقىپ كەتتى. يەر تېرىپ زىيان چىقسا، يەنە كىممۇ يەر تېرىشنى خالىسۇن؟ 1990- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى پۈتكۈل ئىقتىسادىي داۋالغۇشتا، دېھقانلار قوش بېسىمغا ئۇچرىدى: بىر تەرەپتىن، دېھقانچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ، دېھقانچىلىق كىرىمى ئازىيىپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا ساھەلەردە ئىشقا ئورۇنلاشقان دېھقان ئىشلەمچىلەر چەتكە قېقىلىپ، تاپاۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى[13]. ئەمما بۇ يىللاردا يېزا ئىگىلىك باج كىرىمى يىلدىن يىلغا ئېشىپ باردى، 1993- يىلى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك بېجى 12مىڭ 574 مىليون يۈەن بولسا، 1998- يىلى 39 مىڭ 880 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 5 مىڭ 460 مىليون يۈەندىن ئېشىپ بارغان[14]. دېھقانلارنىڭ رەسمىي باجدىن سىرتقى ھەر خىل سېلىقلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ دېھقانلارنىڭ ھەقىقەتەن جاپاكەش، يېزىلارنىڭ ھەقىقەتەن نامرات بولۇشىدىكى ئىقتىسادىي سەۋەبتۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، 1980- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان يېزا - بازار، كەنتلەردىكى پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، كادىرلار قوشۇنى زورىيىپ، ھوقۇقىمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى. ئەمما مالىيە كاپالەتتى بولمىغاچقا، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى[15]. خەلق گوڭشېسى مەزگىلىدە، بىر گوڭشېدىكى كادىرلار 20 گىمۇ يەتمەيتتى، چوڭراقلىرىدىمۇ 30 دىن ئاشمايتتى، دادۈيدىمۇ ئاران 4-5 كادىر بار ئىدى. خەلق گوڭشېسى بىكار قىلىنىپ يېزا-بازارلىق ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، كادىرلارنىڭ نامى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ سانى ئۆزگەرمىگەن. يەرلەر كۆتۈرە بېرىلگەچكە كەنت كادىرلىرىمۇ بىكار قېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىگە ئىشلەپ يۈرگەن. ناھىيەدىن كادىرلار كەلسە، كەنت كادىرلىرىنى تېپىشمۇ تەس بولۇپ كەتكەن. دېھقانلارنىڭ سېلىقى دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ئەڭ يېنىك بولغان، دېھقانلارنىڭ يۈكى يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانمىغان. بىراق، يېزىلاردىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىيلاشقان، يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش

تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئورگانلار كۆپىيىپ، كادىرلار قوشۇنى زورايدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزا-بازار كادىرلىرىنىڭ سانى زور مىقداردا ئاشتى، پارتكوم شۇجىسى ۋە يېزا ـ بازار باشلىقىدىن سىرت، مۇئاۋىن شۇجىلار، مۇئاۋىن يېزا ـ بازار باشلىقلىرى قويۇلدى، يەنە خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى رەئىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىسى تەسىس قىلىندى. ھازىر بىر يېزىدا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 10 دىن، بەزى چوڭراق يېزىلاردا 20 دىن ئاشىدۇ. ئەسلىدە يېزا-بازارلىق ھۆكۈمەتتىكى بىرەر كادىر مەسئۇل بولغان ياكى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان خىزمەتلەر مەخسۇسلاشتى. ھازىر يېزا-بازارلاردا پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى، مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، يېزا ئىقتىساد ئىشخانىسى، مۇقىملىق خىزمىتى ئىشخانىسى، قورallıق بۆلۈم، سوت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق ئىشلىرى پونكىتى، مالىيە پونكىتى، سۇ پونكىتى، مائارىپ ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، يەر باشقۇرۇش پونكىتى، توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قاتارلىق ئورگانلار بار. دېھقان سالاھىيىتى بىلەن ئىشلەيدىغان كادىرلارنىڭ ئىشتات چەكلىمىسى بولمىغاچقا، يېزا-بازار مەسئۇللىرى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا-بازار ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان قوشۇمچە خادىملار، شوپۇر-مۇلازىملار، ئاشپەزلەر كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولغاندا نەچچە ئون، كۆپ بولغاندا يۈزدىن ئاشىدۇ. كەنتلەردە پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت كومىتېتى، ساقچى ئىشخانىسى بار. ئاساسلىق مەسئۇل كادىرلاردىن باشقا، خەلق ئەسكەرلىرى كوماندىرى، ئىتتىپاق ياچېيكا شۇجىسى، ئاياللار مۇدىرى، ئامانلىق مۇدىرى، پىلانلىق تۇغۇت كادىرى، توك كادىرى، سۇ كادىرى، ئۈچ پېشقەدەملەر بار. بۇنىڭدىن سىرت يېقىندا پەيدا بولغان ئامانلىق خىزمىتىگە ياردەملىشىدىغان خەلق ئەسكەرلىرى، ئون ئائىلە باشلىقى، كوچا باشلىقى قاتارلىقلار بار. بىر كەنتتە ئاز بولغاندىمۇ ئون نەچچە مەنسەپدار بار، ئۇلار ئىقتىسادىي ياردەم ئالىدىغانلار بولۇپ، تۇرمۇشى دېھقانلاردىن ياخشى. يېزا ـ كەنتلەردە شۇنچە كۆپ ئەمەلدارلار ھەق ئالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت مالىيەسى بۇ چىقىملارنى كۆتۈرەلمىسە، بۇ چىقىملارنى دېھقانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىمەكتىن باشقا ئامال بارمۇ؟ بۇ ھالدا دېھقانلارنىڭ يۈكى قانداقمۇ يېنىكلىسۇن؟[16]

ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەر تېرىپ پايدا ئالالمىسا، ھەتتا ئەمگىكى ھەقسىز تۇرۇپمۇ زىيان تارتسا، ئۇلار يەنە يېزىلاردا تۇرۇشنى خالارمۇ؟ شۇڭا، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زاۋۇتلارغا بارغان بەزى دېھقان ئىشلەمچىلەر مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئىشلەشنى تەلەپ قىلماقتا[17]؛ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلەپ يۈرگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى گەرچە تىل، دىنىي ئېتىقاد، روھىي ھالەت جەھەتلەردە توسالغۇ بولسىمۇ، ياشاش ۋە لايىقلىشىش جەھەتلەردە باشقا مىللەت دېھقان ئىشلەمچىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، ئۇلار ھەر خىل ئاماللار بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تىرىشماقتا؛ يەنە ئىجتىمائىي ئالاقىدە قىينالسىمۇ، ئىش تېپىشتا چەتكە قېقىلسىمۇ، يەنىلا ئۆزىگە خاس يامان ئاتاقلىرىنى يۇدۇپ يۈرۈپ، ھەرقايسى شەھەرلەردە قىستۇرۇلۇپ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە گۆلە-قاق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا[18].

## 4. شەھەر ـ يېزا پەرقىنىڭ تارتىش-ئىتتىرىش كۈچى

شەھەر ـ يېزىلاردىكى كۆچمە نوپۇس تەتقىقاتىدا، ئىككى مەنبەلىك ئىقتىساد، ئادەم كۈچى بايلىقى، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج قاتارلىق كۆپ خىل نەزەرىيەلەر بولسىمۇ، تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى يەنىلا «تارتىش ـ ئىتتىرىش نەزەرىيەسى». بۇ نەزەرىيەگە ئاساسلانغاندا، بازار ئىگىلىكى ۋە نوپۇس ئەركىن يۆتكىلەلەيدىغان شارائىتتا، ئاھالىلەر تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يۆتكىلىدۇ ياكى كۆچىدۇ. شۇڭا كۆچۈپ بارغان ئورۇننىڭ ئەۋزەل شارائىتى كۆچمەنلەر ئۈچۈن تارتىش كۈچى بولسا، ئەسلىي ماكانىنىڭ پايدىسىز ئامىللىرى ئۇلار ئۈچۈن ئىتتىرىش كۈچىدۇر. دېمەك، نوپۇسنىڭ يۆتكىلىشى مەنزىلنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن ئەسلىي ماكانىنىڭ ئىتتىرىش كۈچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچنىڭ

ئورتاق تەسىردە تاماملىنىدۇ[19]. شەھەر-يېزا پەرقىنىڭ كۈنسېرى زورىيىشى، نوپۇسنىڭ تېز ئېشىشى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىشى، شۇنداقلا دېھقانچىلىق ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىشى ئۇيغۇر ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى ئۈچۈن «ئىتتىرگۈچى كۈچ» بولسا، شەھەر-بازار ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، پۇل تېپىش پۇرسىتىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن «تارتقۇچى كۈچ» بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزدە تەدرىجىي هالدا شەھەر بىلەن يېزا ئايرىلىپ باشقۇرۇلۇشتەك ئىككى مەنبەلىك تۈزۈلمە شەكىللەندى. بۇنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، يەنى شەھەردە ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان، يېزىدا كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان. مۇشۇ تۈزۈلمە سەۋەبىدىن نۇرغۇن تەرەپلەردە شەھەر ۋە شەھەر ئاھالىسىگە بىر خىل سىياسەت، يېزا ۋە دېھقانلارغا يەنە بىر خىل سىياسەت يولغا قويۇلدى. ئىككى مەنبەلىك تۈزۈلمىنىڭ مۇقىملىشىشىغا ئەگىشىپ، «شەھەر بىلەن يېزىنى ئايرىپ باشقۇرۇش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل سىياسەت بولۇش» تەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىگىدارچىلىق شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات، ئىشقا ئورۇنلىشىش، باج قاتارلىق جەھەتلەردە شەھەر ئاھالىسى بىلەن دېھقانلارغا ئوخشاش بولمىغان سىياسەت يۈرگۈزۈلدى. ئولتۇراق ئۆينى ئېلىپ ئېيتساق، شەھەر ئاھالىسى شەھەردىكى ئۆي مۈلۈك باشقۇرۇش ئورگانلىرى تەقسىملىگەن هۆكۈمەت ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدۇ، ئىشسىزلىق ياكى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئائىلىلەرمۇ هۆكۈمەت تەمىنلىگەن ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. دېھقانلار بولسا ئۆزى ئۆي سېلىپ ئولتۇرىدۇ ياكى ئۆز پۇلىغا ئۆي سالدۇرىدۇ. ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئاممىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ۋە تەمىنلىنىش شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ، مەسىلەن؛ توك، سۇ. . . قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا مائارىپ، داۋالىنىش، ئىجتىمائىي كاپالەت، قېرىلارنى بېقىش، پاراۋانلىق قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ زور پەرقلەر بار.

«شەھەر بىلەن يېزىنى ئايرىپ باشقۇرۇش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل سىياسەت بولۇش» نىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتى ــ دېھقانلار جاپالىق ئىشلەپ نامراتلىقتا ياشاش بولدى. بۇ خىل ئىككى مەنبەلىك ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋەزىيىتىدە، خەلق ئىگىلىكى نورمال ئايلىنىۋاتقان مەزگىلدە دېھقانلار شەھەرنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان مەھسۇلاتقا ئوخشاش ماللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. خەلق ئىگىلىكىدە داۋالغۇش بولۇپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن مەزگىلدە دۆلەت سىياسىي، ئىقتىسادىي چارىلەر ئارقىلىق، مالىيە، باج، باھا، پۇل مۇئامىلە، ئامانەت-قەرز قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، شەھەر ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. يېزا ۋە دېھقانلار بۇنداق ئەھۋالدا تېخىمۇ كۆپ قۇربان بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كىرىم تەقسىماتىدىكى باراۋەرسىزلىك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، شەھەر-يېزا كىرىم پەرقى داۋاملىق زورايماقتا. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، 2011- يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى يېزا ئاھالىسى كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 3. 13 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن[20]. شىنجاڭدىمۇ شەھەر- يېزا ئاھالىسىنىڭ كىرىم پەرقى داۋاملىق زورايغان. 1978- يىلى، شىنجاڭ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 319 يۈەن، يېزا ئاھالىسى كىشى بېشى كىرىمى 119 يۈەن، كىرىم پەرقى 200 يۈەن بولغان. 2011- يىلى، شىنجاڭ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 15 مىڭ 514 يۈەن، يېزا ئاھالىسى كىشى بېشى كىرىمى 5442 يۈەن، كىرىم پەرقى 10 مىڭ 72يۈەنگە يەتكەن[21]. گەرچە شىنجاڭ يېزا ئاھالىسى كىشى بېشى كىرىمى 1978- يىلدىكى 118 يۈەندىن 2011- يىلدىكى 5442 يۈەنگە يېتىپ، 45 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيەسى زادى قانچىلىك ئۆستى؟ مال باھا پەرقى ئامىلىنى ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ قولىغا يەنە قانچىلىك پۇل ئاشتى؟. سانائەت-يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرق، شەھەر- يېزا پەرقى ۋە رايونلار ئارا پەرق قاتارلىقلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن كىچىكلىمەستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ زورىيىپ بارماقتا. ناۋادا شەھەر ئاھالىسى بەھرىمەن بولۇۋاتقان تۈرلۈك

پاراۋانلىقلارنى ھېسابلايدىغان بولساق، شەھەر-يېزا پەرقى تېخىمۇ چوڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

«ئىرىكچىلىك ئېتىكىسى» بىزگە بىر ساپ دېھقاننىڭ يەر ئىگىسى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭدىن ئالغان سېلىقىقا قانداق قاراشتا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، دېھقان سېلىق تاپشۇرغاندا، ئۇنىڭ قانداق قىلغاندا ھاياتلىق كىرىزىسىگە پېتىپ قالمايدىغانلىقىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، دېھقانلار مول-ھوسۇل ئالغان يىلى 40% ئاشلىقنى تاپشۇرۇشقا قارىغاندا، ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل ئالالمىغان يىلى 20% ئاشلىقنى تاپشۇرۇشقا بەكرەك قارشى تۇرىدۇ. دېھقانلارنىڭ ئۆلچىمى تاپشۇرىدىغان سېلىقنىڭ مىقدارى ئەمەس، بەلكى سېلىقتىن كېيىن قېپقالغان ئاشلىق ئۇلارنىڭ ئەقەللىي ھاياتلىق ئېھتىياجىنى قامداشقا يېتەرلىك بولۇش[22]. ئىلگىرى سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەن ياكى چىقماقچى بولغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەھەرلىشىشنىڭ تېزلىشىشى ئۇلارغا نۇرغۇنلىغان ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەھەرنىڭ زامانىۋى مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق گۈزەل تۇرمۇش مەنزىرىسى يېزا تۇرمۇشىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە.

## خۇلاسە

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۆلىتىمىز دېھقانلىرى ئىنتايىن جاپاكەش خەلق. ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى ئۇلاردا يەرگە ۋە ئۆز ئەمگىكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بولمىغان. ئىسلاھاتتىن كېيىن يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، ياشاش شارائىتى ئاز - تولا ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا ئاجىز توپ. شۇڭا، دېھقانلار ئازراقلا يوچۇق تاپالىسا يېزىدىن ئايرىلىدۇ. ئەمما جەمئىيەت ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئىنتايىن چەكلىك پۇرسەت بەرگەن؛ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن ئارمىيەگە قاتنىشىش يېزا ئاھالىسى ئەڭ تەلپۈنىدىغان يۇقىرى ئۆرلەش يولى. ھېسابلىنىشىچە، 1978- يىلىدىن 2001- يىلىغىچە، مەملىكەت بويىچە 6.11 مىليون يېزا ئاھالىسى مۇشۇ يول ئارقىلىق شەھەر ئاھالىسىگە ئۆزگەرگەن، ئەمما 900 مىليوندىن ئارتۇق يېزا ئاھالىسىگە نىسبەتەن يەنىلا بىر پىرسەنت ئەتراپىدىكى ئاھالە ئىدى[23]. روشەنكى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا تايىنىپ يۇقىرى ئۆرلەش، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا ئاھالىسى ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل، ئارمىيەگە قاتنىشىش ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلەش تېخىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ئىشلەمچى بولۇشى، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ياكى ھەر خىل مۇلازىمەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى، نۆۋەتتىكى شەھەر-يېزا تەرەققىياتىدىكى ئىقتىسادىي تەڭسىزلىكتىن نىسپىي تەڭلىك ئىزدەپ قىلغان بىردىنبىر تاللىشى. گەرچە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇيغۇر يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللىك يۆتكەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاكتىپ يېتەكلەش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسىم يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى ۋاستىچىلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ياكى باشقا يوللار بىلەن سىرتلارغا چىقىپ ئىشلىمەكتە. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ناھىيەلەردە سىرتقا چىقىپ ئىشلەۋاتقانلار ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 60% تىدىن ئېشىپ كەتكەن[24]. سىرتقا چىقىپ ئىشلەش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەتراپتىكى ئىككىلىنىپ تۇرغانلارغا ئۈلگە بولدى. قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى سىرتقا چىقىپ ئىشلىگۈچىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بەردى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيەسى ئازاد بولدى.

## ئىزاھلار

[1] 韩 霞，赵君哲:《新疆农村劳动力转移状况分析》[J]. 现代企业，2009(6).

[2] 数据来源: 根据《新疆统计年鉴 2012》相关数据整理.

[3] 英吉沙县劳务输出服务中心劳务输出工作报告，2009 年 3 月 20 日.

[4] 张晶晶等:《南疆三地州少数民族农村剩余劳动力转移问题研究》—以新疆和田地区墨玉县为例[J]. 新疆社科论坛，2011(3).

[5] 数据来源: 根据《新疆统计年鉴 2012》相关数据整理 .

[6] 孙立平: 转型与断裂《改革以来中国社会结构的变迁》[M]. 北京: 清华大学出版社, 2004, 299-301.

[7] 陆学艺:《三农论》—当代中国农业、农村、农民研究[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2002:465.

[8] 李培林:《农民工—中国进城农民工的经济社会分析》[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2003:22.

[9] 国家统计局农村社会经济调查总队. 2003 年中国农村贫困监测报告[M]. 北京: 中国统计出版社，2003:5

[10] http://finance. sina. com. cn/g/20111216/201211008984. shtml. 国务院: 十二五农业富余劳动力转移就业 4000 万人.

[11] 霍 然:《打工人海中我是那一个》—记全国优秀农民工哈尼克孜 · 库来西[N]. 喀什日报(汉)，2009 年 7 月 30 日. 景双善. "打工改变了我的命运"—记全国劳模、优秀农民工阿斯木古丽 · 阿卜杜克热木[N]. 工人日报,2012 年 11 月 6 日.

[12] 陆学艺:《三农论》—当代中国农业、农村、农民研究[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2002:466.

[13] 陆学艺:《三农论》—当代中国农业、农村、农民研究[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2002:469.

[14] 国家统计局: 中国统计摘要 2000 [M]. 北京: 中国统计出版社，2000:38.

[15] 陆学艺: 《三农论》—当代中国农业、农村、农民研究[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2002:238.

[16] 陆学艺: 《三农论》—当代中国农业、农村、农民研究[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2002:240.

[17] 邢剑鸿: 内地维吾尔族农民工城市适应的思考—以伽师县社会调查为例[J]. 黑龙江史志，2012(20).

[18] 哈尼克孜 · 吐拉克:《吾尔族农民工内地城市生存与适应研究》—以湖北省武汉市维吾尔族农民工为例[D]. 华中师范大学，2012.

[19] 李 强:《农民工与中国社会分层》[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2004:42

[20] 社科院报告称中国城乡收入差距有反弹风险。中国新闻网 2012 年 12 月 18 日 09:41.

[21] 数据来源: 根据《新疆统计年鉴 2012》相关数据整理.

[22] Scott ,J. 1976 , The Moral Economy of the Peasant: Rebellion and Subsistence in Southeast Asia , New Haven : Yale University Press, p. 29.

[23] 陆学艺. 当代中国社会流动[M]. 北京: 社会科学文献出版社，2004:318.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 010 ـ 01(2014) 5878 ـ 1005

# زەلىلىنىڭ بەزى بەدىئىي سەنئەتلىرى توغرىسىدا*

## تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مۇھەممەت سىدىق زەلىلى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ۋە شەكلى خىلمۇ-خىل شېئىرىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، شائىر ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق يۈكسەكلىكنى ئۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن قوللانغان رەڭدار بەدىئىي سەنئەتنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ماقالىدە ئەدىب قوللانغان ئۇنلىغان بەدىئىي سەنئەتنىڭ پەقەت ئاز قىسمىلا شائىرنىڭ دىۋانىدىن ئېلىنغان ئۈرنەكلىك بېيىتلار ئارقىلىق كونكرېت تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى؛ زەلىلى ئەسەرلىرى؛ بەدىئىي ۋاستىلەر

**摘要：** 翟黎里的诗歌创作内容深刻、艺术性高和形式多样、代表了维吾尔古典文学的较高水平。本文阐述了诗人在艺术创造中使用丰富多彩的修辞格， 具体分析了引证翟黎里诗集里的部分典范性诗歌。

**关键词：** 维吾尔古典文学；翟黎里的作品；艺术手段

**Abstract:** Zalili's literary work represents higher quality of Uyghur classical literary by its deep content, high artistic quality and diversity of forms. This thesis mainly discusses various figures of speeches in his works and concretely analyzes his exemplary poems as examples.

**Keywords:** Uyghur classical literary; works of Zalili; figure of speech

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222**　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

شەرق ئەدەبىياتىدا مىڭ يىللار داۋامىدا شەكىللىنىپ، سەنئەت نامىنى ئالغان بەدىئىيلىك ۋاستىلىرى پەقەتلا شېئىرنىڭ ئاددىي بېزىكى ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ مەقسىتىنى ئوقۇغۇچىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دىت ۋە زەۋقىنى يازغۇچى بىلەن باغلايدىغان رىشتە، مۇئەللىپنىڭ رەڭدار تۇيغۇلار ئالىمى ھەققىدە تەسەۋۋۇر بەرگۈچى مەنبە بولۇپ كەلگەن.

ھەرقانداق ئىجادكارنىڭ سالاھىيىتى ئۇنىڭ نېملەرنى سۈرەتلىشىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى قانداق تەسۋىرلىشىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەدىبنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارى، يۈكسەك ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپەۋى غايىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى سەنئەتكارلىق تالانتىنىڭ ئۆلچىمى. شېئىرىيەت بىلدۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ھاياجانلاندۇرۇشنى، تەپەككۇرنىڭ قاناتلىرىدا قايتا ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ مىسرالاردا سۆزلەرنى كونكرېت ماددىي مەنىسىدىن سىرت، ھاياجان، روھ قوزغىغۇچى، ھېسسىي، يۈكلىمە مەنىلەردە، قىسقىسى كۆچمە مەنىدە قوللىنىپ يۇقىرى ئېستېتىكىلىق بەدىئىي ئۈنۈم يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قوللانغان شېئىرىي سەنئەتلىرىنىڭ ھايات مەنتىقىسىگە، گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلۇقى، بېيىت قاتلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەنزىرە - بەلگە ۋە ئوبرازلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە چۈشىنىشلىك بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زەلىلى شېئىرىيىتى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز گۈلزارلىقىدىكى ئۆزگىچە گۈل. شائىرنىڭ شېئىرىي دىۋانىدىكى سەنئەتكارلىقى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بەدىئىيات تارىخى ۋە كىلاسسىك پوئېتىكىنىڭ نەزەرىيەۋى ئامىللىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئىجادىي پائالىيىتىدە ماھارەت بىلەن قوللانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىچكى قۇۋۋەت ۋە تاشقى

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە 2011 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات پىلان فوندى(تەستىق نومۇرى: 11BZW090) ۋە 2009 ـ يىللىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار تەتقىقات فوندى(تەستىق نومۇرى: 07020428066)نىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

**ئاپتور:** تۇرسۇن قۇربان تۈركەش(1965 ـ يىلى تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

گۈزەللىكلىرىنى شەكىللەندۈرگۈچى مەنىۋى، لەۋزى سەنئەت ئۇستىدە ئىزدىنىش زەللىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما.

ئىنچىكە تەتقىق قىلىدىغان بولساق زەللىي شېئىرىيىتىدە قوللىنىلغان سەنئەتلەر نەچچە ئون خىلغا يېتىدۇ. بىز كىتابخانلاردا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئىي تېخنىكىسىغا نىسبەتەن چوڭ جەھەتتىن تەسەۋۋۇر قوزغىتىش مەقسىتىدە، شائىر ئۆز ئىجادىيىتىگە تەدبىقلىغان نەچچىلا سەنئەت ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بىلەن چەكلەندۇق. سۆز سەنئىتىنىڭ بىزگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بەزى ئۇسۇللىرىنىڭ ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئالدۇق.

## 1. گۈزەل دەلىللەش

«ھۆسنى دەلىل» دەپ ئاتالغان بۇ سەنئەت ئەلىشىر نەۋايى قەلىمىگە مەنسۇپ:

ئاي يۈزۈڭ بىرلە تالاشدى، بۇكى كۆكتۇر ئارازى،
پەنجەسى بىرلە قۇياش گويا يۈزىگە ئۇردى كاژ.

بېيىتتا «ئاي سېنىڭ يۈزۈڭ بىلەن گۈزەللىك تالاشقان ئىدى، مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ يۈزى كۆكىرىپ قالدى، ئۇنىڭ بىمەنە، بىئەدەب ھەرىكىتىدىن دەرغەزەپ بولغان قۇياش ئۇنىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرغانغا ئوخشايدۇ» دېگەن مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. ئاينىڭ ئاسماندا كۆك مۇزدەك كۆكىرىپراق كۆرۈنۈشى ئاساسىدا شائىر ھۆسنى دەلىل سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان غەيرىي تەبىئىي چىرايلىق پىكىر ھاسىل قىلغان. نەۋايى «قۇياش ئاينىڭ يۈزىگە ئۇرغان» قىلىپ تەسۋىرلىگەندە، قۇياش ۋە ئايغا ئىنسانغا خاس ھالەت ۋە خاراكتېرنى كۆچۈرگەن يەنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئادەملەشتۈرۈش سەنئىتىدىن پايدىلانغان.

يۇقىرىقى مىسالدىن مەلۇمكى «ھۆسنى دەلىل» نىڭ ئەرەبچە مەنىسى پىكىرنى «چىرايلىق دەلىللەش» دېگەنلىك بولۇپ، بەدىئىي سەنئەتنىڭ مۇرەككەپ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا شائىر ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە مەقسىتىنى ئاساسلاش ئۈچۈن مۇناسىپ دەلىل كەلتۈرىدۇ. لېكىن بۇ دەلىل شائىرنىڭ پىكرىگە تويپتوغرا ماس كېلىشى ناتايىن، ئەمما ئۇ تۈرلۈك بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە باغلىنىپ، ئوبرازلىق پىكىرنى قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدۇ.

تابى زۇلفۇڭدىن چېكەر كان ئىچرە سىماپ ئىزتىراپ،
ئاي يۈزۈڭنىڭ رەشكىدىن كىردى بۇلۇتقا ئافتاب.

زەللىي دىۋانىدىكى 16 ـ غەزەلنىڭ مەزكۇر باشلانمىسىدا گۈزەل دەلىللەش سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ، «مەشۇقنىڭ گىجەك چاچلىرىنىڭ پارقىراقلىقىدىن خەزىنىدىكى سىماب غەم ـ قايغۇغا چۆمدى، ئاي يۈزىنىڭ ئاقلىقىدىن رەشكى قىلغان ئاپتاپمۇ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى» دېگەن پىكىرنى ئىپادىلىگەن. شائىر ھاياتىي ھادىسە بىلەن بەدىئىي پىكىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جانلاندۇرۇشتا ھەقىقەتتەك غەيرىي تەبىئىي ئۇيغۇنلۇق ھاسىل قىلىپ، كىتابخانلاردا يەڭگىل، زوقلىق ھالەت ئويغاتقان.

كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە شائىرلار كۆپىنچە ھاياتىي تەبىئىي ھادىسىلەر، ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلەر، مەدەنلەر، ئەنئەنىگە ئايلانغان بەدىئىي ئوبرازلار، دىنىي ۋە تارىخىي ئەپسانە قەھرىمانلىرى ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار ۋەقەلەر ھەم ساماۋى مەۋجۇداتلار ھالىتىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش، جانلاندۇرۇش، ئىشارە قىلىش ۋە ئىستىئارەلەش ئارقىلىق ئۇنى شېئىردىكى بەدىئىي غايىۋى پىكىرگە ماس غەيرىي تەبىئىي ئىزاھلاپ، ھەقىقەت بىلەن بەدىئىي سەۋەب ئوتتۇرىسىدىكى نامۇۋاپىقلىق ۋە مەنتىقىسىزلىك ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەردە يەڭگىل، ئىسسىق ۋە بىتەكرار ھاياجان قوزغايدۇ.

## 2. ئۆزەكداشلىق

ئىشتىقاق «سۆزدىن سۆز ھاسىل قىلىش» مەنىسىدىكى ئەرەبچە ئىبارە بولۇپ شائىر، يازغۇچىلارنىڭ مۇئەييەن غايىۋى ۋە بەدىئىي مەقسەت ئۈچۈن نەزم ياكى نەسردە ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن بىر ئۆزەكتىن كېلىپ چىققان سۆزلەرنى مۇئەييەن دائىرىدە (بېيىت ۋە جۈملىلەردە) ئىشلىتىش سەنئىتىدۇر.

مەسلەن زەلىلىنىڭ 37 ـ غەزىلىنىڭ:

مەن نەۋايى نالەئى نەيدىن ھۇزۇرى تاپمادىم،
ئەرغەنۇنى مەجلىسى ئۇششاق خۇش ئاھەڭدۇر.

بېيىتتىكى «نەۋايى»، «نالەئى» سۆزلىرى ئۆزئارا ماس كەلگەچكە ئۆزەكداش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزەكداشلىق سەنئىتىگە تەۋە. بۇ ئاددىي سۆز ئويۇنى ئەمەس بەلكى شېئىرىي نەپىسلىك ۋە ئاھاڭدارلىق يارىتىدىغان ۋاستە بولۇپ، نەۋايى غەزەللىرىدىكى قاتار بېيىتلارغا بۇ سەنئەتنى تەدبىقلاپ ئۇسلۇب ياراتقان. زەلىلىنىڭ نۇرغۇن غەزەللىرىدىمۇ ئەرەب، پارس ۋە ئۇيغۇرچە ئۆزەكداش سۆزلەر ئىشلىتىلىپ جىنىسداشلىق شەكىللەندۈرۈلگەن.

بۇ قۇلزۇم كارۋانى سەندەلى خۇشبۇي كەلتۈرمىش،
ئانىڭ بويى دەۋايى دارۇيى ئەتتار بولغايمۇ؟

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بەزىدە شېئىرىي مىسرالاردا بىر ئۆزەكتىن ھاسىل بولمىغان، لېكىن شەكلەن بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنىدىغان سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ مەزكۇر سەنئەتنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، جىنىسداشلىقتا ئوخشاشلىق دەپ ئاتىلىدۇ. شائىرنىڭ 44 ـ، 46 ـ، 155 ـ، 159 ـ غەزەللىرىدە بۇ خىل ھالەت كۆزگە چېلىقىدۇ. بولۇپمۇ «ئاشقان» رادىفلىق غەزىلىدىكى مونۇ بېيىت گەۋدىلىك:

ساھىبى دار ئولدى ئەلھەق كىم ئەنەل ھەق دەر ھۇنۇز،
قەترەئى ئىچكەن بىلەن مەنسۇرى جامى ئاشقان.

بۇنىڭدىكى ئەلھەق «ھەقىقەتەن، توغرىسى» دېگەنلىك بولسا، بېيىتتىن مەلۇمكى ئەنەل ھەق مەنسۇر ھەللاجنىڭ «مەن خۇدا» مەنىسىدىكى بىدئەت شۇئارىنى كۆرسەتكەن. يۇقىرىقىدەك بەزى تەرەپلەر بۇ ئۇسۇلنىڭ ھەم مەنىۋى ھەم لەۋزى سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. ئىسىم قاتارلاش

ئەرەبچە «تەدىل» يەنى «توغرىلىماق» مەنىسىدىكى بۇ سەنئەتكە بىز ئۇيغۇرچە شۇنداق ئىسىم قويدۇق. لۇتفى ۋە نەۋايى قاتارلىق كىلاسسىكلار شېئىرىي ئىجادىنىڭ رەڭگارەڭلىكىنى يارىتىشتا باشقا ئۇسۇللار بىلەن تەڭ ئىسىملارنى قاتارلاشتىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. دېمەك، ئىسىملارنى قاتارلاش مىسرا ـ بېيىتلاردا ئات ـ ئىسىملارنى تەرتىپ بويىچە كەلتۈرۈش سەنئىتىدىن ئىبارەت.

نە ھاجەت نالەئى نەي، يا رەبابۇ بەربەتۇ قالۇن،
سۇرۇدى ئەرغەنۇندىن شۇرىشى پەيماندۇر پەيدا.

ئايانكى زەلىلى دىۋانىدىكى «پەيدا» رادىفلىق 2 ـ غەزەلدىكى مەزكۇر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا تۆت خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئىسمى قاتار كەلتۈرۈلگەن. بېيىتتا شائىر بۇ ئۇسۇلنىڭ ۋاستىسىدە لىرىك قەھرىمانىنى «ماڭا نەي، راۋاب، بەربىت ۋە قالۇنلارنىڭ ھاجىتى يوق، ئەرغۇنۇنىنىڭ كۈيى مەندە مەي زوقى پەيدا قىلىدۇ» دەپ سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەرغۇنۇن[1] كۈيىگە بولغان مەپتۇنكارلىق تەسراتىنى نامايان قىلغان. زەلىلىنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇپلۇق غايە ئاساس قىلىنغان «ئەتتىم» رادىفلىق 114 ـ ۋە «بۇگۇن» رادىفلىق 147 ـ غەزەللىرىدىمۇ ئىسىملارنى قاتارلاش سەنئىتى قوللىنىلغان بېيىتلار ئۇچرايدۇ.

نە گەبر، نە تەرسا مەن، نە بەرەھمەنۇ، نە شەيخ،
ھەفتاد دۇ مىللەتتە بىر نۇقتە خىلاف ئەتتىم...
مەن غۇلامۇ مۇترىبۇ ساقىيۇ مەي ئەردىم بۇگۇن،
ھايھۇيى نالەدىن گوياكى نەي ئەردىم بۇگۇن...

ئېنىقكى، شائىر مىسرالارنىڭ بىرىدە ئىسىملارنى قاتار كەلتۈرۈپ شېئىرىي ئوبراز ياراتقان بولسا، ئىككىنچىسىدە كۆڭۈلخۇشلۇق بەزمىسىدىكى مۇڭلۇق كەيپىياتنى ئىپادىلەپ، ئىسىملارنى قاتارلاش سەنئىتىدىن غەزەلدىكى بىر پۈتۈن غايىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلانغان.

## 4. شېئىرىي ماقال

كىلاسسىك بەدىئىياتتا «ئەكىد» دەپ ئاتالغان بۇ سەنئەت ھەم لەۋزى ھەم مەنىۋى ئۇسۇل بولۇپ، ئىلمىي

بەدىئىياتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، چاچما سۆزنى تىزما قىلىپ يېزىشتۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، نەسرنى نەزمىگە ئايلاندۇرۇش سەنئىتىدۇر. شائىرلار پىكىرنى دەلىللەش ۋە ئوخشىتىش قاتارلىق ئېستېتىكىلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆپىنچە ماقالنىڭ مەزمۇنىنى شېئىرلاشتۇرىدۇ. گەرچە بۇنداق بېيىت - مىسرالاردا، ماقالنىڭ مەزمۇنى سىزىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ شەكلى شېئىرىي ۋەزىن تەلەپلىرىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزگىرىدۇ، ئىنىقراقى ئۇ شېئىرغا ئايلىنىدۇ. زەلىلى شېئىرىي ماھارىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن لىرىكىلىرىدا سۆز سەنئىتىنىڭ باشقا تۈرلىرى قاتارى شېئىرىي ماقال سەنئىتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. شائىر «سىنى لەيلىيۇ رەئنادەك» سەترىسى بىلەن باشلىنىدىغان مۇستەقىل بېيىتلىق ساپ سۆيگۈ - مۇھەببەت غەزىلىنىڭ تۈگەللەنمىسىنىڭ ئالدىنقى بېيىتىدا پۈتۈن ئەسەردىكى شېئىرىي پىكىرنى خۇلاسىلەپ مۇنداق يازغان.

يۈرۈپ سوردۇم تەبىبلەردىن نېدۇر بۇ دەردىمە دەرمان،
تەبىب ئېيتۇركى ئەي نادان بۇ دەردۇ بىداۋا دەرلەر.

بېيىتتا شائىر «ئاشىقلىق ساقايماس كېسەل» دېگەن ماقالنى شېئىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق غەزەلنىڭ ئاۋۋالقى قىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن مەنىۋى ۋە مەنتىقىي پىكىرنى خەلق دانىشمەنلىكى ئارقىلىق كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلغان.

ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى پارسا،
رەددى قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر.

دىنىي تەسەۋۋۇپلۇق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن 55 - غەزەلىدىن ئېلىنغان مەزكۇر بېيىتتا بۇزۇلغان، جاھالەتلىك زاماننىڭ رەپتارى ۋە خۇي - پەيلى «ئالىم زالىم بولدى، زالىم ئالىم بولدى» دېگەن ماقال ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ياكى ئۇنىڭدا «سۇ كەلتۈرگەن خارۇ - زار، كوزا چاققان ئەتىۋار» تەمسىلى شېئىرلاشتۇرۇلغان. سۆز سەنئىتىنىڭ بۇ ئۇسۇلىغا دائىر پارچىلەر شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

## 5. تاناسىپ

ئۆرتەنۇرمەن كېچەلەر ھەجرىڭدە ئەنداغكىم چەراغ،
رەۋشەن ئەيلە: رىشتە جىسمىمدۇر، كۆكۈل- ئوت، ئەشك-ياغ.

نەۋايى قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ بېيىتتا تۈننى يورۇتۇش ئىشىغا باغلىق **كېچە**، **چىراغ**، **رىشتە**، **ئوت**، **ياغ** سۆزلىرى بىلەن ھىجران ئىزتىراپلىرىغا ئالاقىدار **ھىجر**، **كۆكۈل**، **جىسم**، **ئەشك** ۋە **ئۆرتەنمەك** ئىبارىلىرى ئۆزئارا باغلىنىپ، ئاشىقنىڭ ئىچكى ئالەمى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. سەككاكى، لۇتفىدەك ئۇيغۇر نەزمىسىنىڭ ساھىبقىرانلىرىمۇ تاناسىپ سەنئىتىنىڭ تەركىبىدە تەبىئىي ھاسىل بولىدىغان تەمسىل ۋە ئوخشىتىشلارنىڭ ياردىمىدە ئۆز غايىۋى پىكرىنى يارقىن ۋە ھاياجانلىق ئىپادىلىگەن. دېمەك، بېيىتلىرىدا مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسىدە ئوبرازلىق ئىپادە، پوئېتىك مەنزىرە يارىتىش سەنئىتى تاناسىب دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد سىددىقنىڭ «كەلدىم» رادىفلىق تۈركۈم غەزەللىرىدە، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپى روھىي پاكلىنىش غايىسىدىكى 127 - غەزەلىدە بۇنداق بېيىتلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز.

**شىكەستە بەستەۋۇ سەرگەشتەۋۇ دىلخەستە ئەۋارە،**
يۈزۈمنى سۈرتۈبان دەرگاھىغە بەس ناتەۋان كەلدىم...
تەرەھھۇم كۆزىن ئاچقايلەر دېبان چەندان ئۇمۇد ئەيلەپ،
**گۇناھكارۇ زەئىفۇ ئاجىزۇ بىخانۇمان كەلدىم...**

قارا خەت بىلەن كۆرسىتىلگەندىكىدەك، ھەر ئىككى بېيىتتا شائىر مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنى جەملەپ، بىر يەردە قوللىنىش ئارقىلىق ئاشىق بىلەن مەشۇق مۇناسىۋەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

زەلىلى لىرىكىسىدا يەنە ئىككى خىل چۈشەنچىگە دائىر سۆزلەرنى توپلاپ، بۇ ئىككى گورۇپپا ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم باغلىنىشقا ئاساسەن ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ۋە قارشى قويۇش ئارقىلىق ۋىسال دەردىدىكى ئاشىقنىڭ قايغۇلۇق ھالىتىمۇ سىزىلغان.

نەۋايى نالەئى نەي بىرلە بىردەم ھەم سۇرۇد ئولدۇم،
كى توفان سەرشكىم چەشمە - چەشمە بولدى رۇد ئولدۇم.

«ئولدۇم» رادىفلىق غەزەلدىن ئېلىنغان بۇ بېيىتنىڭ ئاۋۋالقى مىسراسىدا مۇزىكىغا ئالاقىدار **ناۋا، ناله، نەي، سۇرۇد** قاتارلىقلار بىلەن ئاشىقنىڭ كۆز يېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك **توپان، ياش، بۇلاق، ئېرىق** سۆزلىرى توپلىنىپ، بۇلارنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن لىرىك قەھرىماننىڭ گۈزەل تەسۋىرى يارىتىلغان. شائىر ئىجادىدىكى تاناسىپنىڭ ئۇ قوللانغان ئىشارە سەنئىتى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئالاقىدارلىقىنى بايقايمىز.

## 6. گىرامماتىكىسىزلاشتۇرۇش

ئەنئەنىۋى بەدىئىياتتا «تەغيىر» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇسۇل «ئۆزگىرىش، ئۆزگەرتمەك» مەنىسىدىكى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، شېئىر تەركىبىدىكى بىرەر سۆزنىڭ شەكلىنى يېزىق ۋە تەلەپپۇز جەھەتتىن ۋەزىن ياكى قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن سەل ئۆزگەرتىپ قوللىنىشقا قارىتىلغان. بەزىدە جانلىق تىلدا، يېزىق تىلىدىن پەرقلىق ھالدا نۇتۇقنى ئىخچام، كۈچلۈك ۋە ھاياجانلىق قىلىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن نورمال تىل قائىدىلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئېھتىمال دۇنيادىكى كۆپلىگەن تىللاردىكى بۇنداق ئەقلىغا مۇۋاپىق گىرامماتىكىسىزلىق ياكى «تىل كېسەللىكى» يېزىق تىلىنىڭ تەبىئىي ھالدا ئېغىز تىلىغا مايىللىشىش قانۇنىيىتى ئاساسىدا كېلىپ چىققان. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «ئېپ كەتتى= ئېلىپ كەتتى»، «سېپ كەتتى= سېلىپ كەتتى»... ھازىر تىللار تېز سۈرئەتتە ئىخچاملىنىشقا، ئۆزگىرىشكە ۋە بەلگىلىنىشكە يۈزلەنمەكتە.

زەلىلى شېئىرىيىتىدە ئاز بولمىغان «ۋەلې»، «چۇ، چۈن»، «نې، نە»، «گەر»، «لېك»، «نېتەك»، «ۋەلى»، «چەشم»، «كى»، «تا» قاتارلىق ئىخچام قىسقارتىلغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەر قوللىنىلغان.

خانىقاھ ئىچرە ئەگەرچە سوفىلار ئەيلەر سەماغ،
لېك مەيدانى مۇھەببەتدە قىلۇر دىۋانە رەقس.

شائىرنىڭ «رەقس» رادىفلىق 74ـ غەزىلىدىن ئېلىنغان بۇ بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسرا بېشىدىكى «لېك» ۋەزىن ئېھتىياجى بويىچە «لېكىن» نىنىڭ قىسقارتىلمىسى قىلىنغان. 8 ـ غەزىلىنىڭ مەشھۇر تۇگەللەنمىسىدىكى:

ئەي زەلىلى بۇ نېچۈك سۆزدۇر دىبان ئەيب ئەتمەگىل

مىسراسىدىكى «نېچۈك» ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن «نېمە ئۈچۈن» سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى قىلىنغان. زەلىلى لىرىكىسىدىكى گىرامماتىكىسىزلىقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن سۆزنىڭ مەلۇم بوغۇملىرىنى تاشلىۋېتىپ، تىل قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىرىيەت گىرامماتىكىسىغا ئۇيغۇن يوللۇق قىسقارتىشتۇر.

ھەر بىر بەسى كەرەشمەدىن جىلۋە قىلۇر چىمەن ـ چىمەن،
خىلئەتى سەبزە بىتەدۇر بىستەرى زەئفىران كىز.

«ھەر نازلىق بېقىشىدىن گۈلنىڭ ھىدى كېلىدۇ، (قىزنىڭ) يارىشىملىق كىيىملىرى يېشىلرەڭ تۆشەكلىرى سېرىق ۋە خۇشبۇي كىگىزدۇر» مەنىسىدىكى مەزكۇر بېيىتتىكى قاپىيە «كىز» ئەسلىي «كىگىز» بولۇپ، ئالدى ـ كەينى مىسرالاردىكى **«قىز»، «تېز»، «ئېگىز»** ۋە **«شوّلەرېز»** سۆزلىرىگە قاپىيە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق ئۆزگەرتىلگەن. 60ـ غەزەلدىن ئېلىنغان يۇقىرىقى پارچىغا ئوخشاش 92ـ، 137ـ غەزەللەردىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن **«ھېقىق ـ ئەقىق»**، **«ئانار- نار»** قىلىنغان.

## 7. دەۋرىيە

بۇ غەيرىي تەبىئىي ئۇسۇللاردىن بولۇپ، بەدىئىياتقا دائىر نەزەرىيەۋى ئەسەرلەردە دەۋرىيە ھەققىدە مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئىسمىدىن مەلۇمكى، بۇ ئەدەبىياتتىكى ئىنسان ھاياتى پانىي ۋە باقىيدىن ئىبارەت ئىككى ئالەم ئارىلىقىدا مەڭگۈ دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ، دېگەن دىنىي ـ تەسەۋۋۇپىي قاراشقا

ئاساسلانغان مەنىۋى ئۇسۇلدىن ئىبارەت. بىزدە دىندىن خالىي ساپ ئەدەبىياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغىنىدەك، نەزمە ـ نەسىرلىرىدە ئادەمنىڭ يوقلۇقتىن بار بولغانلىقى ۋە يەنە يوقلۇق ئالىمىگە سەپەر قىلىدىغانلىقى ھەققىدە يازمىغان ئەدىب يوق دېيەرلىك. لىرىكىلىرىدىن قارىغاندا مۇھەممەد سىددىق زەلىلى چوڭ تەسەۋۋۇپ ئەللامىسى بولۇپ، شائىرنىڭ بىر قىسىم لىرىكا ۋە داستانلىرى دەۋرىيە ئۇسۇلى بىلەن باشلانغان. «ئىمامىلەر تەۋپىغە ئۆز ئىختىيارىمدىن قاچان كەلدىم» سەترىلىك غەزىلىدە دەۋرىيە ئۇسۇلىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان.

لەھەد دەرۋازىبانى توسقانىدا مەلۇم ئولغايكىم،
ئۆتۈبدۇر بىخەبەر ئۆمرۈم، قايان باردىم قايان كەلدىم.

يۈكسەك سەنئەتكارلىقنىڭ ئىپادىسى بولغان مەزكۇر بېيىتتا زەلىلى ھاياتنى چۈشكە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن. ھاياتنىڭ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدىكى قىسقا، گۈزگۈلۈقنى مۇبالىغىلىك يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن. لېكىن بېيىتتىكى بەزى مەنىۋى ئامىللار شائىرنىڭ ئۇ ئالەمدىكى يەنى يوقلۇق ئىچىدىكى جەننەتنى ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيادىكى رېئال ھايات مەئىشەتلىرىگە بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشىنى نامايان قىلغان. گەرچە شائىر مەزكۇر دەۋرىيەدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا خاس دىنىي مەزمۇننى ئىپادىلىگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ چەكسىزلىك، ئۆزىدىن ھالقىغاندىكى ئىنكارلىق ۋە ئىلاھىي تۇيغۇلىرىدىن تامامەن مۇستەسنا ئەمەس.

كوھنە لەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئالىب ئۆتەر بىردەم، سەن بۇ دەم غەنىمەت تۇت.

دەۋرىيەدە شائىر ھاياتنىڭ خۇددى بىر ئۆتەڭدە ئازراق توختاپ ئىككىنچى ئۆتەڭنى مەنزىل قىلغان كارۋاندەك توختىماي كۆچۈپ تۇرىدىغانلىقىنى دىنىي پەلسەپە دائىرىسىدە ئەنئەنىۋى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئامىباب ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ئىنسانغا بىرلا قېتىم كېلىدىغان ھايات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇش ھەققىدىكى تەلقىنلىرىدىن شائىرنىڭ 18 ـ ئەسىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل سوپىزمدىن ئىلغارلاشقان تەسەۋۋۇپ تامان بۇرۇلغان رېئاللىستلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. دەۋرىيە غەزەلدىن باشقا لىرىك تۈرنىڭ قەسىدە ۋە مەسنەۋى شەكىللىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ئورگانغا ئوخشايدىغان چالغۇ ئەسۋاب. شېئىرلىرىدىن قارىغاندا شائىر بۇ چالغۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەن.

## پايدىلانمىلار

1. «زەلىلى دىۋانى» (ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
2. نەۋايى: «خەزايىنۇل ـ مەئانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
3. «ئىبراھىم مۇتىئى ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.
4. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.
5. ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1190 ـ يىلى نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 016 ـ 01(2014) 5878 ـ 1005

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى يانداش پېرسوناژلار ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى ئۇچۇرلار ھەققىدە*

ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور پەندى ـ نەسىھەت، ئەقلىيە سۆزلەر ۋە پەلسەپىۋى شېئىر قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بولغان تونۇشىنى ئىپادىلەش جەريانىدا ئەسەردە بىزگە نۇرغۇن يانداش پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىدىن ۋاسىتىلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. ماقالىدە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى يانداش پېرسوناژلار ئوبرازىدىن ھېس قىلىنىدىغان ئۇچۇرلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە يانداش پېرسوناژلار ئوبرازىغا قانداق قاراش توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «قۇتادغۇ بىلىك»؛ يانداش پېرسوناژلار؛ جەمئىيەت ئۇچۇرلىرى

**摘要：** 《福乐智慧》是 11 世纪维吾尔诗歌艺术的典范，在此作品中作者以格言、哲学诗歌等形式来表达自己对当时社会的观点。同时利用主、次要人物角色来间接地传达当时社会的基本情况。本文主要探求《福乐智慧》长诗中的次要人物形象所体现的社会信息，讨论怎样理解长诗中的次要人物形象问题。

**关键词：** 《福乐智慧》；次要人物角色；社会信息

**Abstract:** The "Happiness and Wisdom" is one of the representative masterpieces of 11th century's Uyghur literature. In this masterpiece, the author expresses his own idea and his philosophy by using motto and poetry. Meanwhile, he also uses major and minor characters to imply the basic circumstances of the society. This thesis mainly explores the social information by studying minor characters from "Happiness and Wisdom", and discusses how to understand the minor characters of this masterpiece.

**Keywords:** "Happiness and Wisdom" ; minor character; social information

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن ياكى ئېلىمىزدە بولسۇن نۇرغۇن ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇتقا چىقاردى ھەمدە بۇ ئەمگەكلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تىلى، ئىدېئولوگىيەسى، دۇنيا قارىشى... ئىشقىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەشۇ دەۋر جەمئىيىتىنى كۆپ تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى.

«ئەدەبىياتنى ئىدىيە ۋە پەلسەپە تارىخىنىڭ بىر خىل خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل تارىخى بىلەن پاراللېل بولىدۇ ھەم ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەيلى ئېنىق بايانلار ياكى ۋاسىتىلىك مېتافورا بولسۇن، ھەممىسى كۆپىنچە ھاللاردا شائىرنىڭ مەلۇم بىر خىل پەلسەپىگە سادىق ئىكەنلىكىنى ياكى مەلۇم بىر داڭلىق پەلسەپىدە بىۋاسىتە بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ ئۇ پەلسەپىنىڭ ئومۇمىي قاراشلىرىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ»[1]. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنى يورۇتۇپ بېرىشكە خىزمەت

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن(1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، ژۇرنالچىلىق ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قىلدۇرۇلغان پېرسوناژلار ئوبرازىغا مۇجەسسەملەنگەن ئىدىيە، ئوي-پىكىرلەرمۇ يۇقىرىقى ئىلمىي خۇلاسىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئەسەر تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن تۈرلۈك نۇقتىلاردىن خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلىندى، ئەسەرنىڭ نەسرىي يەشمىسى، ھەتتا ئاۋازلىق نۇسخىسىمۇ ئىشلىنىپ ئاۋامنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەسەردىكى ياندىاش پېرسوناژلار ئوبرازى ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئۇچۇرلار ئۈستىدە ئىزدىنىش داستاننىڭ ئۇسلۇبىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىشتا، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ياكى زاماندىاش بولغان خان، بەگ، ئەسكەر بېشى، شائىر، ئەدىب، جامائەت ئەربابى، ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنىڭ سۆزلىرىگە دائىر تەسۋىرلەر ئارقىلىق پىكىرلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان، ئىدىيەۋىلىكىنى ۋە بەدىئىيلىكىنى يۇكسەلدۈرگەن. داستاندا تىلغا ئېلىنغان «دانا ھەكىم، ئالىم، ئەل بېگى ئالىم، بىلىم بەرگۈچى، ئوردۇ بېگى، ياغما بېگى، ئىلى بېگى، ئىلى كاتىپى، ئۈچ ئوردا خېنى، تاجىك ئالىمى، بۆكە يابغۇسى» قاتارلىق ياندىاش پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنى پىروتوتىپ ئاساسىدا يارىتىلغان ئوبرازلار دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە قارىغاندا، باشقا ياندىاش پېرسوناژلار ئوبرازىغا (مەسىلەن: شېئىر ئېيتقۇچى، خىزمەت بىلەن ئارزۇ-تىلەك تاپقان ئەر، كۆيۈمچان كىشى) نىسبەتەن كونكرېتراق ئاتالغانلىقى كىشىگە مۇشۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقى بىر ياقتىن شېئىردىكى ۋەزىن، قاپىيە ئېھتىياجىدىن دەپ قارالسا، يەنە بىر ياقتىن، ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ ئوبرازلارنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن سۆزلەرنىڭمۇ شائىرنىڭ تاللاش، تاۋلىشىدىن ئۆتكەن، ئوبرازلارنىڭمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىككى بۈيۈك ئەسەر توغرىسىدىكى ھەر تەرەپلىمە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەيلى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بولسۇن ياكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بولسۇن، ئەسەر يېزىلىۋاتقان مەزگىلدە زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار بولغان مەدەنىيەتنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولمىغان قەدىمىي ھەم ئۇلۇغ بىر مەدەنىيەتنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. دوكتور رىشات گەنج بۇ ھەقتە توختىلىپ : «بۇنىڭغا زاماندىاش ئىككى بۈيۈك ئالىمنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. مەھمۇت كاشغەرىي ئەرەبچىگە، ئىسلام مەدەنىيىتىگە كامىل بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئەرەب فىلولوگىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاسترونومىيە، خىمىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكىغا ئوخشاش تەبىئىي پەنلەرگە ئاشىق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇ، ئالىملارغا ئېۋكىلىدنىڭ گېئومېترىيەسىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ... شەرقىي قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى تەلىم-تەربىيە ئەھۋالىدىن تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىساقمۇ، غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بوغراخان ئىبراھىم ( 1046 ــ1067- يىللار) نىڭ سەمەرقەنتتە ياساتقان مەدرىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەم ياتاقلىق ھەم ئوقۇش پۇلى ئېلىپ ئوقۇشى بەلكىم دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئوقۇش پۇلى ئېلىپ ئوقۇغان تارىخىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك»[2] دەپ يازىدۇ. ئەنە شۇنداق جەمئىيەت شارائىتى ئەسەردە شۇنچە كۆپ كەسىپكارلار ئوبرازلىرىنىڭ يارىتىلىشىدىكى تاشقى ئامىل، چۈنكى ئەدەبىي ئەسەر رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئىنكاسى.

شائىرنىڭ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، دىداكتىك پىكىرلىرىنى داستاندىن ئىبارەت ئەدەبىي ژانىر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن تىپىك پېرسوناژ ئوبرازلىرىدىن پادىشاھ كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىش، زاھىت ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. مەلۇمكى، ئەدەبىي تۈرلەر ئىچىدە داستاننى شېئىرىيەتكە نىسبەتەن نەسرىي ئەسەرلەر ئىچىدىكى رومانغا تەققاسلاش مۇمكىن. سەھىپە ئىمكانىيىتى بولغاچقا

ئۇنىڭدىمۇ خۇددى روماندىكىگە ئوخشاش كۆپ ساندا تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بېرىشكە ياردىمى بولىدىغان يانداش (قوشۇمچە) پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، تېخىمۇ كەڭ ھەم مۇرەككەپ ئوي-پىكىرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاپتور ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان ئىدىيەنى يورۇتۇپ بېرىشكە ياردىمى بولىدىغان تۇرمۇش دېتاللىرىنى تاللاپ، ئۇنى تاۋلاپ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۇرمۇش ئەتراپلىق ئۆگىنىلمەي، پۇتۇنلەي بەدىئىي توقۇلمىغىلا تايىنىلسا، ئەسەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ قېلىشى، ئەسەر جانسىز، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى تۆۋەن بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاپتورنىڭ ئۆگەنگەن ئىجادىيەت خام ماتېرىياللىرى ئىچىدە تۇرمۇشتا ھەقىقىي بولغان ئادەم ۋە ۋەقەلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئەدىبنىڭ يۇغۇرۇش، تاللاش، تاۋلاشلىرىدىن ئۆتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئەسەردىكى پېرسوناژلار تىلىدىن ياكى ئاپتور تىلىدىن بېرىلگەن سۆزلەرنى تامامەن مەلۇم مەنبەگە ئاساسلانغان دەپ ئېيتىشقىمۇ، پۇتۇنلەي يازغۇچىنىڭ ئىجادىي پىكىرلىرىنىڭ پېرسوناژ تىلىدىن بېرىلىشى دەپ كېسىپ ئېيتىشقىمۇ بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت يازغۇچى كۆرگەن ئەسەرلەردىن ئالغان تەسىراتلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئىگىلىگەن ئىجادىيەت خام ماتېرىياللىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن.

مۇشۇ مەنىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئوبرازلارمۇ شۇنداق. ئۇنىڭدىكى «كۆڭلى ئويغاق كىشى، شائىر، نەپسىنى يىغقان كىشى، خىزمەت بىلەن تېلىككە يەتكەن ئەر، قانۇن تۈزگۈچى، يۇرت بېشىغا مەسلىھەت بەرگۈچى، قانۇنغا رىئايە قىلغۇچى، بىلىم بىلەن ئەزىز بولغان ئەر، يوسۇنلۇق كىشى» دېگەنگە ئوخشاش يانداش پېرسوناژلار ئاپتور دۇنيا قارىشىنىڭ بەدىئىي ئوبراز تىلىدىن بېرىلىشى بولۇپ، بۇنىڭغا دائىر ئەينى دەۋردىن قالغان ماتېرىياللار بولغان تەقدىردىمۇ ئەسەردىكى ئوبرازنىڭ ئەينىنى شۇ ئەسەرلەردىن تاپقىلى بولۇشى ناتايىن، چۈنكى پېرسوناژلار تىلىدىن بېرىلگەن سۆزلەر شائىرنىڭ ئىدىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغان، بەدىئىيلىك جەھەتتىن تاۋلاش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن بولىدۇ.

ئەسەردە «ئۆتتۈكەن بېگى» بەگلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ كۆرسىتىلىپ، ئۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قەدىمدىن كېلىۋاتقان ياخشى پەزىلەت، ئېسىل ئەخلاقنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى، شانلىق ئۈلگە سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئۆتتۈكەن بېگى» ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى تامىر دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا جايلاشقان ئۆتتۈكەن تېغىنى ماكان قىلغان قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىن ئېلىنغان ئېنىقلىما بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆتتۈكەننى ياد ئېتىش بىلەن ئۆزلىرىدىن ئاۋۋالقىلارنىڭ ئۆتتۈكەندە سەلتەنەت سۈرگەن شانلىق تارىخىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يورۇتۇپ بېرىلگەن[3].

«ئۆتتۈكەن بېگى» توغرىسىدىكى مەدھىيە تەسۋىرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قويۇق ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشى بولۇشىغا قارىماي، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك كىشىسى، پەيلاسوپ، شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن 1000 يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، مىڭئۆيلەردىكى تام سىزمىلىرىنىڭ كۆزىنى جىجىۋەتكەن كىشىلىرىمىزنى ئويلاندۇرالايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، تارىخىي ماتېرىياللاردىن شائىر مەدھىيەلىگەن «ئۆتتۈكەن بېگى»نىڭ ئەجدادلىرىمىز كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان دەۋردىكى بەگ ئىكەنلىكى مەلۇم[4].

دېمەك، «ئۆتتۈكەن بېگى» تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت توغرىسىدا خاتىرىلەر بولغان بولۇشى، شائىرمۇ شۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما «قۇتادغۇ بىلىك» ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئۆتتۈكەن بېگى» ئوبرازىغا

يۈكلەنگەن پىكىرلەر ھازىرقى ئۇقۇمدىكى «ئىستاتا» دەپ چۈشىنىلسە، ئەسەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنى، «ئۆتتۈكەن بېگى» نىڭ تىلىدىن بېرىلگەن سۆزلەر شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە خاس ئېڭى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تاۋلانغان، چۈنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تەلىپى شۇنداق. ئەسەردە «ئۆتتۈكەن بېگى» توغرىسىدا مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

1962 ئىشىتكىن، ئۆتتۈكەن بېگى نېمە دەر،
سىناپ ھەم سۆزنى بىلىپ قىلغان ئەر.

تۆۋەندىكى بېيىت «ئۆتتۈكەن بېگى» دېيىلگەن بەگنىڭ سۆزى:

1963 خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك،
كۆڭۈل، تىل تۈز، خۇلقى ئۈز بولماق كېرەك.

تۆۋەندىكى بېيىتلار بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەردىكى «ئۆتتۈكەن بېگىنىڭ سۆزى» گە بەرگەن «شەرھى» سى:

1964 ئاقىل ھەم بىلىملىك، ئەل سۆيەر تېخى،
كۆزى توق، دىلى كەڭ، ھەم بولسۇن سېخى.

1965 قىلىشقا ياخشىلىق قول ئۇلسۇن ئۇزۇن،
ئۇياتچان، سىلىق ھەم قىلىقى ئۇزۇن.

1966 بەگ شۇنداق بولسا، ئەلگە لايىق ئۇلۇغ،
ئۇنىڭدىن كېلەر ھەم بىر ياخشى ئۇرۇغ.

1967 بىلىم بىرلە باشلار ئەر ئىشنىڭ بېشىن،
ئەقىل بىرلە قىلسا ھەم ئوڭلار ئىشىن.

1968 بىلىم بىرلە تۇتار ئېلىنى بېگى،
بىلىم بولمىسا، ئىشقا يەتمەس ئۆگى.

1969 گەر ئىشتا يېڭىلسا بەگلەر، ئەي خاقان،
بۇ بەگلىك كېسەلدۇر، داۋالا شۇئان.

1970 داۋاسى بۇ دەرتنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم،
داۋالا ئەقىللە، خۇلقى مۇلايىم.

1971 ئەقىل ھەم بىلىم بەگكە بەكمۇ كېرەك،
داۋالار كېسەلنى شۇلار بىرلە بەك.

1972 بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا ئەلچى خان،
بولۇر ياخشى ئۇرنى ھەر ئىككى جاھان.

1973 ھەر ئىككى جاھانلىقنى تاپقان كىشى،
بولۇر كۆپ بەختلىك، سائادەت بېشى.

دېمەك، ئەسەردە شائىر دىداكتىك پىكىرلىرىنى ئوبراز ۋاستىسىدە ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن ئاۋۋال ئوبراز تىلىدىن بېرىش، ئاندىن ئۇ مەزمۇننى شەرھلەش شەكلىدە بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئەدەبىي ئەسەردە ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى بەدىئىي ئوبراز ۋاستە قىلىنمىسا ئەسەرنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان تەسىرى كۆپىنچە مەۋھۇم، قۇرۇق بولۇپ قالىدۇ. ھېچقانداق بەدىئىي تۇس بېرىلمەي، توغرىدىن - توغرا دېيىلگەن پىكىرنى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغاندىلا شېئىرنىڭ بەدىئىي قىممىتى ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر داستاننى يېزىشتا باشتىن-ئاخىر ۋەز-نەسىھەت قىلىشقا بېرىلىپ كەتمەي، پىكىرلىرىنى تۆت تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، باياننى تېخىمۇ كونكرېتلىققا ئىگە قىلىدىغان يانداش (قوشۇمچە) پېرسوناژلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق ياخشى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. تۆۋەندە قارا خەتتە بېرىلگەنلەر ئەسەردىن تاللاپ ئېلىنغان يانداش پېرسوناژلار:

233 نېمە دېدۇ ئاڭلا **كىشى ياخشىسى**:
تىنارلىق، ماڭارلىق ئاخىر ئۆلگۈسى.

261 نېمە دېدۇ ئاڭلا بىلىملىك كىشى،
جاھاندا سىنالغان، يېتىلگەن كىشى:

333 ئىشىتكىن، نىچۈك قىلدى **ئالىم خىتاب**،
بەختلىك كىشى ماڭ بۇ سۆزگە قاراپ:

463 نېمە دەر ئىشىتكىن مۇلايىم كىشى،

سىناپ ئالغۇچى قولغا دۆلەت ئىشى،

412 بۇڭا ئوخشاپ كېلۇر بىر **شائىر** سۆزى،
ئوقۇسا ئېچىلغاي ئوقۇغۇچى كۆزى:

445 نېمە دېدۇ ئاڭلا، جاھان تۇتقان ئەر،
يىغىنى سەگەكلىك بىلەن ئۇتقان ئەر:

452 نېمە دەر، ئىشىت، ئەمدى **كۆڭلى ئويغاق،**
سۆزىدە چېچەكتەك تۇمەن مىڭ بوياق:

602 نېمە دېدۇ، ئاڭلا، **بەخت قۇچقان** ئەر،
قۇتى بىرلە ئارزۇسىغا يەتكەن ئەر:

691 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى بىر **قەھرىمان،**
بۇ سۆزگە گۇۋاھدۇر مەنىسى ھامان:

723 نېمە دەر ئىشىت، **كۆپنى كۆرگەن قېرى،**
قېرىلار سۆزىدۇر ئۇ سۆز گۆھىرى:

820 مۇنىڭدەك دېدى سۆز **ئەقىللىق كىشى،**
كىم ئاقىل سۆزىن تۇتسا تۇزىلەر ئىشى.

946 نېمە دېدۇ، ئاڭلا، خىزمەت قىلغان ئەر،
**خىزمەت بىرلە ئارزۇ – تىلەك تاپقان ئەر:**

965 نېمە دەر ئىشىتكىن **ئۆزىن يىققان ئەر،**
ئىسەن – تېچ ياشايدۇ ئۆزىن باسقان ئەر:

1063 نېمە دېدۇ ئاڭلا **ئۆزى پاك كىشى،**
ئۆزى پاك كىشى ئۇكىشىلەر بېشى:

1076 ئىشىت، **ئەل بېگى بىر ئالىم** نېمە دەر،
كىشى ياخشىسى، خەلقنى باشلار ئەر:

1133 نېمە دېدۇ ئاڭلا ئىتتىك كۆزلۈك ئەر،
كىشىگە كۆيۈمچان دۇرۇس سۆزلۈك ئەر:

1163 بىر تۇركىي ۋەزىر بەك ياخشى دەپتىكەن،
كۆرەر كۆز يورۇغى ئوغۇل – قىز ئىكەن:

1181 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى **شېئىر ئېيتقۇچى،**
ئوقۇغىن بۇنى سەن، ئايا بىلگۈچى:

1191 نېمە دەر، ئىشىتكىن، **كۆزى توق كىشى،**
تۇزۇ ـ نان ئىگىسى، سېخى ئەر بېشى:

1266 نېمە دەر ئىشىت بىر **تەقۋادار كىشى،**
تەقۋادار كىشى ئۇ، كىشىلەر بېشى:

1290 نېمە دەر ئىشىت سەن، **خۇيى توغرا ئەر،**
ھەر ئىككى جاھاندا ئۇ ئەر بەخت كۆرەر:

1357 نە دېدۇ ئىشىتكىن، كۆيۈمچان كىشى،
كۆيۈمچانلىق ئېرۇر كىشىلىك بېشى:

1447 **ئۆلۈش ھالدا تۇرغان تىرىك** نېمە دەر،
ئۆلەردە ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئەر:

1523 نېمە دەر ئىشىت ئەمدى كۆڭلى كونى،
**غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان كىشى:**

1594 نە دېدۇ ئۇچ **ئوردۇ بېگى** ئاڭلىغىل،
بىلىپ سۆزلىمىش سۆز، ئىشلىتىپ ئەقىل:

1673 **بېخىل** ئۆزرە بىلىم نەدەر بۇنى ئۇق،
ئەي بەختسىز، بىچارە، ئەي قولى يوموق:

1758 پۇتۇن ئىشقا ئەقلى، بىلىمى يەتكەن،
بۇ **ياغما بېگى** بەكمۇ ياخشى دېگەن:

1779 نېمە دەر ئۇ **ئىلى بېگى** ئاڭلىغىن،
بۇ سۆز مەنىسىن سۆزگە ئۇل ئەيلىگىن:

2095 نېمە دېدۇ ئاڭلا **بىلىم بەرگۈچى،**
بىلىمسىزنى مەيدىن سۆكۈپ توسقۇچى:

2196 ئىشىتكىن، نېمە دەر **قانۇنلۇق كىشى،**
قانۇنلۇق كىشى ئۇ بولۇر ئەل بېشى:

2696 ئىشىتكىن، نېمە دەر **ئىلى كاتىبى،**
ئەجەپمۇ ياخشىدۇر يېزىش ئۇسلۇبى:

2745 نېمە دەر، ئىشىت، بۇ **سودىگەر بېشى،**
جاھاننى كېزىپ مالنى يىققان كىشى:

2809 نېمە دېدۇ، ئاڭلا، **سېخىلەر بېشى،**
بۇنى تۇت دىلىڭدە، ئەي يوقسۇل كىشى:

2892 نېمە دەر **بىلىملىك ھېكىم،** دىققەت ئەت،
تاماقنى ئاستا يە، گېلىڭنى كۈزەت:

2935 ئىشتكىن، **ئەقىللىق كېڭەشچى** نەدەر،
كېڭەشتە بەگ ئالدىغا ئۇنچە تۆكەر:

2941 نەدەر **خاس كېڭەشچى دانا**، ئاڭلىغىن،
ئۇنۇتماي، ئوقۇپ ھەم يېزىپ ساقلىغىن:

2966 نېمە دېدۇ، ئاڭلا، **ئۈچ ئوردا خېنى**،
ئەل ئىچرە تاللانغان، كىشىلەر چىنى:

3126 ئىشتكىن، نېمە دېدۇ **ئەمدى خاقان**،
ئېلىپ ئەل قولىغا، جاھان سورىغان:

3244 ئەجەپ ياخشى دەپتۇ **كىشىلەر خىلى**،
ئۇ ئەر كىم، كىشىگە كۆيۈمچان دىلى:

3265 نېمە دەر ئىشتكىن، **تاجىك ئالىمى**،
ئۇنىڭكىم ئېدۇر زور شۆھرەتتە نامى:

3420 نە دېدۇ ئىشتكىن، **پەزىلەتلىك ئەر**،
پەزىلەت بىلەن ئەر تىلەككە يېتەر:

4082 نە دېدۇ ئىشتكىن، **قانۇن تۈزگۈچى**،
قانۇن بىرلە بەگلىك ئىشىن قىلغۇچى:

4170 نە دېدۇ، ئىشتكىل، **خىزمەت قىلغۇچى**،
نىزام بىرلە دەرگاھ ئىشىن تۈزگۈچى:

4240 **بىلىملىك مۇشاۋۇر** خوپ بەردى بىلىم،
بولۇر ئېھتىياتچان ئوقسا ئالىم:

4309 تولا ياخشى دەپتۇ **قانۇن بىلگەن ئەر**،
نىزام - قانۇن بىلەن ئەلنى تۈزگەن ئەر:

4588 نېمە دەر ئىشتكىن، **گېلىن يىغقۇچى**،
ئۆزىنىڭ گېلىنغا ئىگە بولغۇچى:

4604 تولا ياخشى ئېيتقان **يوسۇنلۇق كىشى**:
يوسۇن بىلسە ئىنسان بولۇر تۆر بېشى.

4631 نېمە دېدۇ **تىۋىپ**، سۆزىن ئاڭلىغىن،
قوزام، مەنىسگە ئەمەل ئەيلىگىن:

5213 نە دېدۇ ئىشتكىن بىلىم تاپقان ئەر،
**بىلىم بىرلە ئەلدە ئەزىز بولغان ئەر**:

5325 ئىشتكىن، ئۇ **ئېسىل بۇيۇك** نېمە دەر،
كۆيۈمچان سۆزىن تۇتسا پايدا تېگەر:

5349 نېمە دېدۇ ئاڭلا، **ھالال يېگەن ئەر**،
تەقۋالىق بېشىدۇر ھالال دېگەن ئەر:

5461 ئىشتكىن، **بىر لەشكەر بېشى** نېمە دەر،
ھاياتىنى بەگ ئىشىغا بەرگەن ئەر:

5523 نېمە دېدۇ ئاڭلا **بۆكە يابغۇسى**:
ئاجىزلار بېيىسا باش ئەگمىگۈسى.

5651 نېمە دېدۇ ئاڭلا، **پەيغەمبەر** - نەبى،
كېڭەش – ھەممە ئىشنىڭ داۋاسى - ئەمى:

5754 جاھاننى كېزەرچى قىتان كارۋىنى -
**ئۇ سارتلار بېشى**، نەدەر ئىشت ئۇنى

6020 نېمە دەر ئىشتكىن، **چۇش ئۆرۈر ھېكىم**،
سوراسۇن ئۆزى چۇش كۆرگەن بولسا كىم:

ئەسەردىكى ئوبرازلار ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىن باشقا مەنبەلەردە كۆزگە چېلىقمايدىغان ياكى ھازىرغا قەدەر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان بەگلىك، بەگ، خانلىق، خانلارنىڭ ناملىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئالايلۇق، «ئۈچ ئوردو بېگى» دېيىلگەن بەگنىڭ سۆزى تۆت يەردە ئۇچرايدۇ. بىراق، «ئۈچ ئوردو بېگى» ھەققىدە: «ئۈچ ئوردو بېگى» تۇرغان بەگلىك، ئۇنىڭ ئورنى، دائىرىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ھازىرغا قەدەر مەلۇم ئەمەس. «ئۆتۈكەن بېگى» دېيىلگەن بەگنىڭ سۆزى تۆت يەردە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدىن باشقا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە: «ئۆتۈكەن — تاتار (موڭغۇل) دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن»[5] دېگەن مەلۇمات بار. «ئىلى بېگى» ياكى «ئىلى بەگلىكى»گە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر 6 يەردە ئۇچرايدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بولسا، 12 ھايۋانلىق مۆچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مەلۇمات بار. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خانىنىڭ پىكرى بويىچە ياۋايى ھايۋانلار ئىلى دەرياسىغا قوغلىنىدۇ. ئۇلاردىن 12 خىل ھايۋان ئالدى بىلەن ئىلى دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ ھايۋانلارنىڭ سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن تەرتىپى بويىچە ئون ئىككى ھايۋاننىڭ

نامىنى 12 يىلغا نام قىلىپ قويىدۇ. گەرچە بۇ ھەقتە قىسمەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلى رايونىدا «بەگلىك» نىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇماتنىڭ يوقلىقى سەۋەبلىك، 12 مۆچەل ھەققىدىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇرلىشالمىغان ياكى 12 مۆچەل ھەققىدىكى بايان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر قاتارىدا ھېسابلانغان. ئەمدى 12 مۆچەل ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا «ئىلى بەگلىكى» گە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ بولغانلىقى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە 12 مۆچەلنىڭ بېرىلىشىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلساق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا ئىلى ۋادىسىدا بىر بەگلىكنىڭ بولغانلىقىدەك ئۇچۇرغا ئىگە بولالايمىز.

بۇ قىسقا ماقالىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئوقۇش جەريانىدا خاتىرىلەپ ئېلىنغان ياندىش پېرسوناژلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى كۆرسىتىلدى، ئەسەردىكى ئوبرازلارنى تاللاشتا تەكرار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ياردىمىدە پەرقلەندۈرۈپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئوخشاش تۈرگە تەۋە بولغان ئوبرازلارغا بىر تۈر، بىر كاتېگورىيە دەپ قارىلىپ بىرىلا ئېلىندى. ئېھتىمال، دىققەتسىزلىكتىن بەزىلىرى بۇ قاتارغا كىرگۈزۈلمەي قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## ئىزاھلار

[1] رېنى ۋېلېك، ئوستىن ۋارېن(ئامېرىكا): «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 278 ـ ، 279 ـ بەتلەر.
[2] رىشات گەنج: « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى، 266 ـ 269 ـ بەتلەر.
[3] «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە قۇتادغۇ بىلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، 618 ـ ، 619 ـ بەتلەر.
[4] يۇقىرىقى كىتاب 619 ـ بەت.
[5] مەھمۇت كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم 944 ـ ، 254 ـ بەتلەر.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 08 - 023 - 01(2014) 5878 - 1005

# يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان سەممىيەت تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە مۇلاھىزە*

جۆرئەت ئىسمايىل

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەخلاقىي پەزىلىتى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى. مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تېزلىتىلىشىگە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتىگە ئەگىشىپ، پۇقرالارنىڭ سەممىي بولۇشتىن ئىبارەت ئەخلاق ساپاسىغا يېڭى تەلەپلەر قويۇلدى. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەممىي بولۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش، ئۇلارغا بولغان سەممىيەت تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ساپا تەربىيەسىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تېمىغا ئايلاندى. بۇ ماقالىدە نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەممىي بولۇش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر بىر قەدەر ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى؛ سەممىي بولۇش؛ ساپا تەربىيەسى؛ تەدبىر

**摘要**：诚实守信是人类古老的道德操守，也是中华民族的传统美德。随着我国加快完善社会主义经济体制和为全面建成小康社会而奋斗的新形势，对公民诚信道德素质提出了新的要求。因此，研究大学生诚信状况，注重大学生诚信教育，已成为高校加强大学生素质教育的重要议题，本文立足于新形势下大学生诚信缺失的现实，借鉴社会学、心理学等理论成果和观点，分析了大学生诚信缺失的原因，对新形势下进一步加强高校的大学生诚信教育提出了相应的对策。

**关键词**：大学生；诚信守信；素质教育；对策

**Abstract:** Integrity has been one of the valuable manners since ancient society, and it is one of the most traditional virtues for Chinese people. The modern society demands new and higher level of the quality of integrity for the need of establishing China's socialist economic system and well-off society. Therefore, the study of university integrity education is become an important issue of university students' quality-oriented education. Based on the phenomenon of modern college students' lack of creditability, this thesis analyzes the cause of this phenomenon from aspects of sociology and psychology then provides several measures to improve their integrity.

**Keywords:** college student; integrity; quality-oriented education; measures

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G41　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا سوتسىيالىستىك كۈچلۈك مەدەنىيەت دۆلىتى

---

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 12- ئاينىڭ 15- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2013- يىللىق دوكتورلار تەتقىقات فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

**ئاپتور:** جۆرئەت ئىسمايىل (1973 - يىلى 7- ئايدا تۇغۇلغان ) لېكتور، پارتىيە خىزمىتى ۋە ئىدىيە - سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكى چوڭقۇر شەرھلىنىپ، مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ئەخلاق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تەربىيە ۋە تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەمۇرىيەت سەممىيىتى، سودا سەممىيىتى، ئىجتىمائىي سەممىيەت ۋە قانۇن يۈرگۈزۈش ئىناۋىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىنسانىي غەمخورلۇق ۋە پسىخىكىلىق يېتەكچىلىككە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىيالايدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە مۇلايىم بولۇشنى قۇۋۋەتلەيدىغان، پائال ئالغا ئىنتىلىدىغان ئىجتىمائىي روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم». بۇ كۆرسەتمىدە، پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش يۈكسەكلىكىدە، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسىپ ئەخلاقى، ئائىلە ئەخلاقى ۋە شەخسىي پەزىلەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە يېڭى دەۋر كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئورتاق سەممىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناۋەت سىستېمىسىنىڭ تۈرغۇزۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بايان قىلىنىپ، سەممىيەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدى. شۇڭا يۇقىرىقى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ ۋە ياخشى ئىگىلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سەممىي بولۇش جەھەتتىكى تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تولۇق تونۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە يېڭى دەۋر كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سەممىي بولۇش جەھەتتىكى تەربىيەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سەممىي بولۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئەتراپلىق ئىگىلىشىمىز لازىم. سەممىي بولۇش دېگىنىمىز سۆز بىلەن ھەرىكىتى، ئىدىيەسى بىردەك بولۇشنى، ياسالمىلىق قىلماسلىقنى، سۆزلىگەندە، ئىش قىلغاندا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ۋە لەۋزىدە تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. سەممىي بولۇش بىلەن گېپىدە تۇرۇش ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك، سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى، لەۋزىدە تۇرۇش ــ سەممىي بولۇشنىڭ ئىپادىسى، چىن كۆڭلىدىن سەممىي بولۇپ، كىشىلەرگە راستچىل مۇئامىلە قىلغاندىلا، لەۋزىدە تۇرغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن سەممىي بولۇش بىلەن لەۋزىدە تۇرۇش ئادەم بولۇشتىكى ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ ئاساسىي پەزىلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئوقۇغۇچىلارغا سەممىي بولۇش جەھەتتىكى تەربىيەنى كۈچەيتىشكە قارىتا يېڭى ۋە يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. سەممىي بولۇش سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ سەممىي بولۇش ئېڭىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلىم قۇرۇلمىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئەڭ جەڭگىۋار، ئەڭ ئىجادكار، ھاياتىي كۈچكە ئەڭ باي ئىجتىمائىي گەۋدە بولۇپ، سەممىي بولۇش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىز جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇۋاتقان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى كەڭ، چوڭقۇر يولغا قويۇۋاتقان شارائىتتا، تۈرلۈك ئىدىيە، مەدەنىيەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ، جەمئىيەتتىكى بەزى ساھەلەردە ئەخلاق بۇزۇلۇش، سەممىيەت كەم بولۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولماقتا، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ غايىۋى ئىشەنچىسى سۇسلىشىپ كەتتى. كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى بۇرمىلاندى، ھەق ـ ناھەق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك گۈزەللىك ـ رەزىللىكنى ئايرىمايدىغان بولۇپ قالدى، چېكىدىن

ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئاز- تولا باش كۆتۈرۈپ قالدى. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىغا توغرا كەلمەيدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سىغىشالمايدىغان بۇنداق مەسىلە ۋە ھادىسىلەر جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئەخلاق ئۆلچىمىگە ھۇجۇم قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ۋىجدانىنى سىناۋاتىدۇ. يۇقىرىقىدەك مەسىلە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بەزى مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر بولۇپ، بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا، شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا سەممىيلىك كەم بولۇشنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى

گەرچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەممىي بولۇش ئەھۋالى ئومۇمىي جەھەتتىن ساغلام يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەممىي بولۇش ئەخلاقى مىسلىسىز خىرىسقا دۇچ كېلىپ، سەل قاراشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. سەممىيەت كەم بولۇش ئەھۋاللىرى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولماقتا، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1) سەممىيەت پىسخىكىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر**

بىرىنچى، سەممىي بولۇشنى تونۇش بىلەن ھەرىكەتتە بىردەك بولماسلىق. كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، دوستانە ئۆتۈش قاتارلىق ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە قىممىتىنى تونۇغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ھەرىكىتىدە باشقىچە يول تۇتقانلىقتىن تونۇشى بىلەن قىلغان ئىشى بىردەك بولماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

ئىككىنچى، ھېسسىياتتا سەممىي بولۇش ئىشەنچىسى يېتەرلىك بولماسلىق. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە سەممىي بولۇش ئاساسىي ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، سەممىي بولۇشى، لەۋزىدە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، كۆپ ساندىكى ساۋاقداشلار ئەتراپىمىزدا سەممىي بولۇشنى سۆزلەيدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىغانلىقتىن، كۆپىنچە ساۋاقداشلار بۇنىڭغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، دەپ قارىماقتا.

ئۈچىنچى، سەممىي بولۇشنى تونۇشتا سۇبيېكتىپلىق، بىر تەرەپلىمىلىك ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش قىلمىشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا بىر خىل كەڭ قورساق بولۇش پوزىتسىيەسى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش قىلمىشى سەممىيلىك بولامدۇ - يوق دېگەن مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشتا دەرس مەزمۇنى، ئىمتىھاننىڭ خاراكتېرىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**2) سەممىيەتنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتتە كەم بولۇشنىڭ ئىپادىلىرى**

بىرىنچى، ئۆگىنىش، ئىمتىھاندا كۆچۈرمىچىلىك قىلىش. ئالىي مەكتەپلەردىكى كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش، ئىمتىھانلارغا سەممىي، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا كۆچۈرمىچىلىك قىلىش ئەھۋاللىرى يەنىلا مەۋجۇت. مەن ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلاردا ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش خىيالىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇ سەۋەبلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرمىچىلىك قىلىپ، ئىنتىزام جازاسىغا

ئۇچرايدىغان ئەھۋاللىرى كەينى - كەينىدىن كۆرۈلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەستايىدىل تەكرار قىلماي، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەي، تاپشۇرۇقنى ئۆزى ئىشلىمەي باشقىلاردىن كۆچۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت.

ئىككىنچى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كەسىپ تاللاشتا ساختىپەزلىك قىلىش. بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش، كەسىپ تاللاش جەريانىدا ساختىپەزلىك قىلىشنى سەمىمىيلىكنىڭ كەمچىل بولۇشىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. (1) تەرجىمىھالى، دىپلوم قاتارلىقلاردا ساختىپەزلىك قىلىش. قىسمەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇبالىغە قىلىش ياكى ساختا تەرجىمىھالنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى يۇقىرى قىلىپ ئىپادىلىمەكتە. (2) ئىشقا ئورۇنلىشىش ياكى كەسىپ تاللاش جەريانىدىكى توختامغا ئۆزى خالىغانچە خىلاپلىق قىلىدىغان، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار بىلەن تۈزگەن ئىشقا ئورۇنلىشىش كېلىشىمىنى يەڭگىللىك بىلەن ئۆزگەرتىدىغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، بۇنداق ئەھۋاللار ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارغا زور ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى مەكتەپلەرنىڭ ئىناۋىتىگىمۇ يامان تەسىر پەيدا قىلماقتا. (3) ئوقۇش پۇلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرماسلىق. ئوقۇش پۇلى ئوقۇغۇچىلار بەلگىلىمە بويىچە مەكتەپكە تاپشۇرۇش زۆرۈر بولغان ئۆگىنىش خىراجىتىدۇر. ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە ئالىي مەكتەپلەر «قۇياش نۇرى قۇرۇلۇشى»، «يېشىل يول» قاتارلىق كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىغا ياردەم بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاز بولمىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمايدىغان ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت، بۇنىڭ ئىچىدە، كۆپ ساندىكىلەر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئوقۇش پۇلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار سەۋەبسىز تاپشۇرمايدىغان، ئايرىم ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىدىن ئېلىپ كەلگەن ياكى ئەۋەتكەن ئوقۇش پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىدىغان، ھەتتا خەجلىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

## 3. بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا سەمىمىيلىك كەم بولۇشىنىڭ مەكتەپ تەرەپتىكى ئامىللىرى

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئەڭ قويۇق ئالاقىدە بولىدىغان مۇھىتلارنىڭ ئاساسىي قىسمى. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا ئالىي مائارىپ تەربىيەسىنى ئېلىپ بارىدىغان ھەمدە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى يەتكۈزىدىغان ۋە ئۆگىتىدىغان، ئوقۇغۇچىلاردا ئەخلاق - پەزىلەتنى، ئادىمىيلىكنى يېتىلدۈرىدىغان ئورۇن. بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا سەمىمىيەتنىڭ كەم بولۇشى ئالىي مەكتەپلەردىكى تەلىم - تەربىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

1) مەزمۇن جەھەتتە، ئۇزۇندىن بۇيان ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئەخلاق تەربىيەسى خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، «ئىككى دەرس» نى مەخسۇس تەسىس قىلىپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىدىيەۋى، سىياسىي خىزمەت ۋە ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىقان بولسىمۇ، لېكىن خېلىدىن بۇيان، ئوقۇغۇچىلار نوقۇل ھالدا تەربىيە ئالغۇچىلار دەپ قارىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا سەل قارالدى، بۇنىڭ بىلەن مەزمۇن جەھەتتە نەزەرىيە جەھەتتىكى تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە سەل قارايدىغان، ئورتاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، خاسلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، قاراتمىلىقى تۆۋەن بولىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. سەممىي

بولۇش تەربىيەسىدە نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيەلەش كۆپرەك بولۇپ، ھېسسىيات جەھەتتە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا سەل قارالغانلىقتىن سەمىمىي بولۇش جەھەتتىكى تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ كەلدى.

2) ۋاستە جەھەتتە، ئېلىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سەمىمىي بولۇش تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىشتىكى ۋاستىسى بىر قەدەر چەكلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى قېلىپلاشتۇرۇۋېتىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى شارائىتلار ياخشىلانغان، كۆز قاراشلار يېڭىلانغان بولسىمۇ، لېكىن سەمىمىي بولۇش تەربىيەسىدە يەنىلا « سىڭدۈرۈش» ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلغانلىقتىن، پەقەت «ئوقۇتۇش» ئىشلىرىنىلا تۇتۇپ، «تەربىيەلەش» ئىشلىرىغا سەل قارىلىدىغان ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

3) نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەردىكى سەمىمىيەت تەربىيەسىگە باھا بېرىشتە، بىلىمگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاقىغا سەل قارايدىغان، ئىمتىھان نومۇرىنى ئاساس قىلىپ ئادەم تاللايدىغان ئەھۋاللار ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. گەرچە ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىدا بەزى ئالىي مەكتەپلەر ئۆگىنىش نەتىجىسىنى بىردىن -بىر ئۆلچەم قىلغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەمىمىي بولۇش قاتارلىق ئاساسىي ئەخلاقىغا باھا بېرىدىغان، ھەم مەشغۇلات قىلىشقا بولىدىغان بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن ئۆلچەملىك كۆرسەتكۈچ بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىمتىھان ۋاقتىدا بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆچۈرمىچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇشىدىن ساقلانغىلى بولمىدى. بۇنى ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم سەمىمىيەت كەم بولۇش ئەھۋالىنىڭ دائىم يۈز بېرىشىدىكى بىر خىل سەۋەب دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## 4. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سەمىمىيەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ تەدبىرلىرى

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان سەمىمىي بولۇش تەربىيەسى بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا سەمىمىي بولۇش تەربىيەسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سەمىمىي بولۇش تەربىيەسىنى ياخشىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**1) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەمىمىيەت تەربىيەسىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سەمىمىي بولۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سەمىمىي بولۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيەسىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان سەمىمىي بولۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم رولى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىدىكى مۇھىم شەرت ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشى؛ سەمىمىي بولۇش جەھەتتىكى تەربىيەنى «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى

يولغا قويۇش پىروگراممىسى»، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيەۋى، سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ، سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى ئەخلاق خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك.

**2) ئىلمىي بولغان سەممىيەت تەربىيەسى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك**

بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇش. ئالىي مەكتەپلەردىكى سەممىي بولۇش تەربىيەسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنى ۋە سۇبيېكتىپ ئادىمىلىككە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەممىي بولۇش جەھەتتىكى تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سەممىيلىككە باھا بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەممىي بولۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، سەممىي بولۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم؛ ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى، جىنسى، ئالاھىدىلىكى، سەۋىيەسى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارى قاتارلىقلاردا پەرق مەۋجۇت بولغاچقا، پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ سەممىي بولۇشتىكى رېئال ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى قاراتمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەممىي بولۇشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەلىپىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سەممىي بولۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئايلاندۇرغاندا، ئاندىن ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئەمەلىيەتچىل بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەممىي بولۇش جەھەتتىكى تەربىيەنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى قاتارلىق جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە، سەممىي ئادەم بولۇپ، كىشىلەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سەممىي بولۇش تەربىيەسىنىڭ ئاچقۇچى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش. ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىي ئالاقە جەريانىدا سەممىي بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش قاتارلىق ئادەم ۋە مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك.

**3) سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك**

دەرسخانا ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئورۇن، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم يول. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش جەريانىدا پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشى، دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ئىدىيەۋىلىكىنى چوڭقۇر قېزىشنى ئوقۇتۇش ھالقىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشى، ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيەلەشنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق قوزغاپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاش كېرەك.

**4) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەممىيەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك**

بىرىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەممىيەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىشنى چۆرىدەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي، ئىلغار بولغان - بولمىغانلىقى، دۆلەتنىڭ ئۇزاق ئەمىن بولۇش - بولماسلىقى زور دەرىجىدە جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئىدىيەۋى - ئەخلاق ساپاسىغا باغلىق بولىدۇ. پارتىيە 18 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش - سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى» دەپ كۆرسىتىلدى. ئەخلاق كۈچى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختىدە كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى چوقۇم ئىناق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل خىزمىتى ۋە مەركىزىي ھالقىسى قىلىپ، مېخانىزم شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ۋەتەننى سۆيۈش، كەسىپنى قەدىرلەش، سەممىي، دوستانە بولۇش قاتارلىق ئەخلاق ئۆلچىمىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىپ، مەكتەپلەردە مەدەنىي بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش كەيپىياتىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپلەردە «ئورتاق سەممىيەت يارىتىش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەممىي بولۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سەممىي بولۇش قارىشى ۋە قائىدىسى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، سەممىيەتنى ئاساس قىلىدىغان، ئىززەت - ئابرۇينى ئەلا بىلىدىغان، لەۋزىدە تۇرۇشنى شەرەپ، ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنى نومۇس دەپ بىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پىدائىيلىق مۇلازىمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، لېي فىڭدىن ئۆگىنىش، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشىنىڭ دائىملىششىنى ئالغا سۈرۈش لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى. ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەردە مەيدانغا كەلگەن تىپلارنى يەكۈنلەش ۋە بايقاشقا ماھىر بولۇپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگىنىش ئۈلگىسى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش تولۇق يۈنىلىشلىك، كۆپ خىل شەكىلدىكى سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىدىيە ۋە مەزمۇن جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. مائارىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇلى. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئادەم تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىپ، ئەخلاق تەربىيەسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ دەرسلىككە، دەرسخانىغا كىرىشىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالىيجاناب غايىۋى ئىستەك ۋە ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ خاتا ئىدىيەۋى ئېقىم، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق چىرىك ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى توغرا يۈنىلىشكە يېتەكلەيدىغان باشلامچى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ تارقاتقۇچىسى، سوتسىيالىستىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى، سەممىيلىك كەيپىياتىنىڭ يېتەكلىگۈچىسى، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ چىقىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، لاياقەتلىك جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. خۇددى پارتىيە 18- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك: «مائارىپنى ئالدىن

راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئەخلاق يېتىلدۇرۇش، ئادەم تەربىيەلەشنى مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىش، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم». ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان سەممىي بولۇش تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئالىي مەكتەپلەردىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان سەممىي بولۇش تەربىيەسىگە ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەممە ئادەم تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇل بولىدىغان جۇشقۇن ۋەزىيەتنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. «17 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» ــ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى. 2007 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. «18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» ــ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى. 2012 ـ يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 031 ـ 01(2014) 5878 ـ 1005

# رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىكى ئاۋانگارتلىق رولى توغرىسىدا*

مۇختەر ئابدۇرېھىم

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844008)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، سىياسىيدا كۈچلۈك بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈش، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدا پارتىيەلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە كونكرېت تەلەپلەر بايان قىلىندۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: پارتىيەنىڭ ئاممىۋىي لۇشيەنى؛ تەربىيە ئەمەلىيەت پائالىيىتى؛ رەھبىرىي كادىرلار

**摘要**：本文阐述了紧抓党的思想建设，加强党的作风建设，反对腐败，突出政治上坚定，加强和群众保持血肉联系，以及在党的群众路线教育活动过程中发挥党员干部尤其是领导干部先锋模范作用的重要性，并提出了具体要求。

**关键词**：党的群众路线；教育实践活动；领导干部

**Abstract:** This paper expounds the importance of paying close attention to the ideological construction of the party, strengthening the style construction of the party, against corruption, highlighting the political firm, strengthening and maintaining the close ties between the people and members of the communist party, cadres, especially leading cadres in the process of educational activities must play vanguard and exemplary role. And put forward specific requirements for these aspects.

**Keywords**: Party's mass line; education activities; Leading cadres

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D64　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا: «پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە پاكلىقىنى ساقلاشنى چۆرىدەپ، پۈتۈن پارتىيەدە خەلقچىل، ئەمەلىيەتچىل، پاك بولۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش، يېڭى ۋەزىيەتتە ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلىپ، ئاممىۋى لۇشيەننىڭ پارتىيەمىزنىڭ جان تومۇرى ۋە تۈپ خىزمەت لۇشيەنى، پارتىيەمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى ئېنىق شەرھلەپ بېرىلدى. پارتىيەمىز 90 نەچچە يىلدىن بۇيان خەلققە چىڭ تايىنىپ، ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇستەقىل، ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولغان ئاساستا، ئۆز يولىدا ئاداشماي مېڭىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىش جەريانىدا تۈرلۈك بەدەللەرنى تۆلەپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. بۇ 90

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: مۇختار ئابدۇرېھىم ( 1969 ـ يىل 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان ) دوتسېنت، ئالىي مەكتەپ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يىللىق تارىخ پارتىيەنىڭ خەلققە چىڭ تايىنىپ، ئىلغارلىقنى ساقلىسىلا، ئىجادچانلىقىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى، ھاياتىي كۈچىنىڭ مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## 1. رەھبىرىي كادىرلار پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم

ئاممىۋى لۇشيەن — پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى، پروگراممىسىنىڭ مۇھىم گەۋدىلىنىشى بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئىجادچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئاممىۋى لۇشيەن پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى يولغا قويغانلىق يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتقانلىق بولىدۇ. پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنىڭ تەلىپى بويىچە پارتىيە قۇرۇش، پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىلمىي نەزەرىيەسى ئارقىلىق پارتىيەنى تەربىيەلەش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش، تۈرلۈك غەيرىي ئىدىيەلەرنى توسۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. پارتىيەمىز 90 نەچچە يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىش جەريانىدا، ئاممىۋى لۇشيەن خۇددى مەنىۋى تۈۋرۈككە ئوخشاش ئىشلىرىمىزغا باشتىن ئاخىر سىڭدۈرۈلۈپ، ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتتىن بولغان 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. شۇڭا خەلقنى كۆزلەش، ئەمەلىيەتچىل، پاك بولۇش باش تېما قىلىنغان ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى پارتىيە ئىچىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پۇختا قانات يايدۇرۇش، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ـ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ نېگىزى ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيەمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 60 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىللىق ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىدى. بىراق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، غەربنىڭ چىرىك ئىدىيەسى بىلەن فېئودال ئىدىيەلەرمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بەزى جايلاردا ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى پارتىيەلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە پارتىيەۋىلىك مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلماي، راھەت پاراغەتكە بېرىلىش، مەنپەئەتكە بېرىلىش، ئالغا بېسىشنى ئويلىماسلىق ئىدىيەسىدە بولدى. قىسمەن پارتىيەلىك كادىرلار ھوقۇق، پۇل، ساھىپجامال سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇلاردا بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق ئېغىرلاشتى. ئاز بىر قىسىم ئۇزۇن يىللىق سىناقلاردىن ئۆتكەن پارتىيەلىك كادىرلارمۇ قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ چىرىكلىشىپ، جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا مەركىزىي كومىتېت پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى «پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە ئائىت ئۆگىنىش ھۆججەتلىرىدىن تاللانما» نى تۈزۈپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، ئومۇمىي تەلىپى، يادرولۇق مەزمۇنى ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى

ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان، ئاما تەقەززا بولۇۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە-ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان «ئەينەككە قاراش، ئۇستى - بېشىنى تۈزەشتۈرۈش، يۇيۇنۇش، كېسەل داۋالاش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپنى توغرا ئىگىلەپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، «تۆت خىل ئىستىل» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەربىيە -ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە باشتىن ئاخىر سىڭدۈرۈپ، باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

## 2. رەھبىرىي كادىرلار پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىكنى تۈگىتىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى لازىم

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ـ پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە-ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. نۆۋەتتە پارتىيەنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى، زور كۆپ سانلىق پارتىيەلىك كادىرلار پاك ـ دىيانەتلىك بولسىمۇ، لېكىن چىرىكلىك ھادىسىلىرى يەنىلا مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋال كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، ئېسىل ئىستىلىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە نەمۇنىلىك رول ئويناشنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ 12- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1- يىغىنىدا: «بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار غايە ۋە ئېتىقادنى چىڭ تۇتۇپ، خەلقنى باشتىن ئاخىر كۆڭلىنىڭ تۆرىگە قويۇپ، پارتىيەمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيوروكراتلىق، راھەتپەرەسلىك ۋە ئىسراپچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بارلىق پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قەتئىي قارشى كۈرەش قىلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى يولىدا كۈرەش قىلىش ئىرادىسىدىن قايتماسلىقى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيەلىك كادىرلار ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنى ئۆزى قاتتىق تەكشۈرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ تۇرۇشى، ھەممىدە خەلقنى كۆزلىشى، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك ئالاقىنى ساقلىشى، خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشى، پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنىڭ، راستچىل، ئادىل، ئوچۇق-يورۇق بولۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ھوقۇق، ئىشق - ھەۋەس قاتارلىقلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ پارتىيەلىك ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارايدۇ. نۆۋەتتە پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتتە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاش، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە- ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى بولۇپ قالدى. شۇڭا پارتىيە ئەزالىرى،

بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلار ئۆزىنى قاتتىق چەكلىشى، ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆز-ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشى، سۆز بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇشى، باشقىلارنىڭ قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئۆزى ئۈلگە بولۇپ ئاۋۋال قىلىشى، باشقىلارنىڭ قىلىشى مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى ئۆزى قەتئىي قىلماسلىقى، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، ھەممىنى ئۆزىدىن باشلىشى، ھازىردىن باشلىشى، خالىس ۋە قورقماس روھقا ئىگە بولۇشى، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يۇقىرىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

## 3. رەھبىرىي كادىرلار سىياسىيدا كۈچلۈك، ئىستىلدا ساغلام بولۇپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم

مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭ يېڭى بىر مەزگىلگە، يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىۋاتقان، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى روشەن ئېشىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئومۇمىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇۋاتقان، ھەر مىللەت ئاممىسى ئەڭ تۈپ مەنپەئەتكە ئېرىشكەن مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىمۇ يوز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە پارتىيەلىك كادىرلار يەنىلا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى پارتىيەلىك كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ باشلامچىسى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ قوغدىغۇچىسى. شۇنداقلا ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىغا ئۈلگە بولغۇچى، ئۇلارنى يېتەكلىگۈچى؛ ئۇلارنىڭ سىياسىيدا كۈچلۈك، ئىستىلدا ساغلام، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇش - بولماسلىقى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خىزمەت ئۈنۈمىنى بەلگىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار شىنجاڭدىكى 22 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاش، ئومۇميۈزلۈك مۇقىم ۋەزىيەت يارىتىشتا ھالقىلىق رول ئوينىدى. بىراق، تارىخىي، تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنى باشقا تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا زور، قىسمەن ئاممىنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا نىسبەتەن ئارقىدا بولۇپ، مىللەت، دىن مەسىلىلىرىدە بەزى يېڭى مۇرەككەپ ئامىللار پەيدا بولماقتا. شۇڭا ھەر مىللەت پارتىيەلىك كادىرلار، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغدىشى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ» نىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىشىنى قەتئىي قوللاپ، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئاساسىنى پۇختىلىشى، شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ماس قەدەمدە ھاللىق سەۋىيەگە يېتىپ، ئۇلۇغ «جۇڭگو ئارزۇسى» نى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتەك ئومۇمىيەت ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، تېررورلۇق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشنى بىرىنچى ۋەزىپە، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ يوز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى

ساقلاشنى بىرىنچى مەسئۇلىيەت دەپ بىلىپ، سەگەك سىياسىي كاللا ۋە تەۋرەنمەس سىياسىي مەيداننى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغدىشى لازىم.

## 4. پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە-ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا يادرولۇق مەسىلىنى چىڭ تۇتۇش لازىم

پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە- ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ يادروسى — پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. باش شۇجى شى جىنپىڭ: «يۈكسەك ئېتىقاد باشتىن-ئاخىر پارتىيەمىزنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى، خەلق ئاممىسى باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ مۇستەھكەم ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى. بىز ئېتىقادتىن مەڭگۈ تەۋرەنمىسەك، ئاممىدىن مەڭگۈ ئايرىلمىساقلا، ھەممە يەردە ئۇتۇق قازىنىمىز» دەپ كۆرسەتتى. خەلق ئاممىسى — پارتىيەنىڭ كۈچ مەنبەسى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيەمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى شەرتى. نۆۋەتتە ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن رەھبىرىي كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەر پارتىيەنىڭ ئوبرازىغا قىسمەن زىيان يەتكۈزدى، شۇڭا پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىدا پۈتكۈل پارتىيەدە خەلقنى كۆزلەش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، پاك بولۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە - ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر، خەلق ئاممىسىغا تايىنىش، خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىش، خەلق ئاممىسىدىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نۇقتىئىنەزەرى، كادىرلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى خەلق بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر، يۇقىرى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر، ئاممىغا تايىنىش، شۇنىڭدەك ئاممىنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «بىز كوممۇنىستلار خۇددى ئۇرۇققا، خەلق خۇددى تۇپراققا ئوخشايدۇ. بىز نەگىلا بارساق، شۇ يەردىكى خەلق بىلەن بىرىكىپ كېتىشىمىز كېرەك» دېگەن ئىدى. پارتىيەنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى، ئىلغار مەدەنىيىتى خۇددى ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئامما ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، ئامما بىلەن سىرداش بولغاندىلا ئۇرۇق بىخلىنىدۇ، چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيدۇ. پارتىيەمىز ئامما ئارىسىدىن كەلگەن، ئەگەر ئامما بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتمىغاندا، ئاساسسىز قالىدۇ. ئاممىغا يېقىندىن تايىنىش، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش — پارتىيەمىزنىڭ ھەرقانداق چاغدا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تېشى. شۇڭا ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشتەك مەيداننى مۇستەھكەملەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشتىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراشنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئامما بىلەن قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغان لاياقەتلىك رەھبەرلەردىن، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرىدىغان نەمۇنىچىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك.

ھازىر دۆلىتىمىز يېڭى ئەسىردە ھالقىق

جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. شۇڭا بىز باش شۇجى شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى روھىي قىياپەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى كۆچەيتىپ، ئىدىيەدە ئۆزلۈكسىز ئازاد بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرلەش، يول ئېچىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇشىمىز، پارتىيەنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىلمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى نەتىجىلەرنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، ئەمەلىيەتتە يولۇققان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، «سەككىز تۈرلۈك ئاساسىي تەلەپ» نى داۋاملىق بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ، نەزەرىيەنىڭ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، 2020 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىغا يېتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. مەركىزىي كومىتېت پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تۈزگەن: «ئاممىۋى لۇشيەن توغرىسىدا ــ مۇھىم بايانلاردىن ئۈزۈندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، 87 ـ، 166 ـ، 173 ـ بەتلەر.
2. مەركىزىي كومىتېت پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تۈزگەن: «پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ھەققىدىكى تەربىيە ـ ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە ئائىت ئۆگىنىش ھۆججەتلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2013 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى، 58 ـ، 142 ـ، 160 ـ بەتلەر.
3. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 12 ـ ئاي نەشرى، 51 ـ بەت.
4. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2013 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانى، 3 ـ بەت.
5. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى سانى، 8 ـ بەت.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

第 35 卷第 1 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　35 - يىللىق 1 - سان
2014 年 3 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2014 - يىلى 3 - ئاي

ماقالە نومۇرى: 12 - 037 - 01(2014) 5878 - 1005

# خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر ھەققىدە سېلىشتۇرما ۋە تەھلىل*

غەيۇر ئابدۇقادىر

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ناملىرى بىر خىل ئوبرازلىق بەلگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، مول مەزمۇنلۇق مىللىي مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق چوڭقۇر ھېس قىلىنغاندىلا، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق سىمۋوللۇق مەنە ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ماقالىدە خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك نامىلىرىدا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خەنزۇ تىلى؛ ئۇيغۇر تىلى؛ سىمۋوللۇق مەنە

**摘要**：动物形象积淀着民族心理，在维汉两种语言中，同一种动物可蕴含不同的喻义。汉维两种语言中的动植物名称不仅代表动植物形象的符号，而且反映着丰富的民族文化内涵，反映着一个民族的文化印记。只有深刻了解文化上的差，才能理解动植物名称深层次的象征意义。本文从文化的角度对比分析动植物在汉维两种语言的象征性特点。

**关键词**：汉语；维吾尔语；象征意义；

**Abstract:** An animal metaphor represents a nation's psychology. There are same metaphors both in Uyghur and Chinese languages. Although the symbols are the same, but the meanings vary from each other. One can fully understand these metaphors only from deeply exploring the cultural differences between these two languages. This paper compares and analyzes animal and plant metaphors in Uyghur and Chinese from the aspect of cultural differences.

**Keywords:** Chinese; Uyghur; symbolic meaning

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

دۇنيادىكى ھەر قانداق تىلدا بەلگىلىك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەدەنىيەت ئامىلى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىك ئوخشاش بولمىغاچقا، ھايۋانات ھەم ئۆسۈملۈكلەردە ئۆزىگە خاس سىمۋوللۇق مەنە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق سەۋەبلىك ئوخشاش شەيئىگە نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان ھېسسىيات سىڭدۈرۈلىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئوخشاش ھېسسىيات ئوخشىمايدىغان شەيئى، ئوخشىمايدىغان ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھايۋانلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، ئۆسۈملۈكلەر تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھىممىتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. ئىنسانلار دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ھايۋانلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھايۋانلارنىڭ مەلۇم بىر

---

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 8- ئاينىڭ 28- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: غەيۇر ئابدۇقادىر(1957- يىل 5- ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرى، مەدەنىيىتى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ۋە تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئالاھىدىلىككە ئاساسەن بىر خىل سىمۋوللۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئېڭىدا مەلۇم بىر ھايۋاننىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، يولۋاس ھايۋانات پادىشاھى دەپ قارالغاچقا، خەنزۇلارنىڭ ئېڭىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ سىمۋولى، بۆرە بولسا ۋەھشىيلىكنىڭ، ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ جەھەتتىن ئوخشاپ كەتكەچكە، كۆپىنچە ئەھۋالدا بىر خىل ھايۋاننىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ھەر خىل مىللەت كىشىلىرى ئېڭىدا ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇلار ۋە ئۇيغۇرلار ئاتنى ئوخشاشلا قەھرىماننىڭ، جەسۇر روھنىڭ؛ تۈلكىنى ھىيلىگەرلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ، چاشقاننى ئوغرىغا ئوخشىتىدۇ. يەنە، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەن مىللەتلەرنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، سىمۋوللۇق مەنىسىدە بىر خىل مىللىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىككە نىسبەتەن بۇ ماقالىدە خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئۇستىدە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 1. خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى سىمۋوللۇق مەنىلىرى ئوخشاش سۆزلەر

خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن سىمۋوللۇق مەنىلەرنى سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە مۇشۇكياپىلاق، قاغا، تۈلكە، كەپتەر ۋە چايان قاتارلىق نۇرغۇن ھايۋانات ۋە قۇش ناملىرىدا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنىلەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ھەر قايسى مىللەت رايونلىرىغا تارقالغان ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى، تۇرمۇش ئادىتى ئوخشاش بولغاچقا، مىللەتلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان چۈشەنچىسىمۇ ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەندۈرگەن سىمۋوللۇق مەنىسىمۇ ئوخشاش بولىدۇ.

**1) ھايۋانات تۈركۈمى**

(1) تۈلكە. خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا تۈلكە ئۆز خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن قۇۋ، ھىيلىگەر دېگەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئېرىشكەن. خەنزۇ تىلىدا قۇۋ، كاززاپ ئادەم 狡猾的狐狸 (قۇۋ تۈلكە) دەپ ئوخشىتىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا 狐群狗党 (بۇزۇق ناكەسلەر)، 狐假虎威 (يولۋاسنىڭ ھەيۋىسىدە تۈلكە كۆرەڭلەپتۇ) دېگەن تۇراقلىق ئىبارە ۋە تەمسىللەر؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۆرىنىڭ خىرس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان»، «تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار»، «تۈلكىچە تەقسىمات» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەردە تۈلكىنىڭ ھىيلىگەر خۇسۇسىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(2) بۆرە. بۆرىنىڭ ياۋۇز، ۋەھشىي خاراكتېرى نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەردە روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا 狼子野心 (ياۋۇز نىيەت)، 狼心狗肺 (ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان)، 豺狼当道 (يىرتقۇچلار دەۋران سۈرمەك)؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۆرە بار يەردە قان بار»، «بۆرىنىڭ بالىسى بۆرە»، «قوينى بۆرىگە ئامانەت قويماق»، «بۆرە چۈشىدە قوي كۆرەر» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە ۋە ماقال ـ تەمسىللەردە بۆرە ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

(3) يىلان ۋە چايان. يىلان ۋە چاياننى كۆرسە ھەر قانداق ئادەم قورقىدۇ. خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردە يىلان ۋە چاياننىڭ زەھەرخەندە، يۈزسىز خۇسۇسىيىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا 毒如蛇蝎 (يىلان ـ چاياندەك زەھەرخەندە)، 蛇蝎心肠 (زەھەرخەندە)؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى «دۈشمەننى مېھمانخانىغا باشلىغىنىڭ زەھەرلىك يىلاننى قوينۇڭغا تاشلىغىنىڭ»، «يىلاننىڭ بېشىغا ئۇر، ئىتنىڭ پۇتىغا ئۇر»، «چاياندىن ئىلتىپات كۈتمە، زالىمدىن شەپقەت» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە ۋە ماقال ـ تەمسىللەردە زەھەرخەندىلىك يىلان ۋە چايانغا باغلاپ تەسۋىرلەنگەن. يەنە بۇ خۇسۇسىيەت خەنزۇ تىلىدا 一朝被蛇咬，十年怕井绳 (بىر قېتىم يىلان چېقىۋالسا، ئون يىلغىچە قۇدۇقنىڭ ئارغامچىسىدىن

قورقۇپتۇ) دەپ ئىپادىلەنسە، ئۇيغۇر تىلىدا « يىلان چاققان ئارغامچىدىن قورقۇپتۇ» دەپ ئوخشاش ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

(4) مۈشۈكياپىلاق. مۈشۈكياپىلاق (ھۇۋقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۆرۈمسىز، ئاۋازى سەت بولغاچقا، خەنزۇلار شۇم قۇش، كىم ئۇنىڭغا قارىسا شۇنىڭغا بالايى - قازا يامىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ گەرچە بىر خىل پايدىلىق قۇش بولسىمۇ، غەرب ئەللىرىدىكى بەزى مىللەتلەر ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئەلچىسى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما خەنزۇ - ئۇيغۇر مىللىتى مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش سەۋەبىدىن مۈشۈكياپىلاق ئۆي ئەتراپىدا ھۇۋلىسا شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىدۇ، بۇ ئائىلىدە بىرەرسى ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى بىرەر بالايى - قازاغا دۇچار بولىدۇ دەپ قارايدۇ. خەنزۇ تىلىدا 夜猫子进宅，无事不来 (مۈشۈكياپىلاق ئۆيگە كىرسە بالايى - قازا بىللە كېلىدۇ) دېيىلسە، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا:

گۈل ئۇنداق ئەمەس ئىدى،
ھۇۋقۇشلار خازان قىلدى.
مەن ئۇنداق ئەمەس ئىدىم،
ئۇتلىرىڭ سارالڭ قىلدى.[1]

دېيىش ئارقىلىق مۈشۈكياپىلاققا شۇم قۇش دېگەن سەلبىي باھا بېرىلىدۇ.

(5) قاغا. قاغىنىڭ پەيلىرى قارا، ئاۋازى سەت بولغاچقا، خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدا بالايى - قازانىڭ، شۇم پېشانىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ كۆپىنچە قەبرىستانلىقتا، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ ئۈستىدە پەيدا بولغاچقا، كىشىلەر ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. خەنزۇ تىلىدا 天下乌鸦一般黑 (ئالەمدىكى قاغىنىڭ ھەممىسى قارا)، 乌鸦叫，口舌到 (قاغىنىڭ قاقىلدىشى جېدەلدىن بېشارەت بېرىدۇ) دېيىلسە، ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆلپىتىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق»، «قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقىماس»، «قاغىنىڭ ئېقى يوق، تىككۈچىنىڭ سېپى يوق» دېيىش ئارقىلىق قاغىغا سەلبىي جەھەتتىن باھا بېرىلىدۇ.

قاغىلار قاتار - قاتار،
بىرەر بالا بولارمىكىن.
ئۆزى ئاق، چېچى قارا،
مەندىن جۇدا بولارمىكىن[2].

دېگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ۋە خەنزۇ خەلقى ئارىسىدىكى 乌鸦找灾 (قاغا بالايى قازا ئېلىپ كېلىدۇ) دېگەن گەپلەردىن قاغا شۇملۇقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

(6) كەپتەر. كەپتەر خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدا ئوماق كۆرۈنۈشى بىلەن تىنچلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار كەپتەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، كەپتەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەر خىل تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى سەۋەبىدىن كەپتەر پۈتۈن دۇنيادىكى تىللاردا تىنچلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى 鸽子向旺处飞 (كەپتەر روناق تاپقان تەرەپكە قاراپ ئۇچىدۇ)؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەپتەرمۇ دان بار خامانغا چۈشىدۇ» دېگەن ماقالدا كەپتەرگە ئىجابىي جەھەتتىن باھار بېرىلگەن. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بولسا گۈزەل يارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. مەسىلەن:

ئاق كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ،
كۆك كەپتەرمۇ ئۈنلەيدۇ.
ئادەم دېگەن ھۆل نېمە،
كۆيۈك ئوتىدا ئۆلمەيدۇ[3].

باشىمدىكى كەپتەرنى،
پىشايۋانغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
ناخشا قىلىپ تۈگەتتىم[4].

(7) شاتۇتى. خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدا باشقىلارنىڭ گېپىنى ئەينەن دوراش ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇستەقىل قارىشى يوق، باشقىلار نېمە دېسە، شۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ئادەمنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. خەنزۇ تىلىدىكى 鹦鹉学舌，人云亦云 (شاتۇتىغا ئوخشاش باشقىلار نېمە دېسە، شۇنى دەيدۇ)

دېگەن سۆز ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى «شاتۇتىدەك سۆزلەپ كەتمەك» دېگەن سۆزلەر شاتۇتىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

(8) خاملىيون. خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا بۇ جانىۋارنىڭ ئەتراپتىكى مۇھىتقا ئاساسەن رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئادەمگە قاراپ سۆز ـ ھەرىكىتىنى تېز ئۆزگەرتىدىغان ئادەمنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

**2) ئۆسۈملۈكلەر تۈركۈمى**

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ھايۋانلارنىڭكىگە قارىغاندا روشەن، كەڭ دائىرىلىك بولمايدۇ، چۈنكى ھايۋانلار ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشىمايدۇ، ھايۋانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى بولغاچقا خۇشاللىنىش، قايغۇرۇش تۇيغۇسى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارغا بولغان مېھرى ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا چوڭقۇرراق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ھايۋانلارنىڭكىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ئالاھىدە ئاۋاز ۋە ھەرىكەت بولمىغاچقا، يەنە كېلىپ ئىنسانلاردا كۈچلۈك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا قىلالمىغاچقا، سىمۋوللۇق مەنىلىرىمۇ ھايۋانلارنىڭكىدەك كۆپ خىل بولمايدۇ.

(1)ئانار. ئانارنىڭ چېچىكى ئوتقاشتەك قىزىل، تەمى شېرىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن مېۋىلەرنىڭ شاھى دەپ قارىلىدۇ. دېھقانلار كالېندارى بويىچە 5 ـ ئاي ئانار چېچەكلەيدىغان پەسىل بولغاچقا، بۇ ئاي يەنە 榴月 (ئانار ئېيى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوغۇل ـ قىزلار توي قىلغان ۋاقىتتا بىر خىل خاسىيەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە توي ئۈچۈن بېزەلگەن ئۆيگە بىر جۈپ چوڭ ئانار ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئانار خەنزۇ تىلىدا 榴 (ليۇ) دەپ ئوقۇلغاچقا يەنە 留 (قەپ قالماق) دېگەن مەنىگە باغلاپ چۈشىنىلىدۇ، ياشانغانلار 70، 80 ياشقا كىرگەندە پەرزەنت ۋە نەۋرىلەر ئانار بىلەن تەبرىكلەيدۇ. تاۋۇز چاغىنى بولغان ئاخشىمى ئانار ئوخشايدىغان رايونلاردا پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ جەم بولۇشىنى، ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىنى تىلەپ ئانار بىلەن ئاي توقاچلار شىرەگە تىزىلىپ ئاي تاماشاسى قىلىنىدۇ. ئانار ئۇيغۇرلاردا مېۋىلەرنىڭ شاھى، جەننەت مېۋىسى دەپ قارىلىپ باياشاتلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئاناردەك چىرايلىق بولۇشنى تىلەپ قىزلارغا «ئانارگۈل»، «ئانارخان» دېگەن ئىسىملار قويۇلغان. ئەدەبىي ئەسەرلەردە قىزلارنىڭ مەڭزى «ئاناردەك قىپقىزىل» دەپ ئوخشىتىلىدۇ. ئەل ئىچىدە «ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە» دېگەن گەپ بار. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئانار ئارقىلىق يارنى سېغىنىدۇ ۋە سۈپەتلەيدۇ. مەسىلەن:

يارىمنىڭ ئىككى مەڭزى،  
باغدا پىشقان ئاناردەك.  
يارنى كۆرۈپ يۈرۈگۈم،  
كېچە يانغان پەنەردەك[5].

ئۇيغۇرلار ئانارنى قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە يىراقتىكى تۇغقانلارغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىدۇ. مېھمان چاقىرغاندا ئانارنى داستىخاننىڭ ئوتتۇرىغا تىزىدۇ.

(2) مەجنۇنتال. مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە، ئەۋرىشىم بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن قەدىمدىن بۇيان گۈزەل قىزلارنىڭ لاتاپەتلىك تەق-تۇرقىغا ئوخشىتىلغان. 柳腰(تال چىۋىقتەك بەللىرى)، 柳眉(تال چىۋىقتەك قاشلىرى) دەپ ئوخشىتىش ئارقىلىق قىزلارنىڭ گۈزەللىكى نامايان قىلىنغان. خەنزۇ تىلىدا 柳 بىلەن 留 , 丝 بىلەن 思 ئاھاڭداش بولغاچقا 柳丝(تال چىۋىق) دېگەن خەتنى كۆرگەندە 留思(سېغىنىش) دېگەن خەت ئېسىگە كېلىدۇ. تال چىۋىقلارنىڭ ئەۋرىشىم تاشلىنىپ تۇرۇش ھالىتى ئايرىلىش مىنۇتلىرىدىكى كۆز قىيماسلىق ھالىتىگە ئوخشىتىلىدۇ. شۇڭا قەدىمكىلەر مەجنۇنتال چىۋىقلىرى ئايرىلىش بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قارايدۇ. ئايرىلغان ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ كۆزى قىيماۋاتقانلىقىنى، ئايرىلماي داۋاملىق قېلىپ قېلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن تال چىۋىقنى ئوشتۇپ سەپەرگە ماڭغۇچىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىمۇ قىزلارنىڭ گۈزەل قىياپىتى، بولۇپمۇ ئىنچىكە بەللىرى تال چىۋىققا ئوخشىتىلىدۇ. تال چىۋىق ئارقىلىق گۈزەل يارنى سۈپەتلەيدۇ. مەسىلەن:

كىيىم كىيسەڭ تال بويۇڭغا يارىشىپ،
پۇلى بارلار ئېلىپ كەتتى تالىشىپ.
قىزىل گۈلۈم، سەن ماڭا ئىزا قىلدىڭ،
يىغلاپ قالدىم مەن ئامالسىز قارىشىپ.

(3) ئۈجمە. ئۈجمە كۆچىتى تىكىپ پىلە بېقىش ئېلىمىزدە خېلى قەدىمدىلا باشلانغان. پىلە غوزىسى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە كىيىم ـ كېچەك تىكىشتە ئاساسىي مەنبە بولۇپ قالغان. تاش قورال دەۋرىدىكى خارابىلىقتا ئائىلىدە غوزىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يىپەك بۇيۇملار بايقالغان[6]. قەدىمكى كىشىلەر ئۆي ئەتراپىغا ئۈجمە تىكىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلەردە ئۈجمە كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن. كىشىلەر ئۈجمىنى ئەسلەش بىلەن تەڭ ئاتا- ئانىسىنى ياد ئەتكەن. شۇڭا ئۈجمە بىلەن ئاتا ـ ئانا، يۇرت ـ ماكان دېگەن ئۇقۇم بىرلىشىپ كەتكەن. قەدىمكى زاماندا يىگىت ـ قىزلار ئۈجمىلىكنى ئۇچرىشىدىغان جاي قىلىۋالغان. خەنزۇ تىلىدىكى 桑木扁担，宁折不弯 (ئۈجمە ئەپكەش ياغىچى ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ) دېگەن ماقالدا ئۈجمىنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەيسەر روھىنىڭ سىمۋولى قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۈجمىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى خەنزۇ تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈجمىنى ھاياتلىقنى قۇتقۇزغۇچى دەرەخ، جەننەت مېۋىسى دەپ قارايدۇ. يېزىلا بولىدىكەن، ئۈجمە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھويلا ـ ئارام ۋە ئىشىك ئالدىغا ئۈجمە كۆچىتى تىكىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۈجمە دەرىخى شەخسكە تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئۈجمىسى جامائەتكە ئورتاق بولىدۇ. بۇرۇن ئەل ئىچىدە «ئۈجمە كۆچىتى تىككەن كىشى ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، گۇناھى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. بايلار ئۈجمە كۆچىتى تىكىش ئارقىلىق ساۋابلىق ئىش قىلاتتى. كۆلەملەشكەن ئۈجمىلىك «ۋاپ» دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۈجمىنىڭ ھاياتلىقنى قۇتقۇزغۇچى دەرەخ بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، 5- ئاي سېرىقتال پەسىل بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىمۇ ئاساسەن تۈگەيدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۈجمە پىشىدۇ ـ دە ئوزۇق- تۈلۈكى تۈگىگەن دېھقانلار ئۈجمە بىلەن جان بېقىپ ئومىغا ئۇلىشىۋالىدۇ. ئۈجمە شۇنداق خاسىيەتلىك بولغاچقا، «ئۈجمىنى كەسكىچە ئاتاڭنىڭ قولىنى كەس»، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەن ماقال- تەمسىللەر بارلىققا كەلگەن. «ئۈجمە سايىسى» دېگەن چۆچەكمۇ مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۈجمە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا ھاياتلىقنىڭ، نىجاتكارنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

(4) قارىغاي. تۈرلۈك دەرەخلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئۆسۈملۈكلەرگە بولغان چوقۇنۇشىدىن پەيدا بولغان، تارىخىي كىتابلاردا قارىغاينىڭ ئەجدىھاغا ئۆزگەرگەنلىكى ياكى ئەجدىھانىڭ قارىغايغا ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. قارىغاي بىلەن ئەجدىھا زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغاچقا، تۈرلۈك دەرەخلەر ئىچىدە قارىغاي ئەجدىھا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان. بۇنىڭغا يەنە قارىغاينىڭ قوۋزىقى ئەجدىھانىڭ تېرىسىگە ئوخشاپ قالغانلىقىمۇ سەۋەب بولغان. كىشىلەر قارىغاينى ئامەت دەرىخى، ئۇزۇن ئۆمۈر چولپىنى دەپ قارىغاچقا، ئەل ئىچىدە 福如东海长流水, 寿比南山不老松 (ئامەت دېڭىز سۈيىدەك ئۈزۈلمەي تۇرغاي، ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن ئۆلمەس قارىغاي) دېگەنگە ئوخشاش تەبرىك ـ تىلاۋەت سۆزلىرى پەيدا بولغان[7]. ئەلمىساقتىن بۇيان پادىشاھتىن تارتىپ ۋەزىرلەرگىچە بەزى قەدىمىي دەرەخلەر قۇتلۇق دەرەخ، ئىلاھىي دەرەخ دەپ قارىلىپ ئۇلارغا چوقۇنۇپ كەلگەن. بەزى يېزا ـ كەنتلەردە قارىغاي ۋە قەدىمىي دەرەخلەرگە قىزىل رەخت ۋە لېنتىلارنى چىگىپ قويىدىغان ئادەت تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قارىغاي قەھرىتان سوغۇقتىمۇ، تاغ چوققىلىرىدا مەزمۇت تۇرغاچقا، تەۋرەنمەس ئىرادىگە، ئالىيجاناب پەزىلەتكە، كوممۇنىستلارنىڭ خىسلىتىگە سىمۋول قىلىنغان. شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا قارىغاي يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن قەيسەر ئىرادە، ئېسىل پەزىلەتنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى سۈپىتىدە

قارىغاينى مەدھىيەلەيدىغان شېئىر -قوشاقلار پەيدا بولغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارىغاي قىشتا چېنىقار، يىگىت ئىشتا» دېگەن ماقال قەيسەر ئىرادىگە سىمۋول قىلىنغان.

## 2. خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىدا بىرىدە سىمۋوللۇق مەنىسى بار، يەنە بىرىدە يوق سۆزلەر

ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، مەلۇم بىر ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كۆپ تارالغىنى بىلەن شىنجاڭدا بولۇشى ناتايىن، ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئۇچراشمىغاچقا سىمۋوللۇق مەنىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھاۋا كىلىمات ۋە تۇپراق ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارمۇ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ھاۋاسى نەم بولغاچقا بامبۇك كۆپ ئۆسىدۇ. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىر - قوشاقلىرىدا بامبۇك ئوبرازى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 胸有成竹 (كۆڭلىدە سان بار)، 雨后春笋 (باھاردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك)، 势如破竹 (ئوڭۇشلۇق بولماق) قاتارلىق تۇراقلىق ئىبارىلەردە بامبۇك سىمۋول قىلىنغان. شىنجاڭدا بامبۇك بولمىغاچقا، بامبۇك ھەققىدىكى سىمۋوللۇق سۆزلەر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇنداق پەرق سەۋەبلىك خەنزۇ - ئۇيغۇر مىللەتلىرىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدا، گۈزەللىك ۋە تارىخىي مەدەنىيەت قارىشىدا پەرق كۆرۈلىدۇ. بۇنداق پەرق تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ:

**1) خەنزۇ تىلىدا سىمۋوللۇق مەنىسى بار، ئۇيغۇر تىلىدا يوق سۆزلەر**

(1) 乌龟(تاشپاقا). تاشپاقىنىڭ مېڭىش سۈرئىتىگە ئاساسەن ئېرىنچەكلىككە، مىس - مىس ھەرىكەتكە، يېشىغا ئاساسەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە سىمۋول قىلىنىدۇ. خەنزۇلاردا يۈز ياشتىن ئاشقانلار 龟龄 (تاشپاقىنىڭ يېشىنى كۆرۈپتۇ) دەپ تەرىپلىنىدۇ. 60 ياشقا كىرگەن كۈن 龟作 (تاشپاقىغا ئايلانغان كۈن) دېيىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تاشپاقا چىشى جىنسلىق بولىدۇ. ئەركىكى بولغان تەقدىردىمۇ جىنسىي ئىقتىدارى بولمايدۇ. پەقەت يىلان بىلەن چاقىلىشىپ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، دەپ قارالغاچقا 乌龟 (تاشپاقا)، 王八 (ھاراملىق)، 龟孙子 (تاشپاقا پۇشتى) دېگەن تىل - ھاقارەتنى ئاڭلىسا، خەنزۇلار بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايدۇ.

(2) 凤凰 (سۇمۇرغ). سۇمۇرغنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى كۆپرەك گۈزەل قىزلارغا، مۇھەببەتكە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. خەنزۇلارنىڭ توي مۇراسىمىدا ئەجدىھا بىلەن سۇمۇرغنىڭ ماسلىشىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان رەسىمى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى سۇمۇرغنى بايلىقنىڭ، ئامەتنىڭ ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. ئەل ئىچىدە 凤凰不入乌鸦陈，牛羊不入狐狸群 (سۇمۇرغ قاغا توپىغا، قوي - كالا تۈلكە توپىغا قوشۇلماس) دېگەن گەپ بار.

(3) 鸳鸯 (سوقسۇر). ئەل ئىچىدە بىر جۈپ سوقسۇر مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىرى ئۆلۈپ قالسا، يەنە بىرى باشقىسى بىلەن ھەرگىز جۈپلەشمەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار. سوقسۇر ھەققىدىكى بايانلار قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەر 诗经 (نەزمىنامە)دە كۆرۈلگەن. ئەڭ دەسلەپتە ئاغا - ئىنىلەرگە ئوخشىتىلغان بولسىمۇ، كېيىن سىمۋوللۇق مەنىسى كېڭىيىپ، چىن مۇھەببەتكە، ئىناق ئەر - خوتۇنلارغا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان ھەمدە توي - تۆكۈنلەردە قىز - يىگىتنىڭ ھوجرىسىنىڭ دېرىزىلىرىگە، ياستۇق ۋە يوتقان قاپلىرىغا بىر جۈپ سوقسۇرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلۈش ئارقىلىق سوقسۇردەك مەڭگۈ ئايرىلماي، ئىناق ئۆتۈش تىلىكى ئىپادىلەنگەن.

(4) 蝙蝠 (شەپەرەڭ). خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدا شەپەرەڭ بەخت، ئامەت، ساغلاملىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. 红蝠 بىلەن 洪福 ئاھاڭداش بولغاچقا قىزىل شەپەرەڭ بىلەن بەخت - سائادەت باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، خەنزۇلار ئىچىدە شەپەرەڭ بەخت ۋە ئامەتنىڭ بېشارىتى دەپ قارالغان.

(5) 鹤 (تۇرنا). تۇرنا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە 仙鹤 (ئەۋلىيا تۇرنا) دەپ ئاتىلىپ ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. مۆتىۋەرلەر، ئاتا ـ بوۋىلار 鹤寿延年 (تۇرنىدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيلا)، 龟鹤齐龄 (تاشپاقا ۋە تۇرنىنىڭ يېشىغا كىرگەيلا). 鹤鹿同春 (تۇرنا ۋە مارالدەك ياش تۇرغايلا) دەپ تەبرىكلىنىدۇ.

(6) 梅花 (مېيخۇا گۈلى). بۇ گۈل قەھرىتان سوغۇقلاردا پورەكلەپ ئېچىلغاچقا، كىشىلەر مېيخۇا گۈلىنى ئەسلىگەندە قارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ گۈل كۆركەم، خۇشپۇراق، شاخلىرى پولاتتەك قاتتىق بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن گۈزەللىك، پاكلىق ۋە جەسۇر ئىرادىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بۇ گۈل يەنە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ روھىغا، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە سىمۋول قىلىنغاچقا، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

(7) 菊花 (جۇخار گۈلى). جۇخار گۈلى قەھرىتان سوغۇقتا مەزمۇت تۇرۇپ پورەكلەپ ئېچىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قەيسەر روھنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئەل ئىچىدە يەنە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان گۈل دەپ قارىلىپ، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن.

**(2 ئۇيغۇر تىلىدا سىمۋوللۇق مەنىسى بار، خەنزۇ تىلىدا يوق سۆزلەر**

(1) كاككۇك (布鸽). ئۇيغۇر تىلىدا مۇھەببەتنىڭ، بولۇپمۇ مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالغۇچىلارنىڭ سىمۋولى قىلىنغاچقا، خەلق قوشاقلىرىدا ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن:

كاككۇك ئاشۇقى زىنەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
بۇلبۇل سايرىغان چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا[8].

بۇلبۇل سايرىدى دىيلا،
كاككۇك سايرىدى دىيلا.
مەن يارنى دېگەن بىلەن،
يار كۆڭلىدە كىم دىيلا[9].

ئۇيغۇرلار كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان مۇھەببەتنى ئېسىگە ئالىدۇ. شۇڭا كاككۇك بىلەن زىنەپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ۋاپادار، ساداقەتمەن يارغا سىمۋول قىلىنغان. بەزى جايلاردا كاككۇكنىڭ قېنى يۇقتۇرۇلغان تۇمارنى ياكى كاككۇك قونغان دەرەخنىڭ شېخىنى قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈسە، قىزغا مۇھەببەت ئوتى تۇتىشىدۇ دېيىدىغان گەپ تارقالغان. گەرچە بۇ بىر خۇراپىي ئادەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان. كاككۇك بىلەن زىنەپ ھەققىدە قەدىمدىن بۇيان مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: قەدىمكى زاماندا كاككۇك بىلەن زىنەپ ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپتۇ. بىر كۈنى كاككۇك تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغان ئىكەن، ئۇنى زىنەپتىن يىراق يەرگە پالىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىنى سېغىنىپ ھەسرەت ئىچىدە ئۆز ئارا ئىسمىنى چاقىرىپ سايرايدىغان بولۇپتۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى «كاككۇكنىڭ دەردىنى ئورمان بىلىدۇ» دېگەن بۇ تەمسىل مانا مۇشۇ رىۋايەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

(2) ھۆپۆپ (戴胜鸟). ئۇيغۇر تىلىدا مەنمەنچىلىكنىڭ، ھاكاۋۇرلۇقنىڭ، ھەسەتخورلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن سەلبىي مەنە ئىپادىلەيدۇ. «ھۆپۆپنىڭ بىلىدىغىنى ھۆپۆپۆپ»، «ھۆپۆپ چوقۇپ تاپار، موللا ئوقۇپ»، «ھۆپۆپنىڭ سېسىقى بىر ـ بىرىگە بىلىنمەپتۇ» دېگەن ماقاللاردا ھۆپۆپ سەلبىي ئوبرازغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىغا دائىر ئەدەبىي ئەسەرلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇ بۇرۇنىسىدا سۇلايمان شاھنىڭ ۋەزىرى بولغان ھەمدە ئۇنىڭ تاجىسى ئەمەلىنىڭ بەلگىسى بولغان ئىكەن. ئەل ئىچىدە يەنە ھۆپۆپ ئەسلىدە بىلىملىك ئالىم ئىكەن، ئەمما ئۇ يا بىرەر ئەسەر قالدۇرماي، يا بىرەر شاگىرت تەربىيەلىمەي بىلىمىنى شۇ پېتى گۆرگە ئېلىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىلىمىنى سىرتقا چىقارمايدىغان كىشىلەر «ھۆپۆپ موللام» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن.

(3) تىكەن (刺). ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋوللۇق ئېڭىدا تىكەن كۆپىنچە ئەھۋالدا دۈشمەننىڭ،

سۇخەنچىنىڭ، جەبرى ـ جاپانىڭ سىمۋولى قىلىنغان. «تىكەنسىز گۈل بولماس، جاپاسىز راھەت» دېيىش ئارقىلىق پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ھاياتنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلگەن. كۆپىنچە خەلق قوشاقلىرىدا تىكەن رەقىبنىڭ رەھىمسىزلىكىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. مەسىلەن:

گۈلنى گۈلگە بەردىڭىز،
گۈلنى تىكەنگە بەردىڭىز.
بىزنى تاشلاپ مەيلىڭىزنى،
ئەمدى كىمگە بەردىڭىز[10].

كونىلاردا يەنە «تىكەننىڭ زەھرى تېشىدا، دۈشمەننىڭ زەھرى ئىچىدە»، «تىكەندىن قورققان گۈل ئۈزەلمەس» دېيىدىغان گەپ بار. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە «ئىككى گۈل ئارىسىغا تىكەن ئۆنۈپ چىقىپتۇ»، «تاھىر زۆھرەنىڭ قەبرىسى ئوتتۇرىسىدا تىكەن ئۆنۈپ چىقىپتۇ» دېگەن بايانلاردا تىكەن ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدا سۇخەنچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

(4) قوي. قوي ئۇيغۇرلاردا ياخشىلىققا، بايلىققا ۋە مۇلايىملىققا سىمۋول قىلىنغان. كونىلاردا: «باي بولاي دېسەڭ قوي بېقىپ بورداقچى بول، يۈز تاپاي دېسەڭ داستىخان سېلىپ پوداقچى بول»، «قويدىن قوي قالىدۇ، ئۆچكىدىن موي»، «قوينىڭ پوقىمۇ ئالتۇن» دېيدىغان ماقال بار. قوي گۆشى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان گۆش، ئۇيغۇر دېھقانلىرى قوينى ئۆينىڭ ئاساسلىق مۈلۈكى، تۇرمۇشىنىڭ كاپالىتى دەپ قارايدۇ. شۇڭا شىنجاڭدىكى چارۋا مال بازارلىرىدا ۋە باقمىچىلىق ئىشلىرىدا قوي ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋوللۇق ئېڭىدا قوي ئىجابىي، گۈزەل مەنىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى «قاپ ـ قارا قوي كۆزلىرىڭ» دېگەن مىسرالاردا قىزلارنىڭ جۇلالىق كۆزلىرى قوينىڭ كۆزىگە ئوخشىتىلىدۇ. نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىدا قوي يەنە ئاجىز، بىچارىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. مەسىلەن:

قوي ئۆلۈپ، قويلار ئۆلۈپ،
قوزىسى مەرەپ قالمىسۇن.
يار ئۆلۈپ، يارلاپ ئۆلۈپ،
ئاشىقى يىغلاپ قالمىسۇن[11].

ھەلەپ بېرىپ سەمرىتەي،
ئىغىلدىكى قويۇمنى.
ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك،
باغلاپ بېرەي قولۇمنى[12].

(5) پاختەك (斑鸠). پاختەك ئۇيغۇرلاردا خوتۇندىن قورقۇشقا سىمۋول قىلىنىدۇ. پاختەكنىڭ سايرىغان ئاۋازى «خوتۇندىن قورقىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇشىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، كىشىلەر خوتۇندىن قورقىدىغانلارنى «پاختەك» دەپ قويىدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ ھويلىسىغا پاختەك قونغان بولسا، خوشنىلار «سىلىنىڭ ھويلىغا پاختەك چۈشۈپتۇ» دەپ مەنىلىك چاقچاق قىلىشىدۇ. ئەرلەر زىيادە پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ئاياللارغا «پاختىكىڭ بولاي، قۇرغۇيۇڭ بولاي» دەپ يالۋۇرىدۇ. «پاختەكتەك يۈز يىل ياشىغۇچە، بۈركۈتتەك بىر كۈن ياشا» دېگەن ماقالدا پاختەك قورقۇنچاققا سىمۋول قىلىنغان.

## 3 . خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا سىمۋوللۇق مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتكەن سۆزلەر

خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا بەزى ھايۋانلار بىردىن ئارتۇق سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىككى خىل تىلدا شۇ ئوبرازغا نىسبەتەن كۆزىتىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش ئوبرازدىن پەيدا بولغان سىمۋوللۇق مەنىمۇ ئۆز ئارا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ شۇ ئوبرازنىڭ خەنزۇ ـ ئۇيغۇر

مىللەتلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى، شۇ ئوبرازغا ئېتىبار بېرىش دەرىجىسى ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىدىن بىر مىللەت شۇ ئوبرازنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە بەكرەك دىققەت قىلغان بولسا، يەنە بىر مىللەت ئۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە بەكرەك دىققەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈك خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن ئوخشىمايدىغان سىمۋوللۇق مەنىگە ئېرىشىپ قالغان.

(1) ئېشەك (驴). خەنزۇ تىلىدا ئېشەك بەتبەشىرىلىككە، قولىدىن پوق كەلمەيدىغان ئادەمگە سىمۋول قىلىنغان. خەنزۇ تىلىدىكى 黔驴技穷 (گۈيجۇ ئېشىكىنىڭ ھۈنىرى شۇنچىلىك)، 驴唇不对马嘴 (كاللا دېسە پاقالچاق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ) دېگەن تۇراقلىق ئىبارىلەردە قىلغان گەپ بىلەن پاكىتنىڭ ماس كەلمىگەنلىكى ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. «ئېشەك» دېگەن سۆز يەنە تىل ـ ھاقارەت تۈسىگە ئىگە بولۇپ، كۆپىنچە كاج، زەھەرخەندە دېگەن مەنىدىن باشقا، دۆت، ئەخمەق دېگەن سىمۋوللۇق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ خىل سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئالدى بىلەن قىلىقسىزلىققا، ھاياسىزلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئېشەكنىڭ خالىغان ۋاقىت، خالىغان ئورۇندا ئېغىناقلايدىغان، ئارتىلىۋالىدىغان ھالىتىنى كۆرگەندە كىشىلەر ھاياسىزلىقنى ئېسىگە ئالىدۇ. «ئېشەكنىڭ ئەسكىسى سىيگەك، ھاياسىز خوتۇن كۈلگەك»، «ئېشەك تەخىيىگە ئېشەكلىكتىن باشقىسىنى ئۆگەتمەس» دېگەن ماقالدا ئېشەك ھاياسىزلىققا سىمۋول قىلىنغان؛ ئىككىنچىدىن، ئېشەك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئېشەك تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر جاپالىق سەپەرنى، قۇربان تۇلۇمنىڭ ماۋجۇشنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا سەپەر قىلغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. قەدىمدىن بۇيان ئېشەك شىنجاڭدا ئاساسلىق قاتناش قورالى، ئاساسلىق ئەمگەك كۈچى بولۇپ كەلگەچكە جەبىر ـ جاپانىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئېشەك چىدامچان، ئېغىر-بېسىق بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىجابىي تۈسكە ئېرىشكەن. مەسىلەن، «ئېشەك ـ ئېشەك دېمىز، ئېشەكچىلىك بولالمايمىز»، «ئېشەك مۆدۈرۈپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن قايتا ئۆتمەس» دېگەن ماقالدا ئېشەك بىر قىسىم بىپەرۋا ئادەملەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان؛ تۆتىنچىدىن، ئېشەك ھەمراھ، بايلىق دېگەن مەنىگە ئېرىشكەندىن باشقا، كۆپىنچە سېلىشتۇرۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، «ئېشەكنىڭ قېرىشى چىشىدىن، ئادەمنىڭ قېرىشى ئىشىدىن»، «ئېشەكنىڭ كۈچى ھالال، گۆشى ھارام»، «ئېشەك يۇۋاش بولسا ھەر كىم مىنىدۇ» دېگەن ماقالدا ئېشەكنىڭ تۈرلۈك سىمۋوللۇق مەنىلىرى نامايان قىلىنغان.

(2) قۇرغۇي (雀鹰). جەزبىدار، ھۈجۇمغا ماھىر بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن خەنزۇ تىلىدا باتۇرلۇققا، يىراقنى كۆرەرلىككە سىمۋول قىلىنغان؛ كۆزلىرى ئويناقچان، ئىگىسىگە سادىق بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا گۈزەل قىزغا، ۋاپادار يارغا سىمۋول قىلىنغان. مەسىلەن:

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
ئېگىز تاغنىڭ كەينىگە.
بىزنى دېگەن چوكانلار،
چىقسۇن باغنىڭ كەينىگە.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا «قۇرغۇيۇم» دېگەن سۆز كۆپىنچە «يارىم» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

(3) ئۆرۈك (杏子). ئۆرۈك چېچىكى قەدىمكى جۇڭگودا «قۇتلۇق چېچەك» دەپ ئاتالغان. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە قىزلارنىڭ گۈزەل قىياپىتى 杏眼桃腮 (كۆزلىرى ئۆرۈكتەك، مەڭزى شاپتۇلدەك)، 柳叶眉，杏仁眼 (مەجنۇنتال يوپۇرمىقىدەك قاشلىرى، ئۈچكىدەك كۆزلىرى) دەپ تەسۋىرلەنگەن. خەنزۇ تىلىدا يەنە 杏 (ئۆرۈك) بىلەن 幸 (بەخت) ئاھاڭداش بولغاچقا، بەخت دېگەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئېرىشكەن. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا مۇھەببەتكە، مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسىگە سىمۋول قىلىنغان. بۇرۇن يېزىلاردا يىگىتلەر قول ياغلىقىغا ئورالغان ئۆزۈكنى كۆڭلى چۈشكەن قىزلارغا ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق

مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى.

ئىشىك ئالدى ئۆرۈكلۈك،
ئايغى قىزىل گۈللۈك.
يېڭى يارچە يار تۇتسام،
دوپپىسى بادام گۈللۈك[13].

بۇ خەلق قوشىقىدا ئۆرۈك مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان.

(4) شاپتۇل (桃子). شاپتۇل خەنزۇ تىلىدا تۆۋەندىكىدەك سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە. بىرىنچىدىن، شاپتۇل تاتلىق، يېيىشلىك بولغاچقا، قەدىمدىن بۇيان شاپتۇل يېسە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئادەم قېرىمايدۇ دېگەن قاراش پەيدا بولغان. ئەل ئىچىدە ياشانغانلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 桃寿 (ئۇزۇن ئۆمۈر شاپتۇلى) بىلەن تەبرىكلەنگەن. ئەنئەنىۋى رەسىملەردە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى بىر قولىدا ھاسا، بىر قولىدا شاپتۇل تۇتقان ھالدا نامايان بولغان؛ ئىككىنچىدىن، شاپتۇل چېچىكى گۈزەل قىزلارنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا سىمۋول قىلىنغان. «نەزمىنامە»دىكى 桃之夭夭，灼灼其华 (شاپتۇل چېچىكى ئېچىلار باھاردا، ئوخشايدۇ ھۆسنى گۈزەل قىزلارغا) دېگەن مىسرالاردا قىزلارنىڭ گۈزەل قىياپىتى شاپتۇل چېچىكىگە ئوخشىتىلغان. كېيىنچە گۈزەل قىزلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار شاپتۇل چېچىكى بىلەن سۈپەتلەنگەن. مەسىلەن، 某人交了桃花运 (قىزچاق بىراۋنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ)، 桃色事件 (ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بولمىغۇر ئىشلار) دېگەن مىساللاردا خەنزۇ تىلىدا يۇقىرىقى مەنىلەر شاپتۇل چېچىكى ياكى شاپتۇل رەڭگى بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ ئۈچىنچىدىن، شاپتۇل يەنە ئوقۇغۇچى ۋە شاگىرتقا ئوخشىتىلغان. مەسىلەن، ئۇستاز تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلار ھەممە يەرگە تارالغان دېگەن مەنە خەنزۇ تىلىدا 桃李满天下 دەپ ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر تىلىدا شاپتۇلنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى خەنزۇ تىلىدىكىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا شاپتۇل مېۋىلەرنىڭ شاھى دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، «شاپتۇل قوي ئۆزۈڭگە، ئۆرۈك قوي بالاڭغا، ئامۇت قوي نەۋرەڭگە، ياڭاق قوي چەۋرەڭگە» دېگەن ماقالدا ۋە:

ئالما قېقى، ئۆرۈك قېقى،
يېگۈم كېلۇر شاپتۇل قېقى.
بۇ دۇنيادا ئاز ئىكەن،
بىزنىڭ ياردەك دىل سىقى[14].

دېگەن خەلق قوشاقلىرىدا شاپتۇل ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنغان.

(5) ئاي (月亮). ئاي گەرچە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ شەيئى بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇپ يەتكەندىن بۇيان چۆچەك ـ رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىشكە باشلىغان. 嫦娥奔月 (چاڭ ئېنىڭ ئايغا چىقىشى)، 月是故乡明 (ئاي ئۆز يۇرتىدا ئەڭ يورۇق كۆرۈنىدۇ) دېگەن سۆزلەردە ئاي كىشىلەرنىڭ تەلپۈنۈش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار ئاينى شان ـ شۆھرەت ۋە يۇرت بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇيغۇر تىلىدا ئاينىڭ يارقىن نۇرىغا قاراپ گۈزەل، چىرايلىق قىزلارغا سىمۋول قىلىنغان. ئۇيغۇرلار قىزلارنىڭ چىرايلىق چوڭ بولۇشىنى تىلەپ ئۆز پەرزەنتىگە «ئاينۇر»، «ئايگۈل»، «ئايگۈزەل»، «ئايبۇلاق» دېگەن ئىسىملارنى قويغان. خەلق قوشاقلىرىدىكى «ئايدەك يۈزۈڭ»، «يارىمنىڭ يۈزى ئايدەك» دېگەن مىسرالاردا قىزلار ئايغا ئوخشىتىلغان.

## 4. خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا سىمۋوللۇق مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىپادىلەنگەن سۆزلەر

مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى ۋە چۆچەك ـ رىۋايەتلىرى مەلۇم شەيئىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە نىسبەتەن زور تەسىر كۆرسەتكەچكە، ئوخشىمايدىغان مىللەتلەر ئوخشاش ھادىسىنى ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن كۆزىتىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر مىللەت شەيئىلەرنىڭ كۆپ خىل ئالاھىدىلىكىدىن، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى، پىسخىك ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن

كېلىدىغان مەلۇم تەرىپىنى تاللىۋېلىش مۇمكىن. بۇ تاللانغان تەرەپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۈرلۈك ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق بىر خىل ئومۇملاشقان سىمۋول مەدەنىيىتى بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمىي رىۋايىتىدە ئەجدىھا (龙) بۇلۇتلارنى ئۇچتەي ـ تۇچتەي قىلىپ يامغۇر ياغدۇرالايدىغان ئەۋلىيا مەخلۇق دەپ تەرىپلەنگەن. «ئەجدىھا»دا ئېلىمىز تارىخىدا تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى توتېم ئوبرازى نامايان قىلىنغان. «ئەجدىھا» جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ سىمۋولى، جۇڭخۇا مىللىتى «ئەجدىھا» نىڭ ئەجدادى، تارىختا ئۆتكەن خاقانلار خەلقنى نادانلاشتۇرۇش، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ئەجدىھا پۇشتى دەپ ئاتىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن «ئەجدىھا» جۇڭگودا ھوقۇق، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. خەنزۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەجدىھا مۇقەددەسلىك، ئېسىلزادىلىك ۋە شان ـ شۆھرەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان ھەمدە «龙飞凤舞» (گۈل كەلتۈرۈۋەتمەك)، 生龙活虎 (شوخ ۋە تېتىك)، 龙腾虎跃 (چەبدەس ـ چاققان)، 龙马精神 (جۇشقۇن ـ روھلۇق) دەپ، ئەجدىھانى سۈپەتلەيدىغان سۆز ـ ئىبارىلەر بارلىققا كەلگەن. ئەمما، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بولسا ئەجدىھا تىرناقلىرىنى كىرىپ ئوت پۈركۈيدىغان، ياۋۇز ۋەھشىي ھايۋان سىياقىدا تەسۋىرلەنگەن، «قىلىچ ئۆمەر»[15]، «قەھرىماننىڭ قىسسىسى»[16] ناملىق خەلق چۆچەكلىرىدە پالۋانلارنىڭ ئەجدىھا بىلەن ئېلىشقانلىقى، ئاخىرىدا ئەجدىھا ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا، «ئەجدىھا» دېيىلسە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆز ئالدىغا ۋەھشىي قورقۇنچلۇق ئوبراز نامايان بولغان. 望子成龙 (پەرزەنتىنىڭ كاتتا ئەرباب بولۇشىنى ئارزۇ قىلماق) ئېلىمىزدىكى مىليونلىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەقىقىي تىلىكى، ئەگەر بۇ تۇراقلىق ئىبارە «پەرزەنتىنىڭ ئەجدىھا بولۇشىنى ئارزۇ قىلماق» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر «بۇ زادى قانداق گەپ» دەپ چۈشىنەلمەيدۇ. دېمەك، ئوخشاش ئوبراز ھەر ئىككى تىلدا پۈتۈنلەي ئەكسىچە سىمۋوللۇق مەنىگە ئېرىشكەچكە كونكرېت تېكىستتە ئوخشاش بولمىغان سىمۋوللۇق مەنە بويىچە چۈشىنىلىدۇ.

## 5. خۇلاسە

يۇقىرىدا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەھلىلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى نوقۇل ھالدىكى بەلگىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، مول مەزمۇنلۇق مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ياشاش ئادىتى كىشىلەردە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىش نەتىجىسىدە تۈرلۈك سىمۋوللۇق مەنە شەكىللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىياتىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىدا ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك مەدەنىيەت پەرقى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە مىللىي روھى جەھەتتىكى ئوخشاشمايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خەنزۇ ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ نامىدا ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق مەنىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە پسىخىكا مەدەنىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشىغا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىغا، شۇنداقلا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا مەلۇم جەھەتتە ياردىمى بولىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[M](3ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006ـ يىلى 2ـ ئاي نەشرى، 163ـ بەت.
[2] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[M](3ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006ـ يىلى 2ـ ئاي نەشرى 109ـ بەت.
[3] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [M] (2ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006ـ يىلى 2ـ ئاي نەشرى، 76ـ بەت.

[4] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[M] (4- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 54- بەت.

[5] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [M] (2- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 102- بەت

[6] ۋاڭ پىڭ: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدا ئۈجمىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى»[J]، ئەنشۇن ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2008- يىلى 4- سان، 06 - بەت.

[7] لى لى: «ئەل ئېغىزىدا قارىغاينىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى»[J] ، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2004- يىلى 2- سانى، 119- بەت.

[8] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [M] (2- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 154- بەت.

[9] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [M] (2- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 06- بەت.

[10] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [M] (2- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 08- بەت.

[11] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[M] (4- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى ، 99- بەت.

[12] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»[M] (4- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى ، 170- بەت.

[13] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [M] (2- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 94- بەت

[14] «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» [M] (2- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 106- بەت

[15] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»[M] (1- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 103- بەت.

[16] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»[M] (1- قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006- يىلى 2- ئاي نەشرى، 236- بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 049 ـ 01(2014) 5878 ـ 1005

# ئىلى شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا*

قەييۇم مىجىت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئىلى شېۋىسى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئىلى شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىر قانچە جەھەتتىن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىلى شېۋىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئىلى شېۋىسى؛ ئەدەبىي تىل؛ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىك

**摘要：** 本文简单解释伊犁次方言及其形成过程，几方面具体探讨伊犁次方言的词汇特点，并且提出调查和研究伊犁次方言的重要性。

**关键词：** 伊犁次方言；通用语言；词汇特点

**Abstract:** This thesis briefly analyzes Eli dialect; it's forming process and lexical features. Also points out the importance of research on Eli dialect.

**Keywords:** Eli dialect; common language; lexical feature

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2   ماتېرىيال بەلگىسى: A

شېۋە بىر دىيالېكتقا تەۋە جايلارنىڭ ئايرىم سۆز ياكى تاۋۇش جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك تەلەپپۇزىدۇر. شېۋە دىيالېكتتىن كىچىك بولىدۇ. ئادەتتە بىر دىيالېكت ئۆز ئىچىدىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق شېۋىگە بۆلۈنىدۇ. شېۋە كۆپىنچە ئۆزى قوللىنىلىدىغان جاينىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئىلى شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، قومۇل شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى، خوتەن شېۋىسى دېگەنگە ئوخشاش. شېۋە شۇ جاينىڭ تىل ۋە باشقا جەھەتلەردىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ھەر قايسى شېۋىلەر ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تىل تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىيالېكت تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىلى شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىغا تەۋە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شېۋىلەرنىڭ بىرى. ئىلى شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بۇ شېۋىدە يەنە بەزى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرمۇ مەۋجۇت. يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى گەرچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سۆزلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرسىمۇ، لېكىن بۇ رايون ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى بىر قەدەر قويۇق ساقلانغان. بولۇپمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسىدە رۇس ۋە تاتار مىللىتىنىڭ تىل ئېلېمېنتلىرى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىلى شېۋىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولغان ئامىللار كۆپ خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇ رايوندا يۈز بەرگەن ھەرخىل تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ باشقا جايلاردىن ئىلىغا كۆچۈپ كېلىشى، قوشنا ئەللەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە 2011 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسى تەتقىقاتى»(تەستىق نومۇرى: 11BYY120) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: قەييۇم مىجىت (1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

جەھەتتىكى تەسىرى قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئىلى رايونى تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق رايونلارنىڭ بىرى. 2009 ـ يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردىكى (ئاساسلىقى ئىلى رايونىدىكى) ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 665 مىڭ 600 نەپەر بولۇپ، بۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %24.28 نى ئىگىلەيدۇ[1]. ئۇلار ئاساسەن غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيەسى، قورغاس ناھىيەسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى، توققۇزتارا ناھىيەسى، نىلقا ناھىيەسى، تېكەس ناھىيەسى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭغار خانلىقى قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە (1640 ـ 1757) ئىلى تارانچىلىرى (يەرلىك ئۇيغۇرلار) نىڭ نوپۇسى 280 مىڭ تۈتۈنگە يەتكەن. چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق يىللىق ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبىدىن بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار كۆپلەپ سىرتلارغا ( ئاساسلىقى يەتتە سۇ ۋادىسىغا ) كۆچۈپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى بۇ جايغا « ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى » نى قۇرغاندىن كېيىن، ئازىيىپ كەتكەن ئاھالىنى، ئاساسەن تېرىقچىلارنى تولۇقلاپ، ئاق قالغان يەرلەرنى تېرىپ، ھەربىي تەمىناتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن، ئاساسەن ئۈچتۇرپان، كەلپىن، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قومۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەككىز مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى ئىلى رايونىغا كۆچۈرگەن. 1871 ـ يىلىدىن1881 ـ يىلىغىچە چاررۇسىيە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان. بۇ مەزگىلدە چاررۇسىيە ئىلىدىن 45 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىسىنى يەتتە سۇ رايونىغا مەجبۇرىي كۆچۈرگەن. بۇ قېتىمقى «كۆچۈش» سەۋەبىدىن ئىلى رايونىدىكى نۇرغۇن جايلار ئادەمسىز قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر تۈركۈم ئىشلەمچىلەر ئىلى رايونىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرغان[2].

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيەدە پارتلىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن يۈرگۈزگەن سىياسىي كۈرەشلەر سەۋەبىدىن، ئەينى يىللاردا يەتتە سۇ رايونىغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ۋە بىر قىسىم قازاق، رۇس، تاتار، تۇڭگان قاتارلىق مىللەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى رۇسىيەدىن ئىلىغا كۆچۈش پائالىيىتى بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. بولۇپمۇ غۇلجا شەھىرىدە مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلغان. رۇس، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ ئارىلاشما مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن. غۇلجا شەھىرىدە يەنە رۇس ئوتتۇرا مەكتىپى، تاتار باشلانغۇچ مەكتىپى، ئايخان مەكتىپى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان. شۇ يىللاردىكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مەزگىللىك ئىلغار سىياسىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولغان. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرى شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى يوقىتىپ قويمىدى. بەلكى مەلۇم جەھەتتىن ئارىلاشما مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتتى. ئىلى شېۋىسى ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولغان.

ئىلى شېۋىسى باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ تارىختا ئىلىغا كۆچۈرۈلۈشى ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ دىيالېكت ـ شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا بۇ شېۋە ئۆزىدە قەشقەر شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، تارىم شېۋىسى، ھەتتا خوتەن دىيالېكتىنىڭ بەزى تىل

ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان شېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

1955- يىلى ۋە 1956-، 1957- يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇميۈزلۈك دىيالېكت تەكشۈرۈشتە ئىلى شېۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىلىمىزغا ئەڭ يېقىنلىقى، شېۋىلەر ئارا مۇناسىۋەتتىدىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ قەشقەر، ئاتۇش، كۇچا شېۋىلىرىگە ھەم تۇرپان، قومۇل شېۋىلىرىگە خېلى كۆپ تەرەپلەردە ئوخشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا يېقىن تۇرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئىلى شېۋىسى فونېتىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتە ئەدەبىي تىلدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. لېكسىكا جەھەتتە ئەدەبىي تىلدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز ئىلى شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەدەبىي تىلغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

لېكسىكا جەھەتتە ئىلى شېۋىسى بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ پەرقى ناھايىتى ئاز. 1955-، 1957- يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەم كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، مەزكۇر شېۋىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەر ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان تەرەپلەر دېيىلگەندە، ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداش بولغان، شېۋىگە خاس بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بولۇشى، ئىلى شېۋىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان، ئەدەبىي تىل ۋە باشقا شېۋىلەردە قوللىنىلمايدىغان يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بولۇشى، چەت تىللاردىن، بولۇپمۇ رۇس تىلى، تاتار تىلى، خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى ۋە قازاق تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بولۇشى، چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر ۋە قەدىمكى سۆز ئىبارىلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتتىكى پەرقلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن فونېتىكىلىق پەرققە ئىگە بولغان سۆزلەر ۋە ئىلى شېۋىسىگە خاس بولغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىمۇ مەلۇم مىقتاردا ئۇچرايدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلى شېۋىسىنىڭ مۇھىم لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

## 1. ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداش بولغان ئىلى شېۋىسىگە خاس سۆزلەر

ئىلى شېۋىسىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىسى ئاساسەن ئوخشاش ياكى يېقىن كېلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن مەنىداش سۆز ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە شېۋىگە خاس سۆزلەر ئىلى شېۋىسىدە كۆپرەك قوللىنىلغان ۋە ساقلانغان. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| داردائ | كېرىلگەن، بېيىلغان |
| داخىڭگە | ھاكاۋۇر، چوڭچى |
| خاناقماق | ئىككىلەنمەك، دەر گۇمان بولماق |
| ساي كەلمەك | مۇۋاپىق كەلمەك، ئۇيغۇن كەلمەك |
| لودۇر | ھورۇن، بولۇمسىز |
| ئەلۋەك | كۆپ، مول، يېتەرلىك |
| ساقام | بالام، قوزام (ئەركىلەتمە سۆز) |
| غوم | ئاداۋەت، ئۆچ |
| قىر | چەت، ياقا جايلار |
| رەزگى | زەئىپ، ئاجىز؛ نازۇك، لەقۋا |
| چۈشەك | كۆرپە، سېلىنچا |
| چالغىتماق | ئېلىشتۇرماق، قاچۇرماق |

ئىلى شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن ئوخشاش ئۇقۇم ئىپادىلەيدىغان، تەڭ مەنىلىك بولغان بىرقىسىم سۆزلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئىلى شېۋىسىدە ئوخشىمايدىغان تاۋۇش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| سوم | يۈەن، كوي |
| گەردىن | چوڭ چىنە |
| ئېكىنچى | دېھقان |
| ئاگۋاشقا | شوگا، شوگلاشقا |
| رايكوم | رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى |
| ئاتىغاز | ئاتا غاز، ئەركەك غاز |

| | |
|---|---|
| توڭگە | تۆمۈر هالقا، دەرۋازىنىڭ تۇتقۇچى |
| دولخاي | گەجگە، شىللە |

## 2. ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدىغان، ئىلى شېۋىسىگىلا خاس بولغان سۆزلەر

ئىلى شېۋىسىدە لېكسىكىلىق جەھەتتە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قالغان، ئەدەبىي تىلدا ياكى باشقا شېۋىلەردە قوللىنىلمايدىغان، پەقەت ئىلى شېۋىسىگىلا خاس بولۇپ، ئىلى شېۋىسىدىلا قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسى |
|---|---|
| كۆمەك | ياردەم، ياردەم بېرىش |
| زىبىز | پەقەت، زادىلا |
| تېپىنىش | دەل، جايىدا، نەق يېرىگە |
| جىجىۋىللىق | تەرسالىق، تېرىككەكلىك |
| چۆرۈملۈك | قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان تويلۇق رەخ، كىيىم ـ كېچەك |
| بوسۇت | توي قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان سوۋغات |
| جۇسۇنلىمەك | زەڭ قويماق، بىرنەرسىنىڭ شەكلىنى ئېنىق بىلىۋالماق |
| جىجۇۋي | تېتىك، جانلىق |
| سوخرۇن | ئىلگىرى كەلمەس، روناق تاپماس |
| قاپلاك | يالغانچى، ئالدامچى |
| باتچى | ماختانچاق |
| بەردەڭگى | قارا مىلتىق |
| ئاپچىرىماق | كىرىشىپ كېتىش، كىچىكلەپ كېتىش |
| پوپۇچ | كىچىك باللارنىڭ ئاياغ كىيىمى |
| تۆپە | تېرىدىن تىكىلگەن، تاشلانمىغان سىرتى ئاق باش كىيىم |

## 3. ئىلى شېۋىسىگە باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر

ئىلى شېۋىسىدە رۇس تىلى، تاتار تىلى، ئۆزبېك تىلى، خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى، قازاق تىلى قاتارلىق تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن، ئەدەبىي تىل ۋە باشقا شېۋىلەردە قوللىنىلمايدىغان بىرقىسىم سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەرنى تۆۋەندىكى تىپلارغا ئايرىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

### 1) رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆز ـ ئاتالغۇلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكىغا، سىياسىيغا، ھەربىي ۋە قورال ـ ياراغقا، تېبابەتچىلىككە ئائىت ئاتالغۇلار ئەدەبىي تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كۈندىلىك تۇرمۇش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە دائىر سۆز ـ ئاتالغۇلار ئەدەبىي تىلىمىزغا ياكى باشقا شېۋىلەرگە ئۆزلەشمىدى. ئەمما بۇ خىل سۆز ـ ئاتالغۇلار ئىلى شېۋىسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ، مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە.

(1) كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئاتالغۇلار. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| تېرمۇس | چايدان |
| پىرژىكتىر | قول چىرىغى |
| پىرىمىس | كىرسىن ئوچاق |
| پىلىتە | سالاسۇنلۇق ئوچاق |
| تېترەت | دەپتەر |
| زىپكا | سەگەنچۈك |
| گاردىروپ | كىيىم ئىشكابى |
| مىشكاپ | تاغار |
| شارا ـ بارا | كونا نەرسىلەر |
| كىليونكا | يالتىراق (سۇلياۋ) |
| گەلەنتىر | يايما، ئەركىن بازار |
| پەدەركا | سوۋغات |
| پانار | شامالدىن دالدا چىراغ |
| ۋارۇنكا | بوتۇلكا ئاغزىغا تۇتۇپ سۇ قۇيىدىغان ئەسۋاب، پەركا |
| باتىلۇشكا | سۇدان |

(2) كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەككە ئائىت سۆز ـ ئاتالغۇلار. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسى |
|---|---|
| ساراپان | ئايالچە تاسمىلىق كۆينەك |
| پوكۋاي | قىشلىق چوڭ يۇڭ ياغلىق |

| | |
|---|---|
| ناسكى | كالتە پايپاق |
| تالىستوپكا | بېلى رېزىنكىلىق بوغماق چاپان |
| شىم - تۇجۇركا | ئىشتان - چاپان |
| گەلەپى شىم | ئىككى يوتىسى كەڭ، تار پۇشقاقلىق ئەرەنچە ئىشتان |
| بەتىڭگە | قىشلىق كالتە قونجىلىق ئاياغ |
| كاپۇسكا | كاللەك بەسەي |
| كارتۇچكا | ياڭيۇ، بەرەڭگە |
| شىمشكا | گازىر |

(3) قاتناش قوراللىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىغا دائىر سۆز - ئاتالغۇلار. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسى |
|---|---|
| كوڭكا | قارا ماشىنا، يۈك توشۇش ماشىنىسى |
| پىگولۇ | رېزىنكە چاقلىق ئات ھارۋىسى |
| كالاسكا | يۆلەنچۈكى بار ئات ھارۋىسى |
| بۇرۇشكا | تۆت چاقلىق ھارۋا |
| مالاتىنكا | بۇغداي تېپىش ماشىنىسى |

(4) باشقا ئاتالغۇلار ۋە سۈپەت سۆزلىرى. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| كامۇنا | يېزا، گوڭشى |
| بىرگادا | ئەترەت، شاۋدۈي |
| گاسخوز | باغۋەنچىلىك مەيدانى |
| زايومكا | دەريا بويىدىكى ئارامگاھ |
| ۋىچىركا | قىزنى يىگىت ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلگەن ئاخشىمى ياشلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان زىياپەت |
| زادرۇشكا | سارائ، كالۋا |
| چېستىي | قالتىس، تەلەپكە لايىق |
| نوۋىي | يېڭى |

رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئادەت سۆزلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ خىل سۆزلەرنى مۇشۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرغان كىشىلەر روشەن ھېس قىلالايدۇ. بۇ خىل سۆزلەر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان.

**2) تاتار تىلى ۋە ئۆزبېك تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر**

ئىلى شېۋىسىدە تاتار تىلى ۋە ئۆزبېك تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇنداق سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاتلىق - تۈرۈم ۋە تاماق تۈرلىرىنىڭ ناملىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسى |
|---|---|
| بەلىش | ئارىسىغا قاق ئېلىپ پىشۇرۇلغان تاتلىق يېمەكلىك |
| سامبۇسا | ئارىسىغا گۆش ئېلىپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاماق |
| كاتلىت | كالا گۆشى قىيمىسىدا قىلىنىدىغان تاماق |
| ئېرىس | سۈت بىلەن شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قايىنتىلىدىغان قىيام |
| ۋارىنە | مۇراببا، مېۋە قىيامى |
| ناپالىيون | خېمىرنى قاتلىما قىلىپ، ئارىسىغا ئېرىس ئېلىپ پىشۇرىدىغان يېمەكلىك |

**3) خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى ۋە مانجۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر**

ئىلى شېۋىسىدە خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى ۋە مانجۇ تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇنداق سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەل - مەنسەپ، كىشىلىك خاراكتېر ۋە يەر - جاي ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. بۇ خىل سۆزلەر ئىلى خەلق قوشاقلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: دارىن (خەنزۇچىدىن، مەرتىۋىلىك ئەمەلدار )، خوخەنزە (خەنزۇچىدىن، باتۇر، ئوغۇل بالا)، چىڭمودەن (خەنزۇچىدىن، گۈل نامى، يېشىل مودەن)، دودەن (خەنزۇچىدىن، ئۆكتەم، زوراۋان، جاھىل)، ۋاڭخۇلۇ (خەنزۇچىدىن، ناخشا تېكىستىنىڭ نامى)، داگەنزە (خەنزۇچىدىن، ناخشا تېكىستىنىڭ نامى)، خاجۇ - خۇجۇ( خەنزۇچىدىن، قاراموچ)، بايانداي (موڭغۇلچىدىن، يەر نامى، مۇنبەت تۇپراق)، جىرغىلاڭ (موڭغۇلچىدىن، يەر نامى، بەختلىك، جىرغاپ تۇرغان، ئوت - سۈيى ياخشى جاي)، كۈرە (موڭغۇلچىدىن، يەر نامى، بۇتخانا)، ئامبال (مانجۇچىدىن، ھاكىم، ئەمەلدار)

**4) ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر**

ئىلى شېۋىسىدە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن كىرگەن، باشقا رايونلارغا قارىغاندا پەرقلىق ھالدا قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار. بۇ خىل سۆزلەر

ئىلى خەلق قوشاقلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ۋادەرىخا (پارىسچىدىن، ناخشا نامى، ۋاي ئېسىت، ۋاي ئەپسۇس)، سۇمباتلىق (پارسچىدىن، چىرايلىق، كېلىشكەن)، جۇرى (پارىسچىدىن، ماس، ئۇيغۇن، لايىق)، روزىگار (پارىسچىدىن، تۇرمۇش، تىرىكچىلىك)، پاششاپ (پارىسچىدىن، مەھەللە، كوچىلارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل ئەمەلدار، مەشرەپتە ئامانلىققا مەسئۇل كىشى)، مەھبۇب (ئەرەبچىدىن، سۆيۈملۈك، دوست)، قىسما (ئەرەبچىدىن، تۇر، خىل)، مۇرەببىي (ئەرەبچىدىن، تەربىيەلىگۇچى، تەربىيەچى، ئىگە بولغۇچى)، سۇكۇر (ئەرەبچىدىن، مەستلىك، كەيپلىك)، ئەشقاللا (ئەرەبچىدىن، ھەشقاللا، رەھمەت)، شەرى (ئەرەبچىدىن، ئىسلام دىنى قائىدە ـ قانۇنلىرى، شەرىئەت).

## 4. ئىلى شېۋىسىدىكى يايلاق تۇرمۇشىغا، چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر

ئىلى شېۋىسىدە يايلاق تۇرمۇشىغا، چارۋىچىلىققا ئائىت سۆز ـ ئاتالغۇلار بىر قەدەر كۆپ، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى ئىلى شېۋىسىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلىرى بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى قازاق تىلى ياكى باشقا مىللەتلەر تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى شېۋىسىگە كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردۇر، بۇنداق سۆزلەر ئەدەبىي تىل ياكى باشقا شېۋىلەردە ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن: ئازنىماق (ئاتنىڭ كىشنىشى)، ئاقيەم (قارچۇغىنىڭ پوكىنىنى تازىلاش ئۇچۇن قەنتكە مىلەپ بېرىدىغان يەم)، بورۇل ئات (رەڭگى كۆككە مايىل كەلگەن ئات)، بۆرتە ئات (ئېشەك رەڭگىدىكى ئات)، ئالاياق (تۆت پۇتى ئاق ئات)، چاپدار ئات (قىزغۇچ سېرىق ئات)، بوغۇت (جۇمبۇ)، تۇماغا (بۈركۈتنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلىدىغان پوسما)، چالدۇرماق (ئات ـ ئۇلاغنى ئوتقا قويماق، دەم ئالدۇرماق)، چۇچۇلىماق (تورغاينىڭ سايرىشى)، سەن سەن (يۇڭى ئۆسۈك پاقلان تېرىسى)، كۆچ يول (چارۋىلارنى يايلاقتىن قىشلاققا كۆچۈرىدىغان يول)، ئوقۇرۇق (ئات تۇتىدىغان سالما)، ئۆكرەك (ئاتنىڭ سەكرەپ مېڭىش ھالىتى).

## 5. ئىلى شېۋىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قالغان سۆزلەر

ئىلى شېۋىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن قېپقالغان، ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتقان بىرقىسىم سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى شېۋىسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ تاۋۇش تەركىبىي ياكى مەنىسى ئازراق ئۆزگەرگەن. بۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىل ۋە باشقا دىيالېكت ـ شېۋىلەردە ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| قاپقا | دەرۋازا، دەرۋازىنىڭ قانىتى |
| يالجا | نەتىجە، ئاقىۋەت |
| ئاغلاقچى | نازارەتچى، چېقىمچى |
| سىقىق، سىقىم | ئازاب، جاپا چەكمەك |
| تۆرگۈن | زادىلا، قەتئىي |
| ئىشتىمەك | ئاڭلىماق |
| شوتا | يەرنامى، مۇز داۋاندىن ئاشىدىغان مۇز پەلەمپەي |
| لاڭقا | يەرنامى، قاشا دەرۋازا |
| قاپسالاڭ | يەر نامى، قىيان ساي، قارا سۇ |

## 6. ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن فونېتىكىلىق پەرققە ئىگە بولغان سۆزلەر

ئىلى شېۋىسىدىكى بەزى جايلاردا ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرگە نىسبەتەن فونېتىكىلىق پەرققە ئىگە بولغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەردىكى پەرق ئاساسەن، سۆز تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرگە ئوخشىماسلىقىدىن ياكى تاۋۇش ئالمىشىش، تاۋۇش قوشۇلۇش، تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن:

| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| لىگان | لىگەن |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دوگۇلاش | دۆۋىلەش | غۇلاجىماق | غۇلاچلىماق |
| تامشە | تاماشا | بارى | بېرى |
| سایاسەت | سىياسەت | تۇزەك | تۇزۇك |
| ماشاق | باشاق | دەييا | دەريا |
| شاي | شاش، كۆندۇرۇلمىگەن | چوقۇر (يەر نامى) | چوڭقۇر |

## 7. باشقا جايدىكى سۆزلەر بىلەن شەكلى ئوخشايدىغان مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر

ئىلى شېۋىسىدە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى سۆزلەر بىلەن شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش ياكى يېقىن بولغان، لېكىن ئىپادىلىگەن مەنىسى ئوخشىمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەرمۇ شېۋىگە خاس سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: دالان (تاشقىرقى ئۆي، ئىلىدىكى مەنىسى)، دالان (مېھمان كۈتىدىغان چوڭ ئۆي، قەشقەردىكى مەنىسى)، دەرەڭگە (كالىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان كالتەك، ئىلىدىكى مەنىسى)، دەرەڭگە (ئۈجمە قاقىدىغان كالتەك، خوتەندىكى مەنىسى)، جەللىگۇر (يانچۇقچى، ئوغرى، ئىلىدىكى مەنىسى)، جەللىگۇر (كۆرگەن بىلگىنى كۆپ، قەشقەردىكى مەنىسى)، جەللىگۇر (دېدەك، مالاي، قومۇلدىكى مەنىسى)، سوقماق (چىغىر يول، سوقماق يول، ئىلىدىكى مەنىسى)، سوقماق (ئۇزۇم بىلەن ياڭاق مېغىزى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك، خوتەندىكى مەنىسى)، تېنىمەي (ئۆلەرمەن، ئىلىدىكى مەنىسى)، تېنىمەي (تېتىقسىز، قىلىقى سەت، تۇرپاندىكى مەنىسى)، چوڭ دادا (ئاتىسىنىڭ ئاكىسى، ئىلىدىكى مەنىسى)، چوڭ دادا (ئاتىسىنىڭ ئاتىسى، بوۋىسى، قەشقەردىكى مەنىسى).

## 8. ئىلى شېۋىسىگە خاس بولغان بەزى يەر - جاي ناملىرى

ئىلى رايونىدا ئىلى شېۋىسىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، باشقا جايلاردىكى يەر ناملىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم يەر - جاي ناملىرى بار. بۇ يەر ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى گەرچە ئەدەبىي تىلغا قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا يەنىلا شېۋىگە خاس بەزى خۇسۇسىيەتلەر روشەن چاقناپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: جېلىلىيۇزى، ئىسلامىيۇزى، خۇدىيارىيۇزى، تۇرپانيۇزى، قوغۇنچى، ناغرىچى، قازانچى، بورىچى، قورغاس، چاپچال، كۈنەس، تېكەس، كۇرە، سۇيدۇڭ، نوغايتۇ، دادامتۇ، چولۇقاي، خونۇقاي، جاغاستاي، قاينۇق، زايۇمكا، ماگالكا، نوۋېيگورت، گوسپىتال... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 9. ئىلى شېۋىسىگە خاس قوشما سۆز ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى

ئىلى شېۋىسىدە مەخسۇس قوللىنىلىدىغان، باشقا جايلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر قاتار قوشما سۆز ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى بار. بۇلار مەنە ۋە قوللىنىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئىلى شېۋىسىنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**1) قوشما سۆزلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ.**

ئات چېپىي (بوۋاقلارغا ئات قويۇش شەرىپىگە بېرىلىدىغان زىياپەت)، ئەرۋا ئىشى (نەزىر ئىشى، كوچىغا قويۇپ قويۇلىدۇ)، ئون بېشى (ئون ئائىلىنى باشقۇرغۇچى).

ئۇقاق تارتماق (كۆيۈنمەك، غېمىنى يېمەك)، ئات ياراتماق (بەيگىگە ئات تەييارلىماق)، ئات ئارقانلىماق (ئاتنى ئوتلاقتا ئېلىپ چىقىپ، بىر پۇتىنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن چۈشەپ قويۇپ بېقىش ئۇسۇلى)، كۆلتۈك قار (بىر يەرگە توپلىنىشىپ قالغان قار)، قوزى چۈش (چۈشكە يېقىن قالغان ۋاقىت)، ئاق پوسمىلاق (ئاق پىشماق، ئاق ھەم دوغىلاق)، بۇقا باغلىماق (بىخ چىقارماق)، بېشى باغلاقلىق (بىرسىگە ياتلىق قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان قىز بېشى باغلاقلىق قىز دېيىلىدۇ)، باش چۈشۈرگە (تويى بولىدىغان يىگىت ئاتا -

ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بولىدىغان كۈن)، ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ (كېلەڭسىز، رەتسىز، چۇۋالچاق، چېچىلاڭغۇ).

**2) تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىگە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ**

ئارقان ئۈزەر (مىجەزى چۇس، كاج ئادەملەرنى سۈپەتلەشتە قوللىنىدىغان بىرىكمە)، ئارىسىدىن ئالا مۈشۈك ئۆتۈپ كەتمەك (بۇ رەنجىشىپ، قېيدىشىپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمە)، ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، كۆك ئىت چىقماق (ئاغزىنى بولۇشىغا بۇزماق، ئاغزىنى بەزەپ قىلماق)، ئايىغى سۈيۈلۈپ قالماق (بېرىش ـ كېلىش كۆپىيىپ قالماق، ئايىغى چاققانلىشىپ قالماق)، بۇرنى كۆپمەك (بالاغەتكە يېتىپ، قارشىلىشىش تۇيغۇسى بولغانلىقنى كۆرسىتىدۇ)، بۇرنىنىڭ تۆپىسىگە ئېلىپ قويماق (پەسەنت قىلماسلىق، ئېتىۋارغا ئالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ)، بۇرۇتنى يېكەندە ئالماق (ئەپلىمەك، جايلىماق، جاجىسىنى بەرمەك)، بۆرە تېرىسىنى كەيمەك (هاۋا تۇتۇلغانلىقنى ياكى ئادەمنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)، بېشىغا سۇ قۇيماق (زايا قىلماق، ئىسراپ قىلماق، بۇزۇپ چاچماق)، بېشىنى غاجاپ ئولتۇرماق (كىشىگە ئارىلاشماي، يالغۇز ئوچاق بولۇپ ئولتۇرۇشنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىرىكمە)، باش ئەرگەت قىلىۋالماق (بېشىنى ئەرگىتىۋالماق، ئايلاندۇرۇۋالماق)، گەپكە قوناق بەرمەسلىك (گەپنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىماسلىق)، سۇزمە خالتىسى قىلىۋەتمەك (ئۇرۇپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمەك)، ئادەمنىڭ تۈكىنى ئادەم يېمەك (بۇ ئادەمنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمە).

يۇقىرىدا بىز ئىلى شېۋىسىنىڭ بىر قىسىم لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەدەبىي تىلغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئىلى شېۋىسىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلمىگەن يەنە نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئۇلارنى داۋاملىق قېزىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ـ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي كەچۈرمىشلىرىنى تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار


[1]سەۋىردىن ئۆمەر، ئابدۇللام ئاۋۇت: «جەننەت ماكان ئىلى»[M]، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012- يىلى 5- ئاي نەشرى.

[2] تۇراپ قاسىم يولچى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009- يىلى 3- ئاي نەشرى، 102- بەت.


## پايدىلانمىلار


1. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»[M]، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989- يىلى 6- ئاي نەشرى.
2. تۇراپ قاسىم يولچى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتشۇناسلىقى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009- يىلى 3- ئاي نەشرى.
3. غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986- يىلى 1- ئاي نەشرى.
4. ش.ئۇ.ئا.ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007- يىلى 3- ئاي نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2014)01-057-05

# ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىلماچ» سۆزى بىلەن گېرمان تىلىدىكى «دولمەچ» سۆزىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا*

گۆھەرنىسا مەتسادىق

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىلماچ سۆزى (tilmaç) تۇنجى قېتىم «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە كۆرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل تارىخىي ۋەسىقىلەردە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىز قالدۇرغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئارقا- ئارقىدىن پەيدا بولغان. تىلماچ (tilmaç)قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە يىپەك يولىنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىغا كىرىپ، كېيىن Tolmatsch شەكلىدە گېرمان تىلىغا قوبۇل قىلىنغان. كېيىنچە گېرمان تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ دولمەچ (Dolmatsch) شەكلىگە ئۆزگەرگەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تىلماچ؛ تاۋۇش ئۆزگىرىشى؛ گېرمان تىلى؛ باشقا تىللارغا قوبۇل قىلىنىش

**摘要：**现代维吾尔语中的 tilmaç（翻译）自从最早在《福乐智慧》中出现之后，在其他历史文献以及在中亚留下痕迹的各民族语言中屡屡出现。tilmaç 单词起源于古代维吾尔语并沿着丝绸之路一直被其他民族所借用，在中世纪已被中世纪德语以 Tolmatsch 的形式借用。而在后来的德语语音系统的改变被现代德语中的 dolmatsch 这个形式所替代。从 tilmaç 在古代维吾尔语的起源开始，详细的论述其在丝绸之路上的传播过程以及在丝路上各民族语言中出现的形式来证明德语单词翻译（Dolmatsch）来自维吾尔语单词 tilmaç。

**关键词：**tilmaç；音变；德语；借用

**Abstract:** The word tilmaç has appeared in <qutathubilik> at first, and then has appeared constantly in the other historical materials and in the languages of the Turkic people who lived in Central Asia. This word can be traced back to the old Uyghur and the Silk Road. During middle age this word was loaned as <Tolmatsch> by German, and with the changing of the language system of German, <Tolmatsch> has been changed into <Dolmatsch >. This paper aims to prove the point which is mentioned above.

**Keywords:** tilmaç; phonological change; German; loan word

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0** **ماتېرىيال بەلگىسى: A**

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى‹تىلماچ› سۆزى تۇنجى قېتىم «قۇتادغۇبىلىك» تە ukuşka biliğke bu tılmaçı، til yaruttaçī arni yoriq tilni bil دېگەن جۈملىدە تىلماچى (tilmaçi) شەكلىدە كۆرۈلگەن. كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسا tilmaç، tilmaçi، dilmaç قاتارلىق شەكىلدە خاتىرىلەنگەن. (بەزى تىلدا باش ھەرپى ت-، بەزى تىلدا د-تاۋۇشى قوللىنىلغان) [1].

تىلماچ سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹تىل› سۆزىنى يىلتىز قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان - ماچ قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. بۇ سۆز كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا تۈرك تىللىرى ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك شېۋىلىرىدە ئۈچ خىل شەكىلدە كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ شەكىلدە ئەسلىي ‹تېلماچى› (*tilmaç*) دەسلەپتە ‹تېلماچ› بولۇپ، سۆز ئارقا قوشۇمچىسى -چى قوشۇمچىسىنى قوشقاندىن كېيىن سوزۇق تاۋۇش ‹ى› چۈشۈپ قالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ چاغدا ئەسلىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز يەنىلا ‹ تېل› تەلەپپۇزىنى ساقلاپ

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 11- ئاينىڭ 18- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: گۆھەرنىسا مەتسادىق ( 1989-يىلى تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت.

قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ‹تىل› (tīl) تەلەپپۇزى كۆرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆز يىلتىزى ‹تىل› (til) باشقا شېۋىلەردە ‹ تىل› شەكلىدە كۆرۈلگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ‹ تېلماچ› سۆزىمۇ مۇناسىۋەتلىك باشقا شېۋىلەردە ماس ھالدا ئالدى سوزۇق تاۋۇش ‹ى› بار بولغان‹ تىلماچ› دېگەن شەكىلگە كىرگەن. بۇ سۆزنىڭ ئۈچىنچى خىل شەكلىنى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرىكمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنى ‹تىلماچ› دېگەن سۆز ئەسلىدىكى ‹ تېلماچ› سۆزىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ـ ‹ئا›نى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك بىرىنچى بوغۇمىدىكى ‹ئى› سوزۇق تاۋۇشى ‹ئې› سوزۇق تاۋۇشىنىڭ ئورنىنى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ‹تېلماچ›دىن ‹تىلماچ›قا ئۆزگەرگەن[2].

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە ‹چى› بىلەن ‹ماچ› توغرىسىدا كۆپلىگەن ئالىملار ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. كىلاۋسون (Sir Gerhard Clauson) ئۆزىنىڭ «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتى» دە ‹چى›، ‹ماچ› ئىككى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنى تىلغا ئېلىپ، ‹ماچ› قوشۇمچىسى ئادەتتە يېمەكلىكلەرنىڭ نامىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، كۆپ ئۇچرىمايدۇ دەپ يازغان[3]. بۇ قوشۇمچە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى يازمىلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەنگە قەدەر ئاساسلىقى پېئىل بىلەن بىرىكىپ، يېمەكلىك ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسالغان. ئەمما، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە كۆپرەك پېئىللار بىلەن بىرىكىپ سۈپەت ياسالغان. ‹چى› قوشۇمچىسى ئادەتتە ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇپ، يېڭى ئىسىملارنى ياسىغان، بۇمۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئارقا قوشۇمچىنىڭ بىرى[4].

دۆرفىر(Doerfer Gerhard) «ھازىرقى زامان پارسچىدىكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە تەركىبلەر»دىمۇ ‹چى› قوشۇمچىسىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ‹چى› قوشۇمچىسى ئادەتتە ئىسىملارنىڭ كەينىگە، يەنى كۆپرەك مەلۇم ئورگان ياكى مەمۇرىي ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، مۇشۇ خىل ئىشقا مەسئۇل ئادەمنى كۆرسىتىدۇ[5]. داڭلىق تۈركولوگ مارشال ئەردال(Erdal Marcel) «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى»دا بۇ قوشۇمچىلار ھەققىدە كۆپرەك توختالغان. ‹چى› قوشۇمچىسى تۈرك تىلىدىكى ئىنتايىن ئاكتىپ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، بۇ قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان تۇرغۇن سۆز مەلۇم ئىش-ھەرىكەت ئادىتىنى ياكى بىرەر كەسىپنى بىلدۈرىدۇ، بۇ خىل ئىش-ھەرىكەت مەلۇم شەكىلدە سۆزنىڭ (ياسىلىشتىن بۇرۇنقى) مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ [6].

دۆرفىر (Doerfer Gerhard) ۋە مارسېل ئەردالنىڭ (Marcel Erdal) چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ‹تىل + ما + چى› شەكلىدىن شۇنى پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، ‹ تىلماچ› ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىلنى تەرجىمە قىلىشنى ئاساسلىق ۋەزىپە قىلغان كىشىنىڭ كەسپىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا يىپەك سىستېمىسىنىڭ تېخى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلمەسلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەر ۋە ئەتراپتىكى باشقا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغاچقا، ھۆكۈمرانلارنىڭ قوش تىل ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجى كۈچەيگەن ۋە ئۇلارغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان. بەلكىم مانا مۇشۇنداق ئەتراپتىكى ئوخشىمىغان تىل ئىشلىتىدىغان مىللەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھۆكۈمدارلارنى ئوخشىمىغان تىللارنى ئىشلىتىدىغان مىللەتلەر ئارا ئالاقىگە كېرەكلىك بولغان بىلىم ئىگىلىرىگە مۇھتاج قىلغان، بۇ بىلىم ئىگىلىرى دەل مۇشۇ تىلماچلار بولغان ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل كەسىپ جەمئىيەتتە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىپ مەنسەپ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن[7]. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، شەرقىي تۈرك قاغانى ئىشتەمىش قاغاننىڭ يېنىدا مانياك (Maniakh) ئىسىملىك سوغدىيانالىق بىر دانىشمەن بار ئىكەن (سوغدىيانالىقلار بۇ ۋاقىتتا تېخى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كارۋان بىلەن سودا قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى).

ئىشتەمىش قاغان ئۆزىنىڭ ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى كۆۋرۈكلۈك ئورنىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودىن تاكى ئىران، ئىراق ھەتتا رۇمغىچە بولغان يىپەك يولىدا تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ۋە ئەركىن سودا پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ دانىشمەننى ئىرانغا ئەۋەتكەن[8]. 567- يىلى ئىشتەمىش قاغان يەنە بۇ دانىشمەننى كونستانتىنوپول (ھازىرقى ئىستانبۇل) غا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن 568-يىلى بۇ يەردا يەنە بىر قېتىم تۈرك ئەلچىلىرى پەيدا بولغان. يەنە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، تۈرك ئەلچىلىرى گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى تۈركلەر ‹كىرمىسيونىس› (Kermixiones) دەپ ئاتالغان. چۈنكى بۇ سۆز تۈركلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى پارسچە ئاتىلىشى ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن تىلماچلىرى پارسلار ئىدى[9]. 568- يىلدىكى تۈرك ئەلچىسى سوغدى كىشى مانياك ئىدى. بۇ كىشى پادىشاھقا سىكىفلارنىڭ يېزىقى بويىچە يېزىلغان بىر پارچە خەت سۇنغان. پادىشاھ مانياكنى بۇ خەتنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ھارماتانىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تىلماچلار پارس تىلىنى رۇم ئىمپېرىيەسى بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئانا تىلى سوغدى تىلى ئىكەن. مىلادىيە 6- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: مىلادىيە 568- يىلى تۈركلەر قاغانىنىڭ خېتىنى ئېلىپ رۇمغا كەلگەن. . .[10]. يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئەھۋال گەرچە ئوخشىمىغان ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىدا خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بىز شۇنى مۇقىملاشتۇرالايمىزكى، 6-ئەسىردىلا تىلماچتىن ئىبارەت بۇ كەسىپ بىخلىنىشقا باشلىغان. «شىمالىي چى تارىخى»نىڭ 20-تومىدا ليۇ شىچيڭ ئىسىملىك كىشىنىڭ تۆت خىل تىلغا پىششىق بولۇپ، ئەينى زاماندا بۇ جەھەتتە ھەممىنىڭ پېشۋاسى ئىكەنلىكى، كېيىن بۇ كىشىنى خان «نىرۋانا نوم» (涅槃经) نى تەرجىمە قىلىپ تۈرك قاغانىغا تەقدىم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىش مىلادىيە 574- 576- يىللىرىدا يۈز بەرگەن[11]. شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغلاردىن تارتىپ ‹تىلماچ›تىن ئىبارەت بۇ كەسىپ ھۆكۈمرانلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر بولغان. تىلماچلارنى ئەتراپتىكى تۈرك تىلى ئىشلەتمەيدىغان باشقا مىللەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. مانا بۇ سەۋەبلەر ‹تىلماچ› دېگەن بۇ سۆزنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە تارقىلىشىغا مۇھىم تۈرتكە بولغان ھەم يىپەك يولىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدا كىرمە سۆز بولۇپ قوللىنىلغان. ‹ تىلماچ› يىپەك يولىنى بويلاپ مۇناسىۋەتلىك باشقا تىل ۋە شېۋىلەردە تىلماچى (ئۇيغۇر تىلى، «قۇتادغۇ بىلىك»)، تيىلماچ (*tylmaç*)، تىلباش، تىلبەتىچ (كاراچى تىلى، tilbās، Tilbātīç)، *طلماج* (ئەرەب تىلى)، تىلماچ (tīlmaç، تاتار تىلى)، تىلماچ (tīlmaç، تۈمەن تىلى)، تىلماچ (tilmaç، ئۆزبېك تىلى)، تىلمەچ (tilmāç تىلويىت تىلى)، تىلمەج (*tilmāc*، بارابارا تىلى)، تىلمەچ (*tilmāç*، قىرغىز تىلى)، تىلماچ (*tilmaç*، *ئوسمانلى تۈركچىسى*)، تىلماچ (*tilmāç*، تۈركمەن تۈركچىسى)، تىلمانج (*tilmanj*، *ئازەربەيجان تىلى*)، تىلماچ (*tilmaç*، قۇمۇق تىلى)، تىلماش (*tilmaş*، قاراقالپاق تىلى)، تىلماش (*tïlmaş*، قازاق تىلى) قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلگەن[12]. بۇ خىل شەكىللەر شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، تىلماچ (dolmetsch؛Tilmaç) بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا كۆرۈلگەن ۋە بىر - بىرىگە كۆچمە سۆز بولۇپ كىرگەن. بۇنىڭدىن باشقا دۆرفىر يەنە مۇشۇ سۆزنىڭ بۇ تىللار ئارىسىدا تارقىلىش ئەھۋالىغا قارىتا مۇنداق تەپسىلىي بايانلارنى قىلغان:

تۈرك تىلى <كۇرد تىلى: dilmanc< ئەزەربەيجان تىلى،

تۈرك تىلى <رامۇت تىلى: tólmaç, tilbāçit< ياقۇت تىلى،

تۈرك تىلى <كاۋكاز تىلى: tirmaç، tilmaj، tïlmaş ، till-maşi،

تۈرك تىلى <سىلوۋاك تىلى: tЪlmaçь، tlЪmaçЪ؛ پولەك تىلى tŁumacz چېخ تىلى(*tulumaČ*)

باشقا قوشنا تىللارغا بۇ سۆز پولشا تىلىدىن كىرگەن، مەسىلەن: ماكىدونىيە تىلى (*tolmaČ* ) ئۇكرائىنا تىلى(*tolmáČ*) قاتارلىقلار.

سىلوۋاكىيە تىلى <دومنىيە تىلى : tălamacĭu

سىلوۋاك تىلى<ۋېنگىر تىلى: tolmács سىلوۋاك تىلى<گېرمان تىلى: tolmetsche .[13] دېنىس. سىنورمۇ (Sinor Denis) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىلماچ سۆزى توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. ئۇ تۈركىي تىل قوللىنىدىغان ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارنىڭ مۇناسىۋىتىگە باھا بېرىپ، مۇنداق دېگەن: «13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىچكى ئاسىيالىق ياكى ئىچكى ئاسىيانىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىلماچلار ئۈچۈن ئالتۇن دەۋر بولغان. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان ئىز باسارلىرىنىڭ جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى نوپۇسى ئىنتايىن ئاز بولغان مىللەت ــ موڭغۇللارنىڭ ياپونىيەدىن تارتىپ ئەنگلىيەگىچە بولغان ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بارلىق مىللەتلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشى زۆرۈر بولغان».

شۇ سەۋەبلىك كۆپ قىسىم مەمۇرىي خىزمەتلەرگە، يەنى باج يىغىش ۋە يېڭى ھاكىمىيەت رايونىدىكى ئاھالىلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا موڭغۇللار پەقەت بويسۇندۇرغانلار ئارىسىدىن ھەمكارلاشقۇچىلارغا ياكى تەسلىم بولغۇچىلارغا تايىنىشقا مەجبۇر بولغان. موڭغۇللار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان قىتانلار ۋە خەنزۇلار ئەلچى، ئەگەشكۈچى، كاتىپ ۋە ياكى مەمۇرىي ئەمەلدار بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدىغان ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى قامال قىلىۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى يېڭى خانغا ئۆگىتىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا خەت ـ ئالاقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ھەر خىل ئىشلارنى ئۆگەتكەن[14]. شۇنىڭ بىلەن، تۈركىي تىلنى ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ھۆكۈمەت تىلىغا ئايلانغان، بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ سىرتقا كېڭىيىشىگە زور پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

يىپەك يولىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۇيغۇر تىلى قوللانغان مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىلىنى قوللىنىۋاتقان بۇ مىللەت پەقەت تۈركلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتىلا تۇنجى قېتىم تىلماچقا ھەقىقىي تۈردە مۇھتاج بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل ئەھۋال «تىلماچ»نىڭ يىپەك يولىنى بويلىغان پارس، چېخسلوۋاكىيە، رومىنىيە، ۋېنگىرىيە، گېرمان تىللىرىغا قوبۇل قىلىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەن. ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ سۆز گېرمان تىلىغا تولمەچ (Tolmatsch) شەكلىدە قوبۇل قىلىنىپ كېيىن گېرمان تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، د ـ تاۋۇشى ت ـ تاۋۇشىغا ئالمىشىپ ھازىرقى دولمەچ (Dolmatsch) شەكلىگە كىرگەن[15]. ئەلۋەتتە، بۇ سۆز يەنە قايتا ئارىيەت ئېلىنىش باسقۇچىنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا نۇرغۇن تالاش ـ تارتىش قىلىنغان. ھەتتا بەزىلەر بۇ سۆزنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىكى مىتانى تىلىدىكى ( Mittanisprach) تالامى (*Talami*) دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ «تىلماچ» ئەمەس بەلكى «چوڭ» ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان[16]. نىمەتىسمۇ (*Nemeth*) بۇ سۆزنى تۈركچە سۆز دەپ قارىغان[17]. ئۇنىڭدىن سىرت، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ـ ماچ قوشۇمچىسى تۈرك تىلىدىكى سۆز ئارقا ياسىغۇچى قوشۇمچە. گەرچە «تىلماچ» تىن ئىبارەت بۇ كەسىپ بۇرۇنلا پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كەسىپنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەيدىغان «تىلماچ» دېگەن بۇ سۆز تۇنجى قېتىم «قۇتادغۇ بىلىك» تە كۆرۈلگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، موڭغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ لېكسىكىسىدا «تىلماچ» بىلەن ئەمەس بەلكى ئوخشىمىغان سۆزلەر بىلەن بۇ كەسىپنى ئىپادىلىگەن. بۇ سۆز تۇنجى قىتىم «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە كۆرۈلگەندىن كېيىن باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك شەكىللەردە كۆرۈلگەن. چاغاتاي تىلى لۇغەتلىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغىتىدىمۇ بۇ سۆز خاتىرىلەنگەن، شۇڭا بۇ سۆزنى تۈرك تىلىنىڭ ئومۇمىي لېكسىكىسىدىكى «تىلماچ» يەنى ھازىرقى زاماندىكى «تەرجىمان» كەسپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر

تىلىدىن باشقا تۈركىي تىللارغا ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا قوشنا مىللەتلەرنىڭ تىلىغا كىرگەن. يۇقىرىقىدەك ئىسپاتلار بىلەن ھازىرقى زامان گېرمان تىلىدىكى دولمەچ (Dolmatsch) سۆزىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹تىلماچ› دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېيىشكە ھەقلىقمىز.

## ئىزاھلار

[1] [3] سىر. گېرخارد. كىلاۋسون (Sir Gerhard Clauson) :«13-ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، 1972- يىلى، 500- بەت.

[2] [5] [10] [12][13] گېرخارد. دۆرفېر(Gerhard Doerfer): «ھازىرقى زامان پارسچىدىكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە ئېلېمېنتلار»، 1963- يىلى، ۋىيسبادىن نەشرىياتى، 32-، 662- 670- بەتلەر.

[4] ئابدۇنەزەر ئابدۇللا: «ئۇيغۇر تىلىدىكى تۆركۈم سۆزلەرنى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012- يىلى، 248-، 249- بەت.

[5] مارسېل ئەردال(Marcel Erdal): «تۈرك تىلى گىراماتىكىسى»، گوللاندىيە برىل نەشرىياتى، 2004- يىلى، 273- بەت.

[15] سوسۇر(Ferdinand de Saussure, 1857-1913): «ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى»، چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى، 2001- يىلى، 95- بەت.

[7] [11] [16]) دېنىس سىنور(Denis Sinor) : «دېنىس سىنور ئىچكى ئاسىيا تەتقىقاتى توغرىسىدىكى تاللانما ماقالىلەر»، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 2006- يىلى، 189- 222- بەتلەر.

[8] [9] رېيىن گىروسسېت (Grousset. R): «يايلاق ئىمپېرىيەسى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991- يىلى، 106- بەت.

[10] ئەلمازار ئەلى:«جۇڭگو - پارس مەدەنىيەت ئالاقە تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 1993- يىلى، 433-، 438- بەتلەر.

[17] نېمەتىس (Nemeth): « ‹تولمەچىس› (tolmács ) تىلماچ سۆزىنىڭ تارىخى توغرىسىدا»، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلى، 1958- يىلى 1- سان، 23-1- بەتلەر.

## پايدىلانمىلار


[1] 阿布都那扎尔 · 阿布都拉:《维吾尔语构成静词词缀的历史比较研究》[M]，新疆大学出版社. 2012年版

[2] 丹尼斯 · 赛诺:《 内亚研究文选》[M]，中华书局，2006年版.

[3] 王元新:《语言理论与语言学方法论》[M]，教育科学出版社，2006年版.

[4] 《中国波斯文化交流史》[M]，中华书局，1993年版.

[5] 勒尼 · 格鲁赛: 《草原帝国》[M]，青海人民出版社，1991年版.

[6] Sir Gerhard Clauson: 《An etmological dictionary of pre-thirteenth-century turkisch》[M],Oxford 1972.

[7] Gerhard Doerfer: 《Türkische und mongolische Elimente im Neupersischen 》 [M] ,Wiesbaden 1963.

[8] Marcel Erdal: 《Old Turkic Word Formation》[M], Leiden,2004.

[9] Denis sinor, Nikola Di Cosmo: 《 Etmological Dictionary of the Altaic Languages》[M], Leiden. Boston 2003.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 062 ـ 01(2014) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئېستېتىك ئىدىيەسىدىكى ياخشىلىق قارىشى —— بېشارەت *

قەلبىنۇر مۇھەممەد

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046 )

قىسقىچە مەزمۇنى : ھەرخىل بېشارەتلەرگە ئىشىنىش بىر خىل پسىخىك ھادىسە بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مۇكەممەللىشىش ۋە قېلىپلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ، خەلق مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى گۈزەللىك قارىشى بىلەن تەربىيەلەپ كەلدى. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا بۈگۈنكى كۈندىمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل بېشارەتلەر چۈشەندۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، بۇ خىل بېشارەتلەر يەشمىسىدە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېستېتىك قارىشىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قارىشى تەھلىل قىلىندۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇر فولكلورى؛ بېشارەت؛ ئۇيغۇرلار؛ ئەنئەنىۋى ئېستېتىك قاراش؛

**摘要**：预兆是一种心理现象，也是一种人类在历史上形成与不断完善的一种心理习俗，民间中的各种预兆形式丰富了人类生产与日常生活同时，培育了人们准确的善美思想。本文通过解释目前一直传承的直释梦、反释梦、占卜以及各种人体内和外在预兆形式，分析了维吾尔族传统审美观念中的善与恶意识和对于善和恶的标准。

**关键词**：维吾尔族民俗；预兆；维吾尔族；传统审美观

**Abstract:** Omen is a psychological phenomenon, but also is a psychological custom formed and continuously improved in the history. Folk forms of the various omens enriched human production and daily life at the same time, fostered accurate goodness of people thinking. This article explained the direct interpretation of dream, reverse interpretation of dream, divination, and various forms of the internal and external omen, analyzed traditional Uyghur aesthetic concepts of good and evil awareness and standards for good and evil.

**Keywords**: Uyghur custom; omen; Uyghur; aesthetic concept

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K103　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

بېشارەت چۈشەنچىسى —— پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بىرخىل پسىخىك ھادىسە بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئالىملار بۇ خىل ھادىسىنى پەلسەپە، پسىخىكا، ئېستېتىكا، بىيولوگىيە پەنلىرى تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ كەلگەن ۋە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ھەر خىل ئانالىز ھەم پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەنبە تەتقىقاتى ھەم يۇقىرىقى پەنلەر ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن ئورتاق ھەم بىر قەدەر ئومۇملاشقان قاراش، يەنىلا ئىنسانلارنىڭ روھ قارىشىدىن كەلگەن دەپ چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. ئېنگلس پەلسەپەدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، بېشارەت ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: «قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە چۈشىنىش سەۋىيەسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئىنساننىڭ ئۆلۈش ۋە چۈش كۆرۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى تېگى ـ تەكتىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئامالسىز ئىدى، بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا ئىنسانلاردا روھ چۈشەنچىلىرى بارلىققا كەلدى»[1]. لافاگېر(1842ـ1911) «ئىدىيەنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دېدۇ: «ئىنسانلار ئەتراپىدىكى

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندى تۈرى، تۈر نومۇرى (08BZX067) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى

ئاپتور: قەلبىنۇر مۇھەممەد (1969ـ يىلى 8ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۇرلۇك ـ تۇمەن خىل سىرلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەچكە، يەنى ئۇخلاش، چۈش كۆرۈش دېگەندەك ئالامەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەچكە، ئىنسان ۋۇجۇدىدا ‹ يەنە بىر مەن› پەيدا بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسان روھىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ ئۆزىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولغان روھىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى قاتتىق قۇلۇپلىغان ئىدى، ئامال قىلىپ ئۇنى قوغلىماقچى بولدى، كېيىنچە روھقا باشقىچە تەبىر بېرىپ، روھقا ئىنسان تەقدىرىنى باغلىدى» [2]، «روھ ئىككى خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىر خىلى تەندىكى رېئال بولغان ئىنكاس بولۇپ، تەنگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ»[3]، «يەنە بىر خىلى، ئىنساندىكى سەزگۈ، ھېسسىيات، ھېسسىي ۋە ئەقلىي قاتارلىق ئاڭ ۋە شۇ ئاڭ سىستېمىسىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىدۇر» [4].

چۈش، خىيال ياكى بەدەندىكى بېشارەتكە ئائىت ھەر خىل غەيرىي نورمال ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىنسان پائالىيىتىدە مەلۇم مۇقەررەرلىكلەر بىلەن سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ قېلىشىنىڭ ئىنسانلارنى ھەم ھەيران قالدۇرۇشى، ھەم مەلۇم قورقۇنچلارغا سېلىشى ھەر خىل بېشارەت شەكىللىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. ساددا ئىنسانلار پسىخىكىسىدىكى بۇ خىل روھىي ھادىسە ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئېنىق بولمىغان تەرەپلەرنى ئېنىقلاشتۇردى. قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ تەرەپ بولغان ئۈمىد يەنى ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتى شەكىللەندى. ئارزۇ ـ ئۈمىد ھېسسىياتى ھەر خىل بېشارەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

بېشارەتنىڭ ئىپادە قىلىدىغان مەزمۇنلىرى ئاساسەن چۈش، خىيال، تەبىئەت، ئىشلەپچىقىرىش ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر خىل تاسادىپىيلىقلار، شۇنداقلا ئىنسان بەدىنىدىكى بەزى غەيرىي نورمال ئۆزگىرىش (قاپاق تارتىش، پۇت ـ قولنىڭ ئالقانلىرى قىچىشىش، قۇلىقى قىزىش) قاتارلىق تەرەپلەردۇر. ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزچىل بايقىشى بىلەن بېشارەتنىڭ ئىپادە شەكىللىرى رەمباللىق، پالچىلىق، ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ قىلىش، سەدىقە قىلىش ئىشلىرىغىچە كېڭەيدى.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ساددا ئۆلچىمى بولغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق چۈشەنچىلىرىنى دەل ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ خىل روھ چۈشەنچىلىرى بىلەن تەڭ كېلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ. يەنى ياخشى روھ ۋە يامان روھ توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار ھەرىكىتىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى ئىدى. بىز تەھلىل قىلماقچى بولغان بېشارەتلەرنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بولسا دەل ئىنسانلار روھىدىكى سەزگۈ، ئىدراك، ھېسسىيات شۇنداقلا ھېسسىي ۋە ئەقلىي چۈشەنچە قاتارلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكلەردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولغاچقا، بېشارەتنىڭ ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ھەمدە ئېستېتىكىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق چۈشەنچىلىرىنى بىۋاسىتە گەۋدىلەندۈرگەن.

## 1. چۈش ۋە چۈش تەبىرى

ئۇيغۇر خەلق فولكلورىغا نەزەر سالساق چۈش كۆرۈش، چۈشكە تەبىر بېرىش ھادىسىلىرى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت دەۋرلىرىدىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. ئەلۋەتتە چۈش كۆرۈش بېشارىتىنىڭ مەزمۇنىدا ۋە ئىپادە شەكلىدە توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، مەزمۇن قاتلىمى چوڭقۇرلاشقان، شەكىل جەھەتتە ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى بىلەن ماسلىشىش شەكىللەنگەن. كونكرېت ئېيتقاندا ئەڭ ئاۋۋال روھ ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا توساتتىن پەيدا بولۇش شەكلى ئارقىلىق ئىنسانغا بېشارەت بېرىلگەن ھەم ئوبيېكت ياخشىلىققا ئۈندەلگەن. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە»دە كۆك يايلىلىق بۆرە سەھەردە ئوغۇزخاننىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئۇنى ئۇلۇغۋار ئىشقا، ھەربىي يۈرۈشكە ئۈندىگەن. مانا بۇ ئۇيغۇر فولكلورىمىزدا ئەكس ئەتكەن رېئال بېشارەتتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىدا چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق، ئاپئاق سەللىلىك، ئاپئاق تونلۇق خىزىرنىڭ قەھرىمانىنى يۆلەپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق بېشارىتى بەرگەنلىكىگە ئائىت ئىبارىلەر ئىنتايىن كۆپ

ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئاساسى ئەڭ قەدىمكى «ئىرق بىتىك»تە خاتىرىلەنگەن چۈش تەبىرىدىكى ساددا كۆز قاراشلاردىن ئىبارەت.

«ئىرق بىتىك» نىڭ 71 ـ، 72 ـ سىدە مۇنداق چۈش تەبىرى ئۇچرايدۇ: «ئەر ئۆمۈلەپ بېرىپ تەگرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بەخت ـ سائادەت سوراپتۇدەك، قۇت(بەخت ـ سائادەت)بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقاڭ بولسۇن، ئۆزۈڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول، دەپتۇدەك بىلىڭلاركى بۇ ئەزگۇ»[5]. 55 ـ سىدە مۇنداق چۈش تەبىرى ئۇچرايدۇ: «كۆپ ئاتقا ئىگە بولغۇدەك خۇشاللىقىڭ يوق. ئېتىم قالدى دېيدىغان قورقۇنچۇڭمۇ يوق، ئۇچىغا چىققان بەخت ـ سائادىتىڭمۇ يوقتەك شۇنداق بىلىڭلاركى بۇ ئىنىق يامانلىق»[6].

مانا بۇ خىل بېشارەت ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن دېرەك بەرگەن بولۇپ، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئەشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ ئەكس ئېتىشى ئىدى. ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئوۋلىغان ماللىرى ۋە قولدا باققان ماللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلارنىڭ بەخت ـ ئامىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇت تەگرىسى ئۇلارغا ھەر ۋاقىت قىلغان ئەمەللىرىگە لايىق بەخت ئاتا قىلاتتى ۋە ياكى جازالاپ يامانلىق ئېلىپ كېلەتتى. «ئىنسان پىسخىكىسىدىن ئېيتقاندا ياخشىلىق ئىنساندىكى بىر خىل ئىنتىلىش پىسخىكىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، يەنى مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىش ئىستىكى ئىنساندا ھەر ۋاقىت پەيدا بولۇپ تۇرغاچقا، ئېرىشىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىق ئىنساننىڭ ئەشۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىشىنىڭ ئاساسى بولغان» [7]. ئۇيغۇرلارنىڭ چۈش تەبىر ئادەتلىرىگە قارىساق، ئەڭ دەسلەپكى چۈش تەبىرلىرىدە بىر تەرەپتىن، تەبىئەتتىكى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەتراپىدىكى ھايۋانات ـ قۇشلارنىڭ خاراكتېرى بويىچە ياخشىلىققا ياكى يامانلىققا باھا بەرگەن. تەبىر بېرىش ئۇسۇلىدا بولسا ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل باھا بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

«ئىرق بىتىك» نىڭ 100 ـ سىدە: «سېمىز ئاتنىڭ ئاغزى قاتتىق بوپتۇ. ئىگىسى ئۇنى ئاچالمىغۇدەك، بىلىڭلاركى بۇ يامانلىق»، 98 ـ سىدە: « كۆك بوز لاچىنمەن، كۆركەم قىيادا ئولتۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىمەن، ياڭاقلىق، توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ يايلايمەن دېگۈدەك. بىلىڭلاركى بۇ ئىنىق ئەزگۇ»[8] دەپ يېزىلغان. بۇ تەرەپلەردە ئېنىقكى ئېستېتىكا پىنىدە ھازىر قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتقان تۇرمۇش گۈزەللىك نەزەرىيەسىدىكى ئىنسان قەلبىدە ئەزەلدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئۆز تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئىنسان روھىنى ساپلاشتۇرۇش پىسخىكىسى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ياخشىلىق تىلىكى ئېنىقكى تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىق بىلەن تولۇشىغا بولغان ئۈمىد، يامانلىقنى ھېس قىلىش ئارقىلىق پېشكەللىكتىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىنى يامانلىقتىن ساقلاش ئارقىلىق روھىيىتىدىكى يامانلىقلارنى يۇيۇپ چىقىرىش ئۈمىدىدىن بولسا كېرەك. ۋىلادىسلاۋ كوپالىنىسكى ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرى بويىچە چۈشنىڭ كىشلەرنىڭ بىرخىل ئىنتىلىشنىڭ ئىپادە شەكلى ئىكەنلىكىنى، چۈش ئارقىلىق بەخت ۋە بەختسىزلىكنى ئايرىغانلىقىنى شەرھلىگەن.

پىسخىك نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ ئارزۇ ۋە ئىنتىلىش ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسىدىن كېلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشلەر ئەڭ يۇقىرى بولغان تۇرمۇش سەۋىيەسىگە ئىنتىلىدۇ. ئېرىشكەندە كۈچلۈك بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. بۇ جەرياندا ئىنسان تېرىشش ئارقىلىق ئىنسانىي ماھىيەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ئاخىرىدا بولسا ئۆز ھەرىكىتى جەريانىدا گۈزەللىكنى يارىتىدۇ. ئەلۋەتتە چۈشمۇ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولغانلىقتىن كۈچلۈك گۈزەللىك ئاساسىغا ئىگە بولغان.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن قاتلاملىرىنىڭ بېيىشىغا ئەگىشىپ چۈش بېشارەتلىرىمۇ موللاشتى. نۇرغۇن يېڭى گۈزەللىك ئۆلچەملىرى كېلىپ چىقتى، ھەر خىل ئەپسانىلەر ۋە ئەڭ قەدىمكى چۈش تەبىرى كىتابلىرىدا تەبىئەت ۋە تەبىئەت ئىلاھى ئارقىلىق ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئايرىلغان بولسا، چۆچەكلەر، رىۋايەتلەر دەۋرىگە كەلگەندە بۇنىڭ ئۆلچەملىرى ئادەملەر ئارىسىدىن ئىزدەلدى. قۇت ئىلاھى سېھىرلىك ئات، لاچىن، بۆرە، كېيىكقا ئوخشاش توتېملىق

خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئوبيېكتلاردىن خىزىرلارغا، چىلتەنلەرگە، دەرۋىشلەرگە ئۆزگەردى. «غېرىپ - سەنەم» دىكى شاھى ئابباسنىڭ چۈشى، «لەيلى - مەجنۇن»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» داستانىدىكى چۈش بېشارەتلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا «قۇتادغۇ بىلىك»، ئايازبېك قۇشچىنىڭ«جاھاننامە»، لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانلىرىدا خەلق ئەنئەنىسىدە شەكىللەنگەن ياخشىلىق - يامانلىقنىڭ ئايرىمىسىغا بېشارەت بولىدىغان چۈشلەر بىر خىل ئىزچىللىقنى ھاسىل قىلغان. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەت - داستانلىرىدا قەھرىمانىنىڭ مۇرادىغا يېتىش سەپىرىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق بولۇشى تۇپەيلىدىن ھېرىپ - چارچاپ ئاخىرىدا كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كېتىپ كۆز ئالدىدا خىزىرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇنىڭغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدىغان موتىفلار ناھايىتى نۇرغۇن. مەسىلەن: «ھۆرلىقا - ھەمراجان»دا مۇنداق موتىف ئۇچرايدۇ، «ئەي ئوغلۇم ئون بەش كۈن يول يۈرسەڭ بىر بۇلاققا يېتىپ بارىسەن، ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ سالما، ناۋادا تەشنائى تەقەززا بولساڭ ئەتراپىڭغا نەزەر سالغىن، ھەممىنى چۈشىنىسەن دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ».

بۇ چۈشنى ئېستېتىكىدىكى ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ماتېرىيالىستىك نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىشقا، رېئاللىقنى مەۋجۇت نۇقتىدىن چۈشىنىشكە ھەمدە ئادەم ئاملى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق بىرخىل چۈش تەبىرى بار: يەنى يېڭى تۇغۇلغان بالا چۈشىدە چۈشەكەپ كۈلسە بالىنى چۈشىدە ئانىلىرى (ئانا- بالىلارنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى) ئەركىلىتىپ كۈلدۈرۈۋاتىدۇ دېيدۇ. ئەگەر بالا چۈشەكەپ يىغلىسا ئانىلىرى ئىزدەپ يىغلاۋاتىدۇ دېيدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، كىچىك بالىنىڭ كاللىسىدا ئۇنچە كۆپ خاتىرىلەر بولمايدۇ. پەقەت ئانىنىڭ مېھرىنىلا سېزەلەيدۇ. سېپېتېلىنىڭ خۇلاسىسى بويىچە قارىغاندىمۇ بالىنىڭ چۈشىدە كۈلۈمسىرىشى ئۇنىڭ ساددا ھالدىكى ياخشىلىقنى سېزىشى ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:«كىچىك بالا چۈشىدە ئەڭ بولمىغاندا بىر خىل مۇھەببەتنى بىلىدۇ، يۈرىكىدە ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ روھىنى ۋە مۇلايىم قىياپىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشنا بولىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئوبرازىنى قەلبىدە مۇقىملاشتۇرىدۇ. چۈش ماڭا بالىلىقنىڭ قانداق گۈزەل مەنزىرىسىنى ئاتا قىلسۇن، يەنىلا ئۇنىڭ ئۈستىدە سۆيۈملۈك چوڭ ئانىلىرىمنىڭ سىماسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى»[8].

ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدا چۈشكە نىسبەتەن يەنە تەتۈر ئۆرۈش ئۇسۇلىمۇ بارلىققا كەلدى. بۇمۇ بىر خىل ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش ئارقىلىق ياخشىلىققا يېتىشتىن ئىبارەت پسىخىك ھادىسىدۇر. ئېستېتىك نۇقتىدىن قارىغاندا، چۈشكە نىسبەتەن يەنە تەتۈر ئۆرۈش ھەرگىزمۇ بىر - بىرسىگە مۇقەررەر قارمۇ - قارشى بولغان ئىككى خىل ئۇقۇم ئەمەس. چۈنكى «بەزى ۋاقىتلاردا شەيئىلەرنىڭ ھېسسىي شەكلى بىلەن ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ باغلىنىش ھاسىل بولىدۇكى، ھادىسە ماھىيەتتىن غالىب كېلىپ، كىشىدە پەرقلەندۈرۈش تەس بولغان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ياخشى - يامانغا ۋە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىككە يەكۈن چىقىرالماي قالىدۇ. مەسىلەن: تۈلكە ھەم گۈزەللىكنىڭ ھەم رەزىللىكنىڭ سىمۋولى، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا تۈلكىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى بىلەن ئىنسانلارنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ»[9]. دېمەك، ياخشىلىققا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل كەلمەي قالىدىغان مەزمۇنلار ئۇچراپ قالىدۇ، مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئىنسانلار تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى بىلەن قارشىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۆگدۈلمۈشنىڭ چۈش تەبىرىدە بۇ ھادىسە ئېنىق ئىپادىلەنگەن. يەنى ئۇنىڭ چۈشىنى ئىككى خىل يەشكەن. بىر خىلىدا ياخشىلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەتۈرىسىگە ئۆرىگەن. يەنە بىرسىدە ئەينەن ماھىيىتى ئارقىلىق ئوڭغا ئۆرۈگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 6004 ۋە 6022- بېيىتلىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

6004. يامان ئۆرۈمە چۈشنى زىيىنى تېگۈر،
نىچۈك ئۆرۈسە چۈشنى ئۇ شۇنداق بولۇر.
6022. خاپىلىق چۈشىسە بولۇر خۇشاللىق،
خۇشاللىق چۈشىسە كېلۇر قانچە بىل.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن بۇ خىل چۈش بېشارىتى ئارقىلىق كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەر ۋاقىت ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك تىلىگەن. ھازىرمۇ «يىغلاپ چۈشىسە خۇشاللىق»، «ئۆلۈپ چۈشىسە، ئۆمرى ئۇزاق بولغۇدەك»........دېگەنگە ئوخشاش چۈش تەبىرلىرى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭىمۇ «چۈشنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ھەمدە سىمۋوللۇق پائالىيەتلىرى ئايلىنىپ كېلىپ ئاخىرىدا ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى، ئارزۇ-ئارمان ۋە تاللاشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ». ئومۇملاشتۇرغاندا، بېشارەت ئىنسان قەلبىدە بىر خىل تولۇقلاش خاراكتېرلىك تەڭپۇڭلۇقنى ھاسىل قىلىپ، پىسخىك ۋە فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكتە ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشەشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاچقا ھەمدە كىشىگە ياخشىلىق ياكى يامانلىق بېشارىتى بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ كەلگەچكە ئىنسانلار بۈگۈنگىچە يەنىلا چۈش تەبىرىگە ئىشىنىپ كەلمەكتە. فروئىت : «چۈش كىشىنىڭ ئارمىنىنى ۋە شۇ ئارمانغا چۆمۈشىنى ئىپادىلەيدۇكى، ھەرگىزمۇ كەلگۈسى توغرىسىدىكى سىرلىق، ئىلاھىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدۇ ۋە ياكى بىرەر كېسەللىك ۋە پېشكەللىكنىڭ سىگنالىمۇ ئەمەس»[10] دەپ قارىغان بولسا، روڭگېر: «چۈشنىڭ ئەھمىيىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى پەرەز قىلىشلا بولماستىن يەنە بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىشتۇر» [11] دەپ قارىغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدىكى بۇ چۈش تەبىرى ئارقىلىق كىشىلەر ئۆز روھىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى بايقاش ۋە ئويغىشاش ئارزۇسىدا بولغان. تېخىمۇ گۈزەل بولغان تۇرمۇشقا ئىنتىلگەن. مانا بۇ ھەقىقىي گۈزەللىك ئىدى. كىشى ئىنسانغا خاس بولغان بىر خىل پىسخىك ھادىسە بولغان بۇ چۈش كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىدە خۇشاللىق ياكى بىئاراملىق سېزىمىنى سەزگەن، بۇ خىل سېزىم ئارقىلىق ھېسسىي يەكۈن چىقىرىش پائالىيىتى ئىنسان بىلەن تەڭ مەۋجۇتلۇققا ئىگە بولغاچقا، ئىنسان پائالىيىتى بىلەن تەڭ مەڭگۈ داۋاملىشىپ كەلمەكتە، ھەمدە ئۆزى بىلەن تەڭ مەدەنىيەت يەنى فولكلورلۇق ئامىللارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، بىزنى نۇرغۇن تەتقىقات ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلمەكتە.

## 2. رېئال بېشارەت

ئۇيغۇر فولكلورىدا چۈش تەبىرىدىن باشقا يەنە بىر خىل بېشارەت بار بولۇپ، ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ياكى بەدىنىدىكى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەردىن كېلىدىغان بېشارەتلەردۇر. يەنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ياخشىلىققا مايىل ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىنسان كەيپىياتىنىڭ بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ قېلىشىنى، تەبىئەتتىكى قورقۇنچلۇق غەيرىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ يامانلىقنىڭ خاراكتېرى بىلەن يېقىنلىشىشى، ئادەم بەدىنىدىكى غەيرىي نورمال ھادىسىلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە شارائىتتا ئىپادىلىنىپ رېئاللىق بىلەن سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ قېلىشى ھەممىسى ئىنسانلارغا نېمىدۇر بىرەر ۋەقەدىن ئالدىن سىگنال بەرگەندەك بولغان ياكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى ۋە ياكى ئالدىن بىلىنگەن ۋەقە ئۆزگىرىشى بىلەن ماس كېلىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان پىسخىكىسىدا بۇ خىل ھادىسىلەرگە ئاكتىپ جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ھادىسە ئوخشاشلا خۇددى چۈشتەك ئىنسان ھەرىكىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرمۇشنى قايتىدىن تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يەتكەن. مەسىلەن، «نەدىرلىك پادىشاھ» چۆچىكىدە مۇنداق بېرىلگەن: «تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىشقا باشلايدۇ. قىز يىگىتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە پۈتىنغا قىلىچنى سانجىپ ئۈيغىتىپ، ئەجدىھانىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا «ئالتۇن يارۇق» تىمۇ تەبىئەتتىن كەلگەن بېشارەت بىلەن كۆڭۈلسىز نەتىجە مۇنداق باغلىنىدۇ: «ئىنىسىدىن ئايرىلىپ ئۇزاپ كەتكەن ماخبالى ۋە ماخادىۋى تېگىنلەر قارا يەرنىڭ تەۋرەپ، تاغلارنىڭ سىلكىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشىدۇ. ئىنىسىدىن ئەنسىرەپ، ھېلىقى ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاسنى ئۇچراتقان جايغا كېلىدۇ.

ئۇ يەردە ئىنسىنىڭ قومۇشقا ئېسىقلىق تۇرغان كىيىم - كېچەكنى، يەردە سۆڭەك ۋە چاچلارنىڭ قالايمىقان چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ. قايغۇرۇپ زار - زار يىغلايدۇ». مانا بۇ تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ كەيپىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق تەرىپى بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مانا مۇشۇنداق سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر فولكلورىدا تا بۈگۈنگىچە بۇ قاراش ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. مەسىلەن: ئوڭ قاپىقى تارتسا ياخشىلىقتىن بېشارەت، سول قاپىقى تارتسا يامانلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ. ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى قىچىشسا پۇل كىرىدۇ، سول قولىنىڭ ئالقىنى قىچىشسا پۇل چىقىدۇ. مېكيان قىچقارسا يامانلىق، ئىت كېچىسى ھاۋشىسا ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەنلىك......دېگەنگە ئوخشاش بېشارەتلەر بار. ھازىرمۇ بۇ خىل ھادىسىلەرگە ئۇچرىغان كىشىلەر ئەگەر يامانلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالسا دەرھال سەدىقە قىلىۋېتىش ياكى پال ئاچقۇزۇشتەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ يامانلىقنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇشىدۇ ۋە بىر مەزگىلگىچە ئېھتىيات قىلىشىدۇ. ئامال بار باشقىلارغا ياردەم بېرىش، كۆڭلىدە يامانلىق ئويلىماسلىقتەك پىسخىك ھالەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئاسايىشلىق تىلىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز روھىنى پاكلىقتا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەللىك تەربىيەسى دەپ قاراش مۇمكىن.

ئۇيغۇر فولكلورىدا يەنە مۇنداق بىر ھادىسە ئۇچرايدۇ: رەزىللىك(سەتلىك) ئىپادىسىدە گۈزەللىكنىڭ بېشارەت بېرىلىشى. بۇمۇ ھەرخىل ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنكى تۇرمۇشقا، تەسەۋۋۇرغا يېقىنلىشىپ قالغانلىرى ساقلىنىپ قالدى، قالغانلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلدى. تۈركىي خەلق ئېپوسلىرىدا قەھرىمانىنىڭ تۇغۇلۇشى ئانىسىنىڭ قاتتىق قىينىلىشىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئانىسىنىڭ قىينىلىشى، «ماناس» تىكى ئانىسىنىڭ تاشلىۋېتىلىشى قاتارلىق ئازابىنىڭ ئاخىرىدا خۇشاللىققا ئايلىنىش موتىفى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىدىكى ئورتاقلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئوغۇزخاننىڭ خام گۆش سورىشى تۇرمۇش پەلسەپەسىدىن ئېيتقاندا كىشىدە خۇشاللىق پەيدا قىلالمايدۇ. ئەمما بۇ خىل بېشارەت كېيىنكى ياخشىلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تاز ئوبرازىدىمۇ بۇ خىل بېشارەت ئەكس ئېتىدۇ. چۆچەكلەردىكى بۇ تازدىن ھەممە ئادەم يىرگىنىدۇ. ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەرىپىتىكى ئالاھىدىلىكى ئاخىرقى سەلتەنەتلىك پادىشاھ بولۇشتەك تەقدىرىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «مايمۇن قىز» چۆچىكىدە كەنجى شاھزادىنىڭ ئوقياسى جاڭگاللىقتىكى ۋەيرانە ئۆيگە چۈشىدۇ ۋە بىر مايمۇنغا ئۆيلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ بىر كىشىنىڭ ئىنتىلىش نىشانى ئەمەس. ئەمما بۇ خىل يامان بولغان تەرەپ ياخشىلىققا بېشارەت قىلىنغان. يەنى ئەسلىدە بۇ مايمۇن قىز ئالاھىدە چىرايلىق، سېھرىي كۈچكە ئىگە، ۋاپادار پەرى ئىدى. شاھزادىمۇ ئاق كۆڭۈل، قەلبى پاك بولغاچقا ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل بېشارەت گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. يەنى گۈزەللىكنىڭ قارمۇ - قارشى تەرىپى بولغان سەتلىك(رەزىللىك) تىن ئايرىلغان گۈزەللىك ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەرتىنى يوقىتىدۇ، سەتلىك ھامان كىشىلەرنى ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قىزىقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار توختىماستىن ھەر تەرەپلىمە گۈزەللىك يارىتالايدۇ. شۇڭا تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىمۇ شۇ ئاساستا بولىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى سەتلىك مەنىسىگە ئىگە ئوبرازلارنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ مانا شۇنداق بولىدۇ ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بىر خاپىلىقتىن بىر خۇشاللىق تۇغۇلىدۇ» دېيىدىغان قاراش بار بولۇپ، كىشىلەر شۇ ئارقىلىق خاتىرجەملىك تاپقان.

## 3. پال سېلىش ۋە سەدىقە قىلىش

بېشارەتنىڭ كېيىنكى شەكلى پالچىلىقتۇر. پال بىلەن ئىنسان تەقدىرى باغلىنىپ ئۇنىڭ ياخشى ياكى

يامان ئىشلىرى ئۈستىدە بېشارەت بېرىلگەن. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى شۇ بولدىكى، بۇ ئۇزاق جەريانلىق مەدەنىيەت ھادىسىسىگە قارىساق بۇنىڭغا باشتىن- ئاخىر كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى قارىشى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ روھى ياخشىلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان، يامانلىقتىن يىراقلاشتۇرۇلغان.

سەدىقە قىلىشمۇ بىر خىل پىسخىكىلىق ھالەتتىن شەكىللەنگەن ئادەتتۇر. فرازېر ئۆزىنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىدە، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئافرىقىدىكى نۇرغۇن قەبىلىلەر ئارىسىدا ئەتراپىدىكى بېشارەتلىك خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلىگەن ئوبيېكتلارنى نەزىر قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ روھىغا ئاتاش ئادەتلىرىنىڭ بارلىقىنى يېشىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ سەدىقە قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭ يامان روھلارنى قوغلاش ئادىتىدىن كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزىلەر گەرچە دىۋانە، تىلەمچىلەردىن نەپرەتلەنسىمۇ، سەدىقە بەرگۈسى كەلمىسىمۇ، ئەمما ئۆزى دۇچ كەلگەن يامانلىق بېشارەتلىرى ئالدىدا بىر خىل قورقۇنچ ھېس قىلىپ، يەنىلا ئۇنىڭغا سەدىقە بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق يامانلىق ياخشىلىققا ئايلانسۇن دېگەندەك تىلەكلەردە بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا سەدىقە بېرىش ئادىتى دەل يامانلىقنىڭ ياخشىلىققا ئايلىنىشىدىكى ۋاستە بولۇش رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كەلمەكتە. ئەنگىلىيەلىك ۋىكتور ماريا خيۇگونىڭ (1802-1885,Victor.Maria.Hugo) «رەزىللىك يۈكسەكلىكنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ، يامانلىق ياخشىلىق بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئۆز - ئارا ئورتاقلىققا ئىگە »[12] دىن ئىبارەت گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ ئۆتنۈشمىلىك نەزەرىيەسى يۇقىرىقى بىر قاتار جەريانلارنى خولاسىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدىكى يۇقىرىقىدەك ھەرخىل بېشارەتلەر بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى مەلۇم تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گۈزەللىكنى يارىتىش ۋە گۈزەللىكتىن زوق ئېلىشتىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا توختىماستىن ئىزدىنىپ ھەرخىل مەزمۇنلارغا ئىگە گۈزەللىك ئۆلچەملىرىنى يارىتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىز گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق توغرىسىدىكى تۈنجى قاراشلىرىنى بۇ بېشارەتلەر ئارقىلىق بىر قەدەر كونكرېت ۋە روشەن ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن، ھەمدە فولكلور مەدەنىيىتىمىزدە بىر خىل ئورتاقلىق ۋە ئىزچىللىقنى بەرپا قىلىپ كەلدى ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلمەكتە.

## ئىزاھلار


[1][4][12] فەن شېڭمىڭ: «غەرب ئېستېتىكا تارىخى»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1999- يىلى، 3- توم، 19-، 20 - بەتلەر.

[2] لافاگېر: «ئىدىيەنىڭ شەكىللىنىش تەلىماتى»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى، 1963- يىلى نەشرى، 179-، 189- بەتلەر.

[3] مورك لاۋ: «سوخراتتىن بۇرۇنقى پەيلاسوپلار»، Cambridge، 1979- يىلى نەشرى، 9- بەت.

[5][6][8] ئابدۇبەسىر شۈكۈرى:««پالنامە»ۋە قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى نەشرى، 53-54-، 57- بەتلەر

[7] «سىمۋولىزم لۇغىتى »، روسىيە يانتار نەشرىياتى، 2002-يىلى نەشرى، 210-بەت(رۇسچە).

[9] ۋاڭ جىگاڭ: «رەزىللىكنىڭ گۈزەللىك قىممىتى ھەققىدە». لياۋ سوڭ ژۇرنىلى، 1999- يىلى، 6- سانى.

[10] «دۇنيا مەدەنىيىتى سىمۋول لۇغىتى»، خۇ بېي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى، 1992- يىلى نەشرى، 621-622- بەتلەر.

[11] خۇگو: ««كلۇنۋېر» مۇقەددىمىسى»، «غەرب ئېستېتىكا تارىخى ماتېرىياللار تاللانمىسى»غا قارالسۇن، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987- يىلى نەشرى، 2- قىسىم، 493- بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2014)01 - 069 - 11

# ھېسام چاقچاقچىلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئەكبەر قادىر

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ، 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مەزكۇر ماقالىدە ھېسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھېسام قۇرباننىڭ چاقچاق ئېيتىش ماھارىتى، چاقچاق قارىشى ۋە چاقچاقتا ۋارىسلىق قىلىش جەريانلىرى كونكرېت تەھلىل قىلىنىپ، ھېسام قۇربان بىلەن ئۇنىڭ چاقچاق سەنئىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ھېسام؛ ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى؛ ۋارىسلىق قىلىش

**摘要：** 本论文主要讨论笑话大师伊沙木以及他的笑话生涯。对伊沙木的讲笑话技巧，笑话观与传承，创造进行具体分析。概括伊沙木与维吾尔笑话之间的内在关系。

**关键词：** 伊沙木；维吾尔笑话；传承

**Abstract:** This paper mainly discusses the career of famous Uyghur comedian Hisam and the internal relationship between him and Uyghur comedy. Besides, the paper also analyzes his joke-telling skills and how to inherit his ideas and joke-telling style.

**Keywords:** Hisam; Uyghur humors; inherit

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I277.8 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ھېسام قۇربان ھەققىدە

ھېسام قۇربان مەشھۇر سەنئەتكار، شۇنداقلا خەلق چاقچاق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى ئىجادىي بېيىتىپ راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن مەشھۇر چاقچاق ئۇستازى. خەلق تەرىپىدىن ئۇلۇغلانغان، مەدھىيىلەنگەن، قەلب تۆرىدىن يۇقىرى ئورۇن بېرىلگەن دانىشمەن شەخس.

ھەر بىرىمىلەنگە ھېسام قۇربان ئېيتقان قىزىق چاقچاقلارنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاش پۇرسەتلىرى ئانچە كۆپ نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، بىراق بىز 1982-يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان «ھېسام چاقچاقلىرى» نامىدىكى يۈرۈشلۈك كىتابلاردىن ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى ئوقۇپ، ھوزۇرلىنىپ كېلىۋاتىمىز. ھېسام قۇربان يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىگىلا مەنسۇپ شەخس ئەمەس. ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە، ھەتتا دۇنيا خەلقىگە مەنسۇپ شەخستۇر. ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن چاقچاقلىرى ئىنسانىيەت سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ ۋارىسلىق قىلغان ھەم بېيىتقان خەلق چاقچاق سەنئىتى پۈتۈن ئىنسانىيەت سەنئىتىگە قوشۇلغان بىر تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھېسام قۇرباننىڭ خەلق سەنئىتىگە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى زور ھەم ئۇلۇغ!

ھېسام قۇربان بىر مەشھۇر ئارتىس. ئۇ ھاياتىدا تۈرلۈك دىراما ۋە سەھنە ئەسەرلىرىدە رول ئېلىپ كەلگەن. بۇ روللارنى كۈلكىلىك، تەسىرلىك ھەم ھەجۋىيلىك ئېلىپ، خەلقىمىز تەرىپىدىن «كۈلكە چولپىنى» دەپمۇ ئاتالغان.

ھېسام قۇرباننىڭ چاقچاقلىرىنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا

---

*بۇ ماقالە 2013-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە دۆلەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر فوندى تۈرى «ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى — چاقچاق ئۈستىدە تەتقىقات» (تەستىق نومۇرى: 13BZW159) نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى.

ئاپتور: ئەكبەر قادىر (1965-يىلى 4-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە تەنقىدچىلىكى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

رەسمىي باشلاندى. ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي توققۇز كىتاب، خەنزۇ تىلىدا تۆت كىتاب نەشر قىلىندى. «ھېسام چاقچاقلىرى ھەققىدە» ناملىق مەخسۇس بىر تەتقىقات كىتابى 2011- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ يېزىلىپ داۋاملىق ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ساھەدە يەنە خۇشاللىنارلىق ئىش شۇكى، ھېسام چاقچاقلىرى تەتقىقاتىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر چاقچاق تەتقىقاتى تۈرى 2013- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. بۇ تەتقىقات ھازىر جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ.

ھېسام ئېيتقان چاقچاقلارنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، ئەھمىيىتى زور، قىممىتى يۇقىرى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى كىشىنى خۇشال قىلىش، كۈلدۈرۈش، شادلاندۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى كىشىلەرنى تۇرمۇشنى، ھاياتنى قىزغىن سۆيۈشكە ئىنتىلدۇرىدۇ. كىشىلەرنى تۈرلۈك قايغۇلاردىن، بېسىملاردىن، ئورۇنسىز پەرىشانلىقلاردىن نېرى قىلىدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى نامۇۋاپىق قىلىقلارنى، ناچار ئىللەتلەرنى، بولمىغۇر ھادىسىلەرنى ئۆتكۈر ھەم يۇمۇرىستىك تىل بىلەن دەل ۋاقتىدا قامچىلاپ كىشىلەرنى ساغلام، مەدەنىي بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ھېسام قۇربان ئىلىم ـ پەننى ئۇلۇغلايدىغان، زامانىۋىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان ئاڭغا ئىگە مەرىپەتپەرۋەر ئىنسان. ئۇ چاقچاق ۋاستىسى بىلەن زامانداشلىرىغا بىلىمنى تەشەببۇس قىلدى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى تارقاتتى. شۇڭا ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ چاقچاقلىرىنى بىر خىل تەربىيە دەرسلىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى يەنە ئىنجابىيلىقنى، ياخشىلىقنى، توغرىلىقنى ئۇلۇغلاپ، تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاشتەك روشەن ئىجتىمائىي خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا ئۇ رايون، مىللەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاقلىرىنى ھەممە مىللەت ياخشى كۆرىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ.

## 2. ھېسام قۇربان چاقچاقچىلىقى ھەققىدە

چاقچاق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مەزمۇن، شۇنداقلا ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقان مەنىۋى سۈپەت ئامىلى. ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن خۇشچاقچاق، چىقىشقاق خەلق. بۇنداق پىسخىكا ئۇيغۇر خەلقىنى ھەر دائىم چاقچاق ئېيتىدىغان، چاقچاق قىلىشقا ماھىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. خەلقىمىز خېلى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا چاقچاقنىڭ كۆپ خىل تۈرلىرىنى ياراتقان ھەم ئادەملەر توپلاشقان يەرلەردە ياكى بەزمە ـ مەشرەپلەردە، سەيلە ـ ساياھەت ئويۇنلىرىدا، شۇنداقلا تۈرلۈك سەيلە پائالىيەتلىرىدە چاقچاق قىلىش، ئېيتىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

چاقچاقلارنىڭ ئورۇندىلىش ( ئېيتىلىش) شەكلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. چاقچاق ئۈچۈن ئاۋۋال چاقچاق قىلغۇچى بولۇشى كېرەك. بۇ چاقچاق قىلغۇچى سورۇندىكى كىشىلەرگە چاقچاق قىلىدۇ. بۇنداق چاقچاق قىلىش چاقچاق قىلغۇچىنىڭ سورۇندىكى بىرەر ئادەمنى بىرەر خىل ھالەتكە ياكى قىياپەتكە ئوخشىتىپ كۈلدۈرگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چاقچاق ئورۇنداشنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلى بولسا چاقچاقلاشقۇچى ياكى دىيالوگلاشقۇچى ئىككى تەرەپ بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىرى ناھايىتىمۇ سۆزگە ماھىر، گەپدان بولۇشى لازىم. سۆز ماھىرى قارشى تەرەپكە بىرەر ياپتا گەپ ياكى ئىشارە بىلەن بىر-بىرىنىڭ نىسپىي چىشىغا تېگىدۇ. بىر ـ بىرىگە ھەزىل سۆزلەرنى قىلىپ ياكى بىرى يەنە بىرىدىن سوئال سوراش شەكلىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ سۆز تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا چاقچاقلىشىش باشلىنىپ كېتىدۇ. دىيالوگ قانچە ئەۋجىگە چىقسا چاقچاق شۇنچە شاخلاپ بېيىيدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە چاقچاقنىڭ تارقىلىش باسقۇچى بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا بىر ئورۇندا ئېيتىلغان چاقچاقلاردىن رەسمىي دىيالوگ سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەنلىرىنى باشقىلار تۇتۇۋېلىپ ئۇنى تۈزەشتۈرۈپ تارقىتىدۇ. ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا

كۆچۈش، تارقىلىش جەريانىدا پىششىقلىنىشتىن ئۆتىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئېغىزدا تارقىلىپ، ئېغىزدا ساقلىنىدىغان ھەم كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە بولىدىغان رەسمىي شەكىلگە ئايلىنىدۇ.

چاقچاق ئىجادىيىتى كوللېكتىپچانلىق، ئاغزاكىلىق، ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولغاچقا خاتىرىگە ئېلىنماي كەلگەن ئىدى. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە رەسمىي خاتىرىگە ئالغىنىمىز خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان (1930 ـ 2013) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ئۇ تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان، شۇنىڭدەك ھېسام قۇربان نامىغا يۈكلەنگەن چاقچاقلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ چاقچاقلار ئومۇمىي خەلق چاقچاقلىرىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەتتۇر.

ھېسام ئاكا چاقچاقلىرىدا تۇرمۇشنىڭ ھەر قانداق بىر ھالىتى ۋە كۆرۈنۈشى بار. ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغىنى مۇرەككەپ مەسىلىلەر ياكى چوڭقۇر زىددىيەتلەر ئەمەس، پەقەت بولمىغۇر قىلىق، بولمىغۇر ھادىسىلەرنى كۈلكە قىلىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ. دوستلۇقنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ھېسام ئاكا چاقچاقلىرى يەنە كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىكى كۈلكە ھەرگىزمۇ مەنىسىز كۈلكە ئەمەس. بۇ كۈلكە جىددىي بولغان ئىبرەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ كۈلكىدىن كىشىلەر ھېچ بولمىغاندا تۇرمۇشقا بولغان توغرا پوزىتسىيەگە ئېرىشىدۇ. ئىستېتىك زوق ئېلىپ روھىنى كۆتۈرىدۇ. گۈزەل نەرسىلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ.

ھېسام چاقچاقلىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، ھېسام ئاكا توغرىسىدا گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھېسام ئاكا قانداق خاراكتېرلىك شەخس، ئۇ قانداق مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان؟ ئۇنىڭ چاقچاق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى قانچىلىك؟ ئۇ خەلق چاقچىقىنى قانچىلىك راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى؟ ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئورنىنى ھەم تۆھپىسىنى قانداق باھالايمىز؟ دېگەن تەرەپلەر بىزنى ئويلاندۇرىدۇ.

ھېسام ئاكا چوڭ بولغان ئائىلە چاقچاق ئائىلىسى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى قۇربان ئاكا، چوڭ دادىسى ئىسمايىل ئاكىلار ئۆز دەۋرىدە يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە تەسىرى بار چاقچاقچىلار ئىكەن. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ھېسام ئاكىغا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دادىسى بىلەن چوڭ دادىسى ئۇستاز بولغان ۋە ئۇلاردىن «چاقچاق قىلىشنىڭ ۋە يۇمۇرلۇق، ساغلام، كۈچلۈك ھەجۋىي تۈسكە ئىگە چاقچاقلارنى ئەپلىك قۇراشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەن» (ماخمۇت مۇھەممەد: «ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق ماقالىدىن).

ھېسام ئاكىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرى بىلەن بازار رەستىلىرىدە بوينىغا تەنزە ئېسىپ پەشمەت، تاڭگا سېتىش بىلەن ئۆتكەن ئىكەن. كېيىنچە ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزى بولغان بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ ئالدىدىن دۇكان ئېچىپ بەرگەن. ھېسام ئاكا دۇكان ئېچىپ سودا قىلغاندىن كۆرە ئەتراپتىكى ئادەملەرنى، قىلىنىۋاتقان چاقچاقلارنى، بولۇنىۋاتقان قىزىق ئىشلارنى كۆپرەك ئاڭلاشقا، كۆپرەك كۆرۈشكە قىزىققان. بولۇپمۇ، ياز ئايلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قىزىپ كېتىدىغان سەيلە ئويۇنلىرى، بۇ ئويۇنلارغا كېتىپ بارغان سازەندىلەر، ناخشىچىلار، چاقچاقچىلار ھېسامنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەينى دەۋرنىڭ قىزىقچىلىرىدىن باۋخان كور (1895 ـ 1956)، زوردۇن نۇسرەت (1904 ـ 1975)، غوپۇر دىڭخولۇ (تولۇق ئىسمى غوپۇر يۇسۇپ بولۇپ 1916 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1992 ـ يىلى 75 يېشىدا قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا شەھىرىدە ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار بولغان. مەشرەپ ـ سورۇنلاردا، كوچا ـ رەستىلەردە ئەنە شۇ چاقچاقچىلارنىڭ قىلغان چاقچاقلىرى ھېسام ئاكىنىڭ بالىلىق قەلبىدە ئاجايىپ قىزىقىش ۋە ھېرىسمەنلىكنى قوزغىغان. ئۇ زامانلاردا يەنە شەھەر خەلقى قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىنى ئۆي ـ ئۆيلەردە مەشرەپ ئويناش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. چوڭلار بالىلىرىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىپ، قائىدە ـ

يوسۇنلۇق چوڭ بولسۇن دەپ ئۆزلىرى بارغان مەشرەپلەرگە بىللە ئېلىپ باراتتى. مەشرەپلەردە ئورۇندىلىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلار، نەغمە ـ ناۋالار باللار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىدىغان، قىزىقىشىنى يېتىلدۈرىدىغان، بەلگىلىك ئەنئەنە تەربىيەسىگە ئىگە قىلىدىغان قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلار ئىدى. ھېسام ئاكا دادىسى بىلەن ئەنە شۇنداق مەشرەپ، نەغمە ـ سورۇنلىرىغا كۆپ باراتتى. قۇربان ئاكا ئۆزى بىر قىزىقچى، سەنئەتكار ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن بەلكىم بالىسى ھېسامنى سەنئەت تالانتى جەھەتتىن تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىپ بولسىمۇ بۇنداق سورۇنلارغا كۆپ ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. مەشرەپلەردىكى سازلار، ناخشىلار، قىزىق چاقچاقلار، كۈلكىلەر كىچىك ھېسامنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، تەپەككۇرىنى تاۋلاپ ماڭدى. نەتىجىدە ھېسام ئاكا تېخى كىچىك بالا تۇرۇپلا چاقچاقچىلار سېپىگە قېتىلىپ ئانچە ـ مۇنچە قىزىق گەپلەرنى قىلىدىغان بولدى. ھېسامنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرى مەشرەپ ـ سورۇنلىرىدىن ئىبارەت بۇ چاقچاق مەدەنىيىتى بەرپا قىلغۇچى ئاممىۋى ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر كىرىش، چاقچاق ئۇستىلىرىدىن چاقچاق قانداق بولىدۇ، چاقچاق قىلىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىنىدۇ، دېگەنلەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتتى. چاقچاق ئۇستىلىرىدىن داۋاملىق ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ چاقچاق قىلىش ئۇسۇلى، ئالاھىدىلىكى، خاسلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش جەريانى بولدى.

ھېسام ئاكىمۇ شۇ دەۋردىكى چاقچاقچىلارغا ئوخشاش ئۇستا چالغۇچى بولۇپ يېتىلدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۇستا ناغرىچى ئىدى. ئۇ ناغرا چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن كۆپىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ۋە ناغرا چېلىش ئۇستىسى بولۇپ قالغان. ئۇ سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئارتىس بولغان، سەھنىدە روللارنى ئالغان ئىدى. ئۇ بىر قېتىم سەھنىدە لەپەردە رول ئېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈزىگە چاپلاپ قويۇلغان يالغان ساقىلى شۇنداق سىلاپ قويۇشىغا قولىغا چىقىپ قالىدۇ. كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشقا قارىتا ھېسام ئاكا قولىدا يالغان ساقالنى تۇتۇپ تۇرۇپ لەپەرنىڭ مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇپ «توۋا، ئادەم قېرىغاندا ساقالىمۇ كۆيە چۈشىدىغان گەپكەن» دەپ چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرۈۋېتىدۇ. بۇ يەردە ھېسام قۇرباننىڭ چاقچاقنى خەلق ئارىسىدىن سەھنىگە ئېلىپ چىققانلىقى ئۇنىڭ بىر تۆھپىسىدۇر. ئۇ سەھنىلەردە رول ئېلىش جەريانىدا بۇ روللارنىڭ خاراكتېرىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەر دائىم چاقچاقلارنى تېخىمۇ ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن.

ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق قىلىش جەريانى ئاددىيلىقتىن يۇقىرى يېتىلىش جەريانىغىچە بولغان تەرەققىيات مۇساپىسىگە ئىگە. ئەمما بۇنداق پىشىپ ـ يېتىلىش جەريانى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلىشىش جەريانى بولۇپ، تىل، شەكىل، ئىنكاس، ھەجۋىيلىك... دېگەنلەر ئۇنىڭدىكى تۇغما تالانت ئىدى.

بىز ھېسام ئاكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاقچاقلىرىنى يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەدنىڭ «ھېسام ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىدىن ئۇچرىتىمىز.

چاقچاق قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر خىل پىسخىك ئالاھىدىلىكى. بولۇپمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە چاقچاق تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. ئىلىلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا چاقچاقلىشىش تېخىمۇ قويۇق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئىلى ئۇيغۇرلىرى زېمىنى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت بۇ دىياردا ياشاپ تىرىكچىلىق ۋە جاھاندارچىلىق قىلىپ كەلگەن. يازدا تېرىپ، كۈزدە يىغىۋېلىش ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ھېسابلانغان. تىرىكچىلىقتىن بوشىغان ۋاقىتلاردا دەريا ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا، باغلاردا، تاغلاردا، ھەتتا كەڭرى بوزلۇقلاردا سەيلە ـ ساياھەت قىلىش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش، چاي بېرىش بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ياشاش ئۇسۇلى بولۇپ كەلگەن. بۇنداق سورۇنلاردا ئاجايىپ قىزىقچىلار، لەتىپىچىلەر، چاقچاقچىلار، لاپچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرمۇش، ھايات، ئۈمىد، كېلەچەك كۈيلىنىدىغان سۆز ئويۇنلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ. بۇ لەتىپە، چاقچاقلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، بېيىتىلىپ ئىلىدا چاقچاق

مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ھېسام چاقچاقلىرى ئەنە شۇنداق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ مەھسۇلى.

ھېسام ئاكا بۈگۈنكى كۈندە خۇددى نەسرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش ئۆزىدىن شۇنداقلا ماكان، زاماندىن ھالقىپ كەتكەن شەخس. ئۇ ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنىڭ نامىغا توقۇلغان چاقچاقلار كىشىلەرنى ئېستېتىكا جەھەتتىن زوقلاندۇرىدىغان بۇلاق، تۇرمۇش جەھەتتىن تەربىيەلەيدىغان كىتاب!

ھېسام ئاكا چاقچاققا نىسبەتەن ئىلمىي قاراش شەكىللەندۈرگەن، شۇنىڭدەك چاقچاق قىلىشنىڭ بىر قاتار ئۇسۇل، شەكىللىرىنى قېلىپلاشتۇرغان دېيىشكە بولىدۇ. دىققەت قىلساق ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ شەكلىدە « ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ بۇياقتىن نوقۇشنى، ئېگىز كۆتۈرگەن بولۇپ ئاستىدىن ئۇرۇش، گەپنى ئەگىتىپ، يىراقتىن باشلاپ بىر ـ بىرلەپ ئوخشىتىش، ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب بېرىش» دېگەندەك ئۇسۇللار كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىگەن.

ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق قىلىش ماھارىتى ۋە ئۇقتىدارىنى تەتقىق قىلىشمۇ بىر ئەھمىيەتلىك تېما.

چاقچاق باشقا ئاغزاكى سەنئەت تۈرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر تۈر. چاقچاق قىلىش چۆچەك، داستان، قوشاق ياكى رىۋايەت ـ قىسسەلەرنى سۆزلەشكە ئوخشىمايدۇ. چاقچاق نەق مەيداندا قىلىنىدۇ. چاقچاقنىڭ تارقىلىش جەريانىمۇ ئۆزگىچە ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. چاقچاق تارقاتقۇچىلارنىڭ تارقىتىش جەھەتتىكى بايان قىلىش ئىقتىدارى، تىل ماھارىتى، بەدىئىي تەربىيەلىنىشى، چاققانلىقى دېگەنلەر بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چاقچاقتىكى كۈلكە ۋە قىزىقارلىق خۇسۇسىيەت تارقاتقۇچىدىكى بەدىئىي ئىقتىدارنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنلا تولۇق نامايان بولىدۇ. باشقا خىلدىكى ئاغزاكى سەنئەت تۈرلىرى بولسا، ھېكايىچانلىققا ئىگە بولغاچقا پەقەت بايان قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى ئىقتىدارغىلا تايىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چاقچاق قىسمەن ۋارىيانتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ. ئەينەن تارايدۇ، ئەينەن ئېيتىلىدۇ، ئۇنىڭدا رايون ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك بولغاچقا باشقا جايلارغا تارقىغاندىمۇ ئۆزىدىكى رايون ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ.

ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق قىلىش ماھارىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ بۇ ماھارىتى شائىرلاردەك قاپىيە قوللىنىپ قىلغان چاقچاقلىرىدا، ئۆتكۈر ئوخشىتىشلار بىلەن قىلغان چاقچاقلىرىدا ھەتتا چاقچاقنى بوغۇم، قاپىيە، ئۇرغۇ، رادىپ شەكلى بىلەن بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ قىلىشلىرىدا ئالاھىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى ئاساسەن «ھېسام بىر كۈنى... »، «ھېسام كېتىۋاتسا.....»، «بىرىيلەن ھېسامدىن سوراپتۇ... » دېگەندەك شەكىلنى ئاساس قىلغان. ھېسام ئۆزى ئېيتقان چاقچاقلار بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ھېسام نامىغا توقۇغانلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق قىلىش ماھارىتىنى چىقىش قىلىدۇ ھەم گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ھېسام ئاكا تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەن، تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزەتكەن ئادەم. بۇ ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ چاقچاق ماھارىتىدە ھازىر جاۋابلىق ناھايىتى يۇقىرى. ئۇ ھەر قانداق بىر ئالاھىدىلىكنى ناھايىتى تېزلا بايقىۋالالايدۇ. دە، ئۇنى ئۆز تۇرمۇش تەجرىبىسى ياكى تۇرمۇش قارىشى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ قىزىقارلىق لەتىپىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ، ئۇ يەنە ئادەم خىيلىغىچە ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان پىكىرلەرنى قارشى تەرەپنىڭ سۆزى ياكى سوئالى تۈگىمەستىنلا جاۋاب تەرىقىسىدە دەۋېتىدۇ. تىڭشىغۇچىلار دەسلەپ قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ. كۈلكىدىن كېيىن بۇ تېز جاۋابنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشىدۇ ـ دە، قايتىدىن قايىللىق كۈلكىسىنى كۈلىدۇ، مانا بۇ جەريانلاردىمۇ ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق قىلىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھېسام ئاكىنىڭ ھايات چۈشەنچىسى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، يەنە كۆزىتىش ئىقتىدارىمۇ يۇقىرى، تەسەۋۋۇرىمۇ مول. ئۇ يەنە سۆزگە باي، قىزىقچىلىق قىلىش تالانتىغا ئىگە شەخس. ئۇ زامانىمىزدىكى

«ھايات نەسرىدىن ئەپەندى» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

خەلقىمىز ھېسام ئاكىغا ئۆز قەلبىدىن ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن بەرگەن. خەلقىمىز ھېسامنى ئۆزلىرىنىڭ پەخرى، ئۆزلىرىنىڭ بايلىقى ھېسابلايدۇ، ھېسامنى سۆيىدۇ، ھېسامنى ئەزىزلەيدۇ. ھېسامنىڭ چاقچاق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېتىشىپ چىققان ياش چاقچاقچىلارمۇ بار. بۇ چاقچاقچىلار ھېسامنىڭ تىل سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئاۋاز سەنئىتىگىمۇ ۋارىسلىق قىلماقتا. ئۇلار بەزىدە ھېسام ئاكا چاقچاقلىرىنى بىزگە ھېسام ئاكىنىڭ ئەينى ئاۋازىنى دوراپ ئېيتىش شەكلى بىلەن يەتكۈزۈپ بەرمەكتە.

ھېسام ئاكا ئۇيغۇر خەلق چاقچاقچىلىقىدىكى ئۇستاز چاقچاقچى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا رەڭدارلىق ۋە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

## 3. ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق ھەققىدىكى قاراشلىرى

1950 ـ يىللىرى ھېسام ئاكا مەھەللە سەنئەت ئۆمەكلىرىگە، كېيىن غۇلجا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى دېگەندەك مۇنتىزىم سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتناشقان. بۇ جەرياندا ھېسام ئاتاقلىق سەنئەتكارلاردىن غىياسىدىن بارات، پاشا ئىشان قاتارلىقلار بىلەن ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىدە بىللە بولۇپ، ناھىيە، يېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويغان. «قانلىق داغ»، «غۇنچەم» قاتارلىق درامىلاردىمۇ رول ئالغان. ھېسامنىڭ سەھنىلەردە رول ئېلىشى، سەنئەتكارلار بىلەن بىللە بولۇشى ئۇنىڭ ئارتىسلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي يەنە ئۇنىڭ سەنئەتنىڭ نېمىلىكىگە بولغان ئىلمىي تونۇشىنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. شۇڭا ھېسامنى خەلق سەنئىتىنى چۈشىنىدىغان، ئۇنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان، خەلق سەنئىتىگە قانداق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاڭلىق يەكۈنلىيەلەيدىغان پىشقان بىر سەنئەتكار دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. شۇڭا ھېسام ئاكا ئۆزى ۋارىسلىق قىلغان، ئۆزى تارقاتقان چاقچاقلار توغرىسىدىمۇ ئىنتايىن ئىلمىي قاراشلارغا ئىگە. بىز تۆۋەندە ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى:

### 1) چاقچاقنىڭ ئىلمىيلىكى بولۇشى كېرەك

ھېسام ئاكا چاقچاققا نىسبەتەن ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇ چاقچاقنى ئاغزىغا كەلگەنچە دەۋەرسە بولىدىغان، زورلاپ كۈلكە پەيدا قىلىدىغان گەپلەردىن زور دەرىجىدە پەرقلەندۈرىدۇ. ھېسام، چاقچاق مەلۇم مەنىگە، مەلۇم ئۇقۇمغا ئىگە بولۇشى لازىم، بۇ مەنە چوقۇم كىشىگە لەززەتلىنىش، ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان، روھنى كۆتۈرۈپ، كەيپىياتنى تەڭشەيدىغان، قىزغىنلىقنى ئاشۇرىدىغان ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن (چاقچاق ئوبيېكتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئازادىلىك، كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئېلىپ كېلەلمىگەن چاقچاق چاقچاق ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھېسام قۇربان «مەن چاقچاقنى كىشىلەرنى كۈلسۇن دەپ قىلىمەن» دەيدۇ.

ھېسام ئاكا چاقچاقنى دوستانە، غەرەزسىز بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ چاقچاقنىڭ مەزمۇنى ئىلمىي بولۇش بىلەن تىلىمۇ گۈزەل بولۇشى كېرەك، ئوبرازلىق، پاساھەتلىك تىللارنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش لازىم، قوپال، يېقىمسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

دېمەك، ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق ئىلمىي بولۇشى كېرەك، دېگەن قارىشىغا نۇرغۇن ئاكتىپ مەنىلەر سىڭگەن. بىز ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بۇ چاقچاق پېشۋاسىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

### 2) مەزمۇنى ئاكتىپ بولمىغان چاقچاق ئەھمىيەتسىز

ھېسام ئاكا چاقچاق مەلۇم ئوبيېكتقا قارىتىلىشى، كىشىلەرنى مەلۇم نەرسىدىن، مەلۇم كۆرۈنۈشتىن ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بولۇشى كېرەك دەيدۇ. ھېسامنىڭ نەزىرىدە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئوبرازلىق مەزمۇننى ئىپادىلەش چاقچاقچىغا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ.

چاقچاقچى باشقىلارنى كۈلدۈرۈش بىلەن تەڭ ئۆزىمۇ ھۇزۇرلىنىپ كۈلەلەيدىغان بولۇشى، ئېيتقان چاقچىقى باشقىلار ئۈچۈنمۇ، ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا كۈلكىلىك بولۇشى كېرەك. چاقچاقتىكى بۇ كۈلكە ئوبيېكتنى ياخشى تاللاشتىن كېلىدۇ. ئوبيېكت ياخشى تاللانسا چاقچاق مەزمۇندارلىقتا ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر چاقچاقتا نېمە ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى، كۈلكە ئىچىدە قانداق بىر ھەقىقەتتىن، قانداق بىر چىنلىقتىن ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ. مانا شۇنداق چاقچاقلا كىشىگە قويۇق ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ.

شەخسىي مۇددىئانى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش چاقچاقنى مەزمۇنسىز قىلىپلا قويماي يەنە ئۇنى پۈچەكلەشتۈرۈۋېتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، باشقىلارنى كەمسىتىش مۇددىئاسىدا ئېيتىلغان چاقچاق تەبىئىيكى ئاكتىپ تەسىر بېرەلمەيدۇ. بۇنداق چاقچاقلارنىڭ مەزمۇنىنى كىشىلەر قوبۇل قىلمايدۇ. نەتىجىدە بۇنداق چاقچاقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ھەتتا بۇنداق چاقچاقلارنى توپلاش، رەتلەشنىڭمۇ ھېچقانداق قىممىتى يوق.

### 3) چاقچاقنى مەيدان بارلىققا كەلتۈرىدۇ

ھېسام ئاكىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭدا ھېچقاچان ئالدىن تەييارلىق بولمايدىكەن. ئۇ قانداق بىر ئورۇندا بولسا شۇ ئورۇننىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەھكەم ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭچە «قانداق چاقچاق قىلىشنى مەيدان ئۆزى بەلگىلەيدۇ» كەن. ئالدىن تەييارلىق قىلىۋېلىپ ياكى بولمىسا چاقچاق تەييارلاپ بېرىش چاقچاقچى قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن.

دېمەك، ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاق ئىجادىيىتى مول خەلق تۇرمۇشى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى نەق مەيداندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن بىۋاسىتە تەسىرلىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ھېسام ئاكا يەنە چاقچاقنىڭ ھازىر جاۋابلىقىغىمۇ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، چاقچاق نەق مەيداندا ئىجاد قىلىنىدۇ. ئەمما چاقچاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا بىرەر كۈلدۈرگىلىك سۆز ـ ھەرىكەتمۇ سەۋەب بولۇپ بېرىدىكەن. چاقچاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئاساسلىقى بىرەر مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ياكى بىرەر كۈلكىلىك سۆزنىڭ بولۇشىنى ئۆزىگە تەقەززا قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھېسام چاقچاق مەيدانىدا يېتەكچى رولغا ئىگە بولۇپ كەلگەچكە، ھەمىشە چاقچاقنىڭ باشلىنىشى ھېسامنىڭ نەق مەيداندا بولۇشىنى ياكى باشلامچى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇندىلا مەيداندا چاقچاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە ئېيتىلىشى تېخىمۇ مول بولۇپ كەلدى. چاقچاقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئاساسلىق چاقچاق قىلغۇچىدىن باشقا يەنە قوشۇمچە چاقچاق قىلىنغۇچىلارنىڭ ھازىر بولۇشىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ، ھەتتا قوشۇمچە چاقچاق ماھىرلىرى يېتەرلىك بولسا، چاقچاق تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىن.

دېمەك، چاقچاق ۋەقە ياكى ھادىسىنى بايان قىلىشىپ، ئوبراز يارىتىش سەنئىتى ئەمەس، ئۇ پەقەت ھېسام ئېيتقاندەك، نەق مەيداندا ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئىجاد قىلىنىدىغان ئاغزاكىي سەنئەت!

## 4. ھېسام ئاكا ۋە ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى

خەلق چاقچاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى تولۇق تونۇش ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ ئىلگىرىكى چاقچاقچىلىرىمىز خەلق چاقچاقلىرىغا قىزىقىش ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشتىن باشقا، مۇھىمى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ رېئاللىقتىكى ناچار ئىللەت، ناچار كەيپىياتلارنى قامچىلاپ، ياخشىلىقلارنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان قىممىتى شۇنداقلا كىشىلەرنى ئۈمىدۋارلىققا، گۈزەللىككە يېتەكلەيدىغان رولىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇلار تەدرىجىي ھالدا خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، چاقچاقچىلارغا ئايلانغان.

ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاقچى بولۇپ يېتىلىشىدە ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. ھېسام خەلق ئارىسىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاش، بىۋاسىتە قوبۇل قىلىشتەك جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئۇ قەدىمىي

كىتابلارنى ئوقۇغانمۇ ئەمەس، خەلق سەنئىتىگە ئائىت لېكسىيەلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىدە قىزىقىش ھاسىل قىلغانمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت خەلق ئارىسىدا يۈرۈپ، خەلقنىڭ ئاغزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلىدى. بۇ جەرياندا ھېسامغا تەسىر قىلغىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيەسى، ھېسسىياتى ۋە ئارزۇ ـ ئارمىنى بولدى. ھېسامنى بىر ئەر ئاملىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېيىش توغرا كەلمەيدۇ، مۇشۇنى دېيىش مۇمكىن.

ھېسام ئاكا زامانىمىزدىكى چاقچاقچىمىز، ئۇ خەلقىمىزنىڭ نەچچە ئەسىردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن چاقچاقلىرىنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى، ئۇنى مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى، قويۇق دەۋر پۇرىقىغا، دەۋر روھىغا ئىگە قىلدى. يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەزمۇن، يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئارزۇلار بىلەن بېيىتتى. ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنى بەدىئىي تىل خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتە يەنىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلدى. بۇنىڭدىن ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاقنى بىر خىل مۇستەقىل بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ژانىر دەپ تونۇيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھېسام چاقچاقلىرى خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن كەلگەن. ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك كەسىپ، تۈرلۈك ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدىن تېما ئېلىنغان. رېئال تۇرمۇشتىكى ئىشلار مەنتىقىلىق، چىنلىق يولى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. مۇبالىغە قىلىش، ھەجۋىي قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ھېسام چاقچاقلىرى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئىنتايىن تېز قوبۇل قىلىندى.

ھازىر ھېسام چاقچاقلىرى خەلقىمىزنىڭ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى جۈملىسىگە كىردى.

ھېسامنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئورنى توغرىسىدىمۇ ئاز ـ تولا سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھېسام ئاكا خەلق چاقچاقچىسى. ئۇ ئىلى ۋادىسىدا، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ چاقچاق تۈرىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن ۋەكىللىك شەخس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ خەلق چاقچاق سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى بەدىئىي شەكىلنى پىششىق ئىگىلىگەن تەسىرگە ئىگە سەنئەتكار ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھېسام ئاكا بىلەن ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم ساقلاش ھەم تارقىتىش يەنە ھەم يېڭىنى يارىتىپ بېيىتىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن مۇناسىۋەتتۇر.

ھېسام ئاكا ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا ئۇنىڭ خەلق سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم ئۇنى بېيىتقۇچى شەخس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەزمۇننى سىڭدۈرۈش لازىم. شۇندىلا بۇ تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلايدۇ.

ئاخىرىدا شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنى قېزىش، ئۇنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتە ھېسام ئاكا بىردىن بىر تۆھپىكار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھېسام ئاكا خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ۋە ئۇنى تارقاتقۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە ۋەكىللىك شەخس ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاققا ۋارىسلىق قىلىش، تارقىتىش جەھەتتىكى ئورنى

خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم ئۇنى تارقاتقۇچى دېگىنىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تارقىلىشى، دەۋردىن ـ دەۋرگە يېتىپ كېلىشى جەريانىدا ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر مەزمۇنىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى تارقىتىشقا كۈچ قوشقان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

بىزگە مەلۇم خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراسىدۇر. ئۇنىڭ بىردىنبىر خاراكتېرى شۇكى، ئۇ تەبىئىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدا بولۇپ مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا ئەگەر ياخشى ۋارىسلىق قىلىنمىسا يوقىلىپ كېتىدىغان بايلىقتۇر. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە بولغان دىققەت ئېتىبارى سۇسلاپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ

ئۇستىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار، ئۇنى تارقاتقۇچىلارنىڭ ياشىنىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار تولىمۇ كەم بولىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تۇرداخۇن ئاكا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە تارقىتىپ كەلدى. ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ۋارىسلىق قىلىپ تارقىتىپ كەلدى. قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» ئېپوسىغا يۇسۇپ ماماي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم تارقىتىپ كەلدى. ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە، بۇ ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچىلارنىڭ ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىغا بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش مەسىلىسىدۇر. شۇنداق قىلغاندىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچىلارنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرۈپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىپ ھەم تارقىتىلىپ بېرىشىغا كېپىللىك قىلغىلى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچىلار كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا خەلق ئاممىسى بولۇشىمۇ ياكى مەلۇم ئىدارە ـ ئورۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئەسىرلەرنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىش داۋامىدا بەزىبىر كونكرېت شەخسلەر ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار كاللىسىدا ساقلاپ، ئېغىزىدا ئېيتىپ ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد يەتكۈزۈپ كەلگەن. بەزى ئىدارە ـ ئورۇنلار بولسا ئاشۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى قېزىشقا، تەتقىق قىلىشقا، رەتلەشكە كۈچ قوشقان بولىدۇ. مانا بۇ چاغدا ۋارىسلىق قىلىپ تارقاتقۇچى شەخس ۋە ئىدارە ـ ئورۇن ئوخشاشلا ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ 2003- يىلى 7- ئاينىڭ 30- كۈنى ئېلان قىلغان «جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 15- تارمىقىدا «تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن پۇقرالار مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئىلتىماس قىلسا ياكى باشقىلار تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلسا بولىدۇ دېيىلگەن: (1) بەلگىلىك رايون تەۋەسىدە، مەزكۇر مىللەتنىڭ ياكى بولمىسا مەزكۇر رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق مەدەنىيىتىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاۋامنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ۋەكىللىك شەخسلەر. (2) خەلق ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئىتىنى پىششىق ئىگىلەپ، شۇ ئورۇندا بىر قەدەر تەسىر پەيدا قىلغان سەنئەتكارلار. (3) نوپۇسى ئىنتايىن ئاز بولغان مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن كىشىلەر. (4) ئۆز مىللىتىنىڭ خەلق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە دائىر قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنى ۋە باشقا ماتېرىياللىرىنى، ماددىي بۇيۇملىرىنى زور مىقداردا تاپقان، ساقلاپ كەلگەن شۇنىڭدەك بۇ مەدەنىي مىراسلارغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشىلەر» دەپ بەلگىلەنگەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچىنى تاللاپ بېكىتىش، بىزدىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. بىر رايونغا نىسبەتەن ئالغاندا، شۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئۆگەنگەن، ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنىڭدىن بەھرىمان بولۇۋاتقان، شۇنىڭدەك ئۇنى تارقىتىۋاتقان بولىدۇ. لېكىن ئىنچىكە كۆزەتكەندە بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پەقەت ئاڭسىز ھالدىكى قوبۇل قىلغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. ئايرىم بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، بۇ خىل مەدەنىيەتنى ئاكتىپلىق بىلەن ساقلاپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە تارقىتىپ كەلگەن بولىدۇ. ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشتە ھازىر كۆپرەك ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى، شۇ كىشىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە دائىر ئەڭ دەسلەپكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىيەلىگەنلىكىگە، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى توپلاپ، رەتلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان

ۋە ئۇنى تولۇقلاپ بېيىتقانلىقى بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تەرەپلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملەر ئەلۋەتتە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ ئۇنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى بېيىتىپ كېيىنكىلەرنىڭ قەلبىدە چېچەكلىتىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىگە دائىر ئەڭ دەسلەپكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگۈچى دېگىنىمىز، ئاشۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ياراتقان توپ ئىچىدىكى سۆزلەپ بەرگۈچى، ئېيتىپ بەرگۈچى، ئورۇنلاپ بەرگۈچى، يىغىپ ساقلاپ بەرگۈچى شەخسنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگۈچى بىلەن بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىجاد قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پەرق بار. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتى بىر رايوندا بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى تەرىپىدىن كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا كوللېكتىپ ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇ كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، ئىدىيە ھېسسىياتى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئاپتورى خەلق ئاممىسى بولىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگۈچى شەخس بولسا ئاشۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم تارقاتقۇچى شەخس بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەنبە بىلەن تارماق ئېقىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ھوقۇقىغا كەلسەك، ئەڭ دەسلەپكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگۈچى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ئىجاد قىلغۇچى گەۋدىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ چەكلىنىشىگە ئۇچرايدۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى دېگىنىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تارقاق، چېچىلىپ كەتكەن ھالىتىگە نىسبەتەن رەتلەش، توپلاش ۋە سىستېمىلىق پىششىقلاش ئېلىپ بارغان شەخسنى كۆرسىتىدۇ. توپلاش، رەتلەش جەريانىدا ئەسلىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئاساسىدا، ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەرگە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، يېڭىلىققا ھەم خاسلىققا ئىگە قىلىشقا بولىدۇ.

ھېسام قۇربان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى بولغان چاقچاق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى تارقىتىشقا زور تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭ رايونىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەدەنىيىتى — چاقچاقنى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پىششىق ئىگىلەپ ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن شەخس.

ھېسام قۇربان يەنە ئەنئەنىۋى خەلق چاقچاقلىرىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى، مۇناسىۋەتلەرنى، خاراكتېرلەرنى پۇختا ئىگىلىدى. نەتىجىدە تۇرمۇشچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان چاقچاقلارنى بارلىققا كەلتۈردى. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى چاقچاق سەنئىتىنى يېڭى تۇرمۇش ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

ھېسام ئاكا 1951-يىلى رەسمىي سەنئەت ساھەسىگە قەدەم قويغان. دېمەك، ھېسامنىڭ چاقچاق ئېيتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، تارقىتىش بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ھېسام قۇربان شەخسەن ئۆزى ئىجاد قىلغان چاقچاقلار بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ھېسام نامىدا ئىجاد قىلغان چاقچاقلىرى بولسۇن ھازىرغىچە «ھېسام چاقچاقلىرى» نامىدا تارقىلىپ يۈرگەن چاقچاقلار ناھايىتى كۆپ، ھەتتا ساناقسىز. «ھېسام چاقچاقلىرى» نى رەتلەش، توپلاشتا يازغۇچى ماخمۇت مۇھەممەت دەسلەپ تۇتۇش قىلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1980-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى «ئىلى گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ھېسام چاقچاقلىرىنى ئېلان قىلغان. بۇ ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنىشى. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مول چاقچاق سەنئىتىنىڭ ھېسام نامى بىلەن باغلىنىپ تارقىلىشىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى.

ھېسام ئاكا خاراكتېر جەھەتتىكى يۇمۇرلۇقلىقى،

سۆزدىكى ماھىرلىقى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى قاتارلىق بىر قاتار خاسلىقلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇ خەلق چاقچاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. چاقچاق سەنئىتىمىزنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە بەلگىلەش خاراكتېرلىك رول ئوينىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ «زامانىمىزنىڭ ھايات نەسرىدىن ئەپەندىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ شەخس.

ھازىر ماخمۇت مۇھەممەت توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان «ھېسام چاقچاقلىرى» غا ھېسامنىڭ 1995- يىلىغىچە قىلغان چاقچاقلىرى كىرگۈزۈلگەن. ھازىرغىچە بولغان ئون يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتا ھېسام چاقچاقلىرى ئۈزلۈكسىز بېيىتىلدى ھەم كۆپەيتىلدى. بۇلارنىمۇ داۋاملىق توپلاشقا، رەتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. ماخمۇت مۇھەممەت: «ھېسام چاقچاقلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1982- 1984- يىللار، 1- ، 2- ، 3- ، 4- توپلاملىرى.
2. ئابدۇرۇسۇل سېيىت: «مانا بۇ ھېسام» (ئاپتورنىڭ «چاقچاقچىلار چايخانىسى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008- يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

35 ـ يىللىق 1 ـ سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 35 卷第 1 期
2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2014 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 080 ـ 01(2014) 5878 ـ 1005

# ئاتاقلىق شائىر، ئوبزورچى «خالىس» ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا*

ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىي ئوبزورچى ئابلىتىپ راخمان «خالىس» نىڭ ھاياتى، ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى شەرھلەندى، قوشۇمچە مۇئەللىپىنىڭ بىرقىسىم شېئىرلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خالىس ئىجادىيىتى ؛ ئىنقىلابىي پائالىيىتى؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشى

**摘要：** 本文重点介绍和阐述了著名诗人文学家评论员“哈里斯”的生平革命事迹以及她对推动和发展维吾尔文艺事业的超前意识和先进观点。

**关键词：** “哈里斯”的文学创作；革命事迹；文艺观点

**Abstract:** This thesis mainly introduces the famous poet and critic “Halis” and her life, her achievements, literal works and her advanced consciousness and advanced ideas and significant role toward Uyghur literature.

**Keywords:** literatures of “Halis” ; achievements; view of literature and art

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I06　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. «خالىس» نىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ تەتقىقاتچىسى، تالانتلىق شائىر مەھمۇد زەئىدى ئاكا 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تاپشۇرغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى تەتقىقات تۈرىنى ئىشلەش ئۈچۈن 1940 ـ يىللىرىدىن 1950 ـ يىللىرىغىچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارى سەھىپىسىدە بېسىلغان ماقالە، ئەسەرلەرنى كۆرۈش جەريانىدا «دىلشاد»، «چاقماق»، «خالىس» تەخەللۇسىدا بېسىلغان بىرقىسىم ئوبزور ۋە شېئىر، ئەسەرلەرگە قىزىقىپ قالىدۇ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە يەنى 1996 ـ يىلى بوستان ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا «شائىر، تەقرىزچى دىلشاد» تېمىسىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، «چاقماق»، «دىلشاد»، «خالىس» تەخەللۇسىدا كاتتا ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئابلىتىپ راخماننى تونۇشتۇرىدۇ، مەھمۇد زەئىدى ئاكا: «ئابلىتىپ راخمان 1921 ـ يىلى كورلىدا تۇغۇلغان» دەپ يازىدۇ. يەرلىك تارىخشۇناس ئابدۇمىجىت ھەسەن قۇربانى 2009 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان «باش ئەگىم دىيارىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تەزكىرە ئەسىرىدىمۇ شۇنداق تەكرارلايدۇ. مۇشۇ ئەسەرلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇش جەريانىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى سېپىگە ياش قەدەم قويۇپ، بالدۇر كېتىپ قالغان تالانتلىق ئەدىب ئابلىتىپ راخمان توغرىسىدا ئىزدىنىشكە كىرىشتىم. كىچىكىمدە چوڭ ئانام پاتىمەخان تېيىپنىڭ «ئابلىتىۋاخۇن كاتتا يازغۇچى ئىدى» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ پېنسىيونېرى ھېۋىزۇللا مۇئەللىم: «ئابلىتىپ ئاكام كاتتا شائىر، يازغۇچى ئىدى، بۇرۇن شىنجاڭ گېزىتىدە

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن ( 1959ـ يىلى 1ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ئىقتىسادشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىشلەپتىكەن» دەپ سۆزلەپ بەرگەن. مەرھۇم دادام ھەسەن يۇنۇس ھاجىمۇ ھايات چېغىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «بالام، شائىر ۋە تەقرىزچى ‹خالىس›، ‹دىلشاد› دېگەن كىشى ئابدۇراخمان دادامنىڭ ئوغلى ئابلىتىپئاخۇن مەن بىلەن نەۋرە كېلىدۇ، بوستاندا تۇغۇلغان» دەپ تەپسىلات قىلىپ بەرگەن.

دېمەك شائىر، ئوبزورچى «خالىس» كورلا شەھىرىنىڭ بوستان كەنتىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن تېيىپ ھاجىم ئوغلى ئابدۇراخماننىڭ (1872- 1968) سانىخان ئانىدىن تۇغۇلغان يالغۇز ئوغلى ئابلىتىپ راخماننى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىشى 1921 - يىلى كورلىنىڭ بوستان كەنتىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدە ئىسلام دىنىدا قارىيلىققىچە ئوقۇغان. 30 - يىللىرى كورلىدىكى دوگشۆتاگدا خەنزۇچە ئوقۇغان. 1939 - يىلى لۇشۇنشۇناس توختى باقى ئارتىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ يازغۇچى ماۋدۇننىڭ تەشەببۇسىدا ئېچىلغان كادىرلار كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن[1]. ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا كۇرسنى تاماملاپ يۇقىرىنىڭ تەقسىماتى بويىچە 1940 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەقسىملەنگەن. دەسلەپتە ئۇيۇشمىنىڭ كاتىپلىقىنى ئۆتىگەن، 1941 - يىلىدىن كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. «شۇ يىللاردا 20 ياشلىق بۇ زىيالىي خىزمەت ئىقتىدارى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى چېۋەرلىكى، ئىجادىي تالانتى بىلەن جامائەت ئەربابى بولۇپ قالغان»[2].

## 2. «خالىس» نىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى

ئابلىتىپ راخمان خالىس 1943 - يىلىدىن باشلاپ «چاقماق»، «دىلشاد »، «خالىس» دېگەن تەخەللۇس بىلەن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارى سەھىپىسىدە ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئابلىتىپ راخمان خالىسنىڭ زامانداشى، ياتاقدىشى ۋە خىزمەتدىشى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ پېنسىيونېرى ئابدۇلھەق ھوشۇر ئابلىتىپ راخمان خالىس توغرىسىدا ئەسلەپ: «مەن ئابلىتىپ راخمان بىلەن 1939 - يىلى ئوقۇشقا كېلىپ تونۇشقان، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا بىرگە خىزمەتكە چۈشكەن، ئابلىتىپ ئۇيۇشمىغا كاتىپ بولغان، بىر يىلدىن كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، مەن كاتىپ بولغان، ئۇ رەئىسلىككە كۆتۈرۈلگەندە مەن مۇئاۋىن رەئىس بولغان. ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلىگەن ئىشلار ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتىكى تالانتى ۋە ئەستايىدىللىقىغا تولىمۇ قايىل بولاتتىم. ئۇ چاغلاردا شارائىتىمىز ناچار، قىش كۈنلىرى ياتىقىمىزغا ئوتۇن قالايتتۇق، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئابلىتىپ ئۈستەلگە بىر چىنە چاينى قويۇۋېلىپ، بىر پارچە ناننى غاجىلاپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقىچە ئەسەر يازاتتى. ئابلىتىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولۇپ تۇرغان يىللاردا ئۇيۇشمىنىڭ سانايى -نەفىسە ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھارماي باش قاتۇراتتى. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى ‹قەمبەر خانىم داڭلىق ئۇسسۇلچىكەن› دەپ ئاڭلىدۇق. ئابلىتىپ مېنى چۆچەككە بېرىپ قەمبەرخانىمنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ ماڭا: ‹ھەقىقەتەن ياخشى بولسا ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلەيلى، ئۇيۇشمىغا كۈچ قوشۇلىدۇ› دېدى، مەن چۆچەككە بېرىپ قەمبەرخانىمنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆردۈم. قەمبەرخانىمنىڭ لىمپەدىگە ئوينىغان ئۇسسۇلى ھەقىقەتەن قالتىسكەن، مەن ھاياجىنىمنى باسالماي ئۇيۇندىن چىقىپلا ئابلىتىپقا تېلېفون بەردىم. ئابلىتىپ دەرھال يولغا چىقىڭلار دەپ يوليورۇق بەردى. شۇنداق قىلىپ قەمبەرخانىمنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارتىسى قىلىۋالدۇق. قەمبەرخانىمنىڭ قوشۇلۇشى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايى نەفىسە ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ھەقىقەتەن زور كۈچ قوشتى». ئابدۇلھەق ھوشۇر ئاكا يەنە مۇنداق دېدۇ:« ئۇ تولىمۇ تىرىشچان، ئەستايىدىل كىشى بولۇپ كۈندۈزى ئۇيۇشمىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىسە، كېچىسى ھارماي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن قىممەتلىك شېئىر ۋە ماقالىلارنى يازغان. 1945 - يىلى ئابلىتىپ شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ يېرىم يىلغا يېقىن تۈرمىدە ياتقان، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تۈرمىدىن چىقىپ شىنجاڭ

گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بېتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. ئابلىتىپ تۈرمىدە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، داۋالىنىش شارائىتى بولمىغاچقا، كېسىلى ئېغىرلىشىپ كورلىغا كەتكەن»[3]. ماھمۇد زەيدى ئاكىنىڭ يازمىسىدا: «ياش شائىر كورلىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ ‹دىلشاد›، ‹خالىس› تەخەللۇسىدا ئەسەر يېزىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇنىڭ ‹پېرىخون› ناملىق دراما ئەسىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەندە كورلا خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان»[4] دېيىلگەن.

ئابلىتىپ راخمان «خالىس» نىڭ دۇنيالىق بىرلا پەرزەنتى بولۇپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كورلىنىڭ بوستان كەنتىدە تۇغۇلغان. ھازىر كورلىدىكى ئىتتىپاق بازىرىدا سودىگەرچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئابلىتىپ راخمان 1947 - يىلى ئۈرۈمچىدە تاتار قىزى رازىيە بىلەن ئىككىنچى قېتىم نىكاھلانغان.

## 3. «خالىس» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى قاراشلىرى

شائىر ئابلىتىپ راخمان خالىس ئەينى يىللاردا يېڭىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىناقلىقنى كۈيلەيدىغان قىممەتلىك ئېپىزوتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. شائىرنىڭ 40 - يىللاردىكى ئۇيغۇر سانايى - نەفىسە ساھەسىدىكى ئۇنتۇقلار، ئارتىس ۋە ئاكتىيورلار ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيەسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ يازغان «تەقدىر بىلەن تەنقىدنىڭ كۈتكىنى بىر» ناملىق تەقرىزىدىن مۇئەللىپنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ماقالە 1943 - يىلى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسىنىڭ 129 - ، 130 - ، 131 - ، 132 - ، 133 - ، 134 - سانلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان. ئاپتور بۇ ماقالىلىرىدە سەنئەتنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىپ «سەنئەت - تەربىيە قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن چوڭ» دەپ تەكىتلەيدۇ. «سەنئەتنىڭ ئەڭ ئۇبدان بولۇشى -خەلق سەنئىتى بولۇشىدۇر. سەنئەت ھەقىقەتەن خەلققە يېقىن بولۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇ، كۆڭۈل ئارمانلىرىنى ئىپادە قىلىپ، ياخشى تەسىراتقا ئىز ئاچىدىغان ئېسىل قورالدۇر» دەپ يازىدۇ. مۇئەللىپ يەنە «سەنئەت ئۆزىنى تارىخنىڭ كۆزى، قۇلىقى، يۈرىكى، ئاۋازى ۋە سەزگۈسىدۇر... ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ بىر -بىرىدىن گۇمانلىنىپ، بىر - بىرىنى كۆرەلمەي، بىر - بىرىدىن نارازى بولۇپ، پىتنىشالماسلىقنىڭ ھەممىسى سەنئەتنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاغرىق كەيپىياتلاردۇر» دەپ يازىدۇ. مۇئەللىپ كۆچلۈك پەلسەپىۋى قارىشىنى شەرھلەپ سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم ئىللەتلەرنى قامچىلايدۇ، خەلقنى ئىتتىپاقلىققا، ئىناقلىققا ئۈندەيدۇ. ئۇ تەقدىرلەش بىلەن تەنقىدلەشنىڭ مۇناسىۋىتىگە چۈشەنچە بېرىپ «گەرچە بېرىلگەن تەنقىد تەنقىدلەنگۈچىگە ئادەتتە ئاچچىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا بېرىدىغان مېۋىسى ئەلۋەتتە تاتلىقتۇر» دېيدۇ. ماقالىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، سەنئەتكارلارنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالماي يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەۋر يېڭىلىق يارىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا مۇئەللىپنىڭ ھەقىقەتەن ئالدىن كۆرەر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئابلىتىپ راخمان خالىسى يەنە «ئىجادىيەت ئىشىنىڭ بىراۋنىڭ پەقەتلا ئابرۇيى، نام - ئاتىقى ئۈچۈن بولماستىن ئۇنىڭ مەقسىتى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان پارلاق ئىجادىي روھىنى، پەزىلەتلىرىنى تەربىيەلەپ ئۈستۈرۈش ئىكەنلىكىنى، سەنئەت ئىجادىيىتى ھەقىقىي كۆڭۈلدىن قايناپ چىقمىسا ئۇنى مەجبۇرلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىدۇ. سەنئەتكارلاردا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ماقالىنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىمۇ مەخسۇس توختىلىدۇ. ئاخىرىدا يۇقىرى بىلىم ۋە مۇكەممەل تەرتىپلىك سەۋىيەتنى ئىگىلەش توغرىسىدا» چوڭقۇر ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. ئۇ «ئىلىم ئىزدەش دۇنياغا تۆھپە قوشۇشنىڭ ئاساسى» دېگەن ئېتىقادىنى شەرھلەپ : پۈتۈن خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق ئادا قىلىشقا

ئۇندىمىدۇ. . . ئۇ: «سەنئەتكار دېگەننىڭ مەنىسى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، سەنئەت بىلەن كىشىلەرنى تەربىيىلىگۈچى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ھەربىر سەنئەت ئېگىسىدە قانداق قىلىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق ئاممىسىغا ھەقىقىي تەربىيە بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە دائىم پىكىر يۈرگۈزۈش، قىزغىن ئىجادىي ھەرىكەت قىلىش ۋە ئەمەلىي نەتىجىسى بولۇشى لازىم. . . » لىقىنى بايان قىلىدۇ[5]. ئابلىتىپ راخمان خالىسنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يىگىرمە يېشىدا ئەل ـ جامائەتكە تونۇلۇپ ئۈلگىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. ئابلىتىپ راخمان خالىس «40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بوسۇپ چىققان تالانت ئېگىسى، شۇنداقلا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقات سېپىدىكى تېپىلغۇسىز نامايەندە»[6]، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا بالدۇر ئېچىلغان قىزىل گۈل ئىدى.

ياش شائىر ئابلىتىپ راخمان خالىس 1948 ـ يىلى كورلىغا بارغاندىن كېيىن، كورلا ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە قىزلار مەكتىپىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئېغىر كېسەل تۇرۇقلۇقمۇ مائارىپ ئىشلىرىنى چىن قەلبىدىن قوللىغان. مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىللىرىدە ياشلارنى مەكتەپتە ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى قاھار قادىر ئاكا ئەسلەپ: «مەن ناھىيەلىك مەكتەپكە تىزىملىتىش ئۈچۈن مائارىپ ئىدارىسىغا دادام بىلەن بارسام، مەكتەپكە تىزىملىتىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئابلىتىپ راخمان ئاكا مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ بەرگەن، ئۇ كىشىنىڭ شۇ چاغدا كېسىلى خېلى ئېغىر ئىكەن » دېدى.

ئابلىتىپ راخمان خالىس 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جان ئۈزگەنگە قەدەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ گېزىتى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردە «مەھبۇب پىراقىدا»، «ئون بىر بېتىم»، «يار ئىشقىدا»، «گۈلگە ئەرز»، «پىغان»، «جانان ئۈچۈن»، «پېرىخون» تېمىسىدا خەلقنى يېڭى مەدەنىيەتكە ئىنتىلىش، خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىگە بولغان ھېسداشلىقىنى يارقىن ئىپادە قىلغان شېئىر، دراما ئوبزور ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان، ھەر بىر يازمىسىدا خەلقىمىزنى نادانلىق، جاھالەتكە باشلاپ كىرگەن خۇراپاتلىققا كۈچلۈك ئوت ئاچقان»[7]. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىدا «چاقماق» تەخەللۇسىدا ئەسەر يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىدا خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ «دىلشاد» تەخەللۇسىدا ئەسەر يازغان.

ياش شائىر، ئوبزورچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىيات سېپىمىزدىكى ئۆچمەس نامايەندە ئابلىتىپ راخمان خالىس جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تېپىۋالغان ئۆپكە توبېركۇليوز كېسىلى بىلەن داۋالاش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە سولچىل دىششۋارچىلىقىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، خىزمەتتىن چۈشۈپ (سابىق كورلا ناھىيەلىك باشلانغۇچ مەكتەپتىن) ئائىلىسىگە قايتىش يولىدا كونا ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى ياغ بازىرىدا يىقىلىپ قېلىپ، 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بوستان مەھەللىسىدە 29 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھازىر بۇ سۆيۈملۈك شائىر ۋە ئوبزورچىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزغا 64 يىل بولدى. ئۇنىڭ ھاياتى قىسقا بولغىنىنى ئاز دەپ ئۇنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ئوبزور، شېئىر، ئىلمىي ماقالىلىرى 50 ـ، 60 ـ يىللاردىكى ھەر خىل ھەرىكەتلەردە ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىقتا يوقىلىپ كەتكەن. بىراق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى قىممەتلىك ئىجادىي پىكىرلەر بۇ زاتنىڭ نامى بىلەن ئەل قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ قالدى.

## 4. «خالىس» نىڭ تۆت پارچە شېئىرى

### جانان ئۈچۈن

كۆزلىرىم تالدى يولىدا مېھرىبان جانان ئۈچۈن،
كەلسە بىر قاشىمغا دەپ، كۆكسۈمدىكى ئارمان ئۈچۈن.
نەچچە دەۋرانلار ئۆتۈپ، دەۋران تاپالماي تەلمۈرۈپ،

سەنسىزنى كەلمەس بۇ دەۋران، سەن بىلەن ئارمان ئۈچۈن.

لەيلى دەپ مەجنۇن سۈپەت ئالەم كېزىپ سەرسان بولۇپ،
يۈرگىنىمدە مەئنا كۆپ كۆڭلۈمدىكى رەيھان ئۈچۈن.
ھەر كۈنۈم يۈز يىلغا تەڭ بولدى سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
بىر كېلىپ كۆڭلۈمنى خوش قىل، تەلمۈرۈپ جەۋلان ئۈچۈن.

تا ھاياتىم بارىدا جان قاقشىتىپ بىر كەلمىسەڭ،
جان چىقار چاغىمدا كەلگىن، بىر يۈتۈم ئېھسان ئۈچۈن.
رەھىمسىز ئىشق ئەھلىگە قىلماق جەفا ئادەتمىدۇر؟
تاشلا نازىڭ بولسا گەرچە، ھەر سەھەر نالەم ئۈچۈن.

ۋىسلىگە يەتمەكنى مەقسەت ئەيلىسەم مۇشكۈل دېدى،
مەيلى مۇشكۈل بولسا بولسۇن، ئەمگىكىم سەن جان ئۈچۈن.
تىلغا نامىڭنى ئېلىپ، زىكىر ئەيلىمەك كەسپىم ئېرۇر،
ھەردەم جىسمىمغا ھالاللىق سالغىلى دەرمان ئۈچۈن.

ناز قىلىپ ئويناپ كۈلۈپ، سېھىرلەر كۆز ئويناتىپ،
سۆيۈنۈپ: «كۆڭلۈڭدە مەھكەم تۇت» دېگەن پەرمان ئۈچۈن.
نە قىلۇرمەن كاج پەلەك بەختىمگە يار ئەتمىسە،
تا ئەزەل بەختىم قارا، دىل غەمدە سەرگەردان ئۈچۈن.

قان كېچەرمەن ئىشقىڭدىن ۋىسلىڭ ئۈچۈن ئەغيار ئىلە،
بىلكى مىڭ جان بولسا تۇتتۇم بىر كۆرۈش مەيدان ئۈچۈن.
قانچە كۆلپەتلەردە قالسام ياتمىغاي ھەرگىز بېشىم،
دىلرەباغا يەتمىسەم. . . ! دەپ ئەھد ئىلە پەيمان ئۈچۈن[8].

**مەھبۇب پىراقىدا**

ئىشتى ئەرزىمنى ئەي دىلبەر سېنى دەپ خاكىسار بولدۇم،
گۈزەل ۋىسلىڭگە ئەجەبمۇ بىتاقەت ـ ئىنتىزار بولدۇم.
قارامۇ بەختىمگە بول كۈن، نىچۈك ھالىمغا باقمايسەن،
سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆپ يىغلاپ يىلاندەك تولغىنار بولدۇم.

ئېگىز تاغ باشىغا چىقسام كى شىرىن ئىزى ئۇچقاشتى،
شۇڭا تاغلار كېسىشكە پەرھاد كەبى بىقارار بولدۇم.
قاچانكى باغدا كۆردۈم تولۇن ئايدەك جامالىڭنى،
تونۇرغا ئوتنى ياققاندەك پىراقىڭدا كۆيەر بولدۇم.

سەھەرلەر نالىلەر قىلسام بولۇپ بىر بۇلبۇلى شەيدا،
بۇ كۆكۈل گۈلزارىدىن سەن سەنەمگە گۈل تىزار بولدۇم.
كېچەلەرى ئۇيقۇ يوق، كۆزۈمدىن ئاقتى قان ياشلار،
قىلىپ زىكرىڭنى ھەر سائەت بۈيۈك بىر ھەفزىدار بولدۇم.

رەقىبىم قىلسىمۇ قەستلەر يولۇمدىن داجىماي ھەرگىز،
رەپىققە جان پىدا ئەيلەپ، ئۆلۈشكە ئىختىيار بولدۇم.
رەقىبلەر قەست قىلالمايدۇ ئىرادەم بولسىلا مەھكەم،
شۇڭا گۈس ـ گۈس قەدەم تاشلاپ نىشانغا ئاتلىنار بولدۇم.

بۇگۈن دىلشاد پىراقىڭدا بولۇپ مەجنۇنى بىر شەيدا،
سېنىڭ ۋىسلىڭگە يەتمەككە يولۇڭدا تېز چاپار بولدۇم[9].

**يار ئىشقىدا**

دىلبىرىم ئىستىدىم، چۆللەرنى كەزدىم،
بۇ پىراق دەستىدە بولدۇم بىچارە،
تاپمىدىم ۋە لېكىن دەردىمگە دەرمان.
تەشنالىق ئىچىدە بولدۇم ئاۋارە،
ئىشقىڭدا ئۆرتىنىپ بۇ جاندىن بەزدىم،
دەزكەتتى يۈرەككە بولدى مىڭ پارە،

ۋىسلىگە يەتكۈزگىن قۇدرەتلىك سۇبھان.
نە ئۈچۈن قاراڭغۇ ماڭا بۇ جاھان.
يولۇمدۇر مۇشەققەت مەنزىل بەك ئۇزاق،
دېگىنىزدا يار سېرى ماڭدى كارابىم،
بىلمەمەن: ياۋ قەستى يول ئۈستى تۇزاق،
توسقۇنلار توسالماس بولسا ماجالىم،
قەست قىلغان پەس بولۇر بېسىپ شۇم ئاياغ،
يارىمنى تاپماققا گاڭدۇر قارارىم،
بولسۇنلەر خارابە دۈشمەن ھەر زامان.
ئاھ نىتەي، يار ئۈچۈن بۇ جانىم قۇربان.

يولۇمدا بىر تالاي ئىشلارنى كۆردۈم،
تىلسىملىق غار بېسىپ تاغقا يەتكەندە.
چوماقلاپ ئىتلارنى ھەر ياققا سۈردۈم،
ياۋلارغا ئوق ئېتىپ خاراب ئەتكەندە.
نىشاننى كۆزلىگەچ چامدىدىم، يۈردۈم،
ئۆتۈقلار تەلپۈنۈپ باشىنى ئەگكەندە.
بەدنىيەت رەقىبىم ھەرقاچان يەكسان،
ياسىنىپ چىققۇرلەر شۇندا گۈل ـ رەيھان.

ئۈمىدىم يۇلتۇزى چولپاندەك ياناق،
لوجىلار يۇلۇمدا پۇت سۇنۇپ ياتسۇن.
مۇھەببەت يۈرىقى يۈرەكتە قايناق،
ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوتلارنى چاچسۇن.

كەتمەيدۇ يىراققا ئەمدى بۇ سىناق،
چايانلار چىرمىشىپ تېنىمنى چاقسۇن.
رەقىبىم ئاز كۈندە بولىدۇ سەرسان،
بەربىر تۇسالماس يولۇمنى شەيتان.

ئاي يۈزلۈك، خۇمار كۆز يارىمغا بەندە،
ئاسماندا ئاي تۇغۇپ يارىمنى تاپسام.
بولغانمەن يارىمنىڭ لەبلىرى قەندە،
كىمخابتىن ئۈستىگە تونلارنى ياپسام.
خىسلىتى مەۋج ئۇرار ۋۇجۇدى تەندە،
زىنىنەتلەپ دۇلدۇلنى تويلاردا چاپسام.
يار ئۈچۈن تەسەددۇق بولسا گەر مىڭ جان،
شۇ چاغدا قالمىغاي مەندىكى ئارمان[10].

گۈلگە ئەرز

رەنا گۈلۈم قۇلاق سالغىل،
سەندىن سورار سوئالىم بار،
سوئال ئىچرە ساڭا ئېيتار،
دەردۇ - ئەلەم مۇڭ - زارىم بار،

ئىچۈك سەندىن جۇدا بولدۇم.
ئىشقىڭدا مەن سەۋدا بولدۇم.
يۈرەك زەرداپ، قانغا تولدۇم.
بۇ يۈرەكتە چوڭ داغىم بار.

ۋۇجۇدۇمغا ئوت تۇتاشتى،
پىغان - زارىم كۆكتىن ئاشتى،
بەخت قۇشۇم قايان قاچتى،
ھەريان كۈچلۈك سادايىم بار،

ۋىسلىڭ ئىزدەپ چۆللەر كەزدىم.
رەقىبلەرنىڭ قەستىن سەزدىم.
پىراقىڭدا جاندىن بەزدىم.
ساڭا سالام يازارىم بار.

ئالدىم تۇستى ياۋلار چىقىپ،
ۋۇجۇدىدىن زەھەر چېچىپ،
تۇسالمىدى يولۇم رەقىپ،
قوللىرىمدا ئوقيارىم بار،

سۆيگىنىم سەن پەقەت بىر گۈل.
يولۇڭدا مەن مىندىم دۇلدۇل.
يىراق ئىكەن ئەجەپ بۇ يول.
دۇلدۇلۇمنى چاپارىم بار.

رەقىبلەرنىڭ ئوقى تېگىپ،
ئۆلسەم ئەگەر ئەجەل يېتىپ،
زىيارەت قىل دۇئا قىلىپ،
يول ئۈستىدە مازارىم بار.

سېنى تاپماي تۇرالماسمەن،
سەنسىز تىرىك يۈرەلمەسمەن،
كۆزۈم ئۈچۈق كۆرەلمەسمەن،
دىدار ئىزدەش قارارىم بار.

رەھىم قىلغىل ئايا دىلبەر،
سېلىپ ماڭا بىر ئاز نەزەر،
بۇ بەختىمنى قىل مۇنەۋۋەر،
چوغدەك يېنىق خۇمارىم بار،

دىلشاد دەرلەر يارنى تاپسام.
يار كۆكسىگە گۈللەر تاقسام.
قۇلى بولۇپ خىزمەت قىلسام.
شۇ چاغ مەڭگۈ باھارىم بار[11].

## پايدىلانمىلار


[1] توختى باقى ئارتىشنىڭ ئەسلىمىسى.
[2] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ پېنسىيونىرى ئابدۇلھەق ھوشۇرنىڭ ئەسلىمىسى.
[3] [4] [5] [6] [7] «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىلى 2 - سانىغا قارالسۇن.
[8] «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئەدەبىيات گۈلزارى»، 1949 - يىلى 21 - ماي سانى.
[9] «شىنجاڭ گېزىتى»، 1946 - يىلى 7 - دېكابىر سانى.
[10] «شىنجاڭ گېزىتى»، 1947 - يىلى 1 - فېۋرال سانى.
[11] «شىنجاڭ گېزىتى»، 1947 - يىلى 17 - ماي سانى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 05 - 086 - 01(2014) 5878 - 1005

# بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدا*

باتۇر مەخسۇت

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مائارىپ فاكۇلتېتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، زامانىۋىلاشقان ئەدەبىي تىل بىلەن زامانىۋىلاشقان شەكىل ئارقىلىق، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىدىيە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەدەبىياتتۇر. بۇ ماقالىدە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقات ئەھۋالى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدا بەزى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى؛ تەتقىقات ئەھۋالى؛ تەرەققىيات ئىستىقبالى

**摘要**：现代维吾尔文学是用现代的文学语言和形式表达现代人思想情感的文学。本文主要论述了当代维吾尔文学的研究现状， 并对此发展趋势提出了几点建议。

**关键词**：现代维吾尔文学；研究现状；发展趋势

**Abstract:** The modern Uyghur literature is a literal carrier of modern Uyghur thoughts and emotions. This paper mainly discusses research status of modern Uyghur literature and provides several suggestions toward its development tendency.

**Keywords:** modern Uyghur literature; research status; development tendency

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I29　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

زامانىۋىلىقتا ئىگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئاڭ ۋە ھېسسىياتىنى ئۆزىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ئەنئەنىۋى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ سىرتى بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان بېكىنمە ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا، «يەر شارىلىشىش» دېگەنگە ئوخشاش بەزى ئاتالغۇلار بىر مەزگىل ھەممە ساھەگە دېگۈدەك سىڭىپ كىرىپ، قانداقتۇر كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان بىر خىل مۇقەددەس سۆزگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قانداق نەرسىگە قارىتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت تىلغا ئېلىنىسلا تەبىئىي ھالدا ئەقىلگە سىغىۋەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى زامان تىل مۇھىتى شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن، «ساپ ئەدەبىيات»، «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى»، «سەھرا ئەدەبىياتى»، «ئاۋانگارت ئەدەبىيات» دېگەنلەر ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان مودا سۆزگە ئايلىنىپ قېلىپ ئەكسىچە «17 يىللىق ئەدەبىيات»، «پاش قىلىش ئەدەبىياتى»، «ئىنقىلابىي تارىخىي پىروزا» دېگەنلەر تىلغا ئېلىنىسلا «قانۇنغا خىلاپ » تەك تۇيۇلۇپ، بىر مەھەل ناھايىتى قورقۇنچلۇق، خەتەرلىك ئىدىيە دەپ قارالغان ئىدى. دېمەك، بۇ ھال بىزگە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى قانداق بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىللەرگە نەزەر ئاغدۇرۇشىمىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. شۇڭا مەن بۇ جەھەتتە ھېس قىلغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 7- ئاينىڭ 30- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: باتۇر مەخسۇت (1957-يىلى 12-ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كۆرۈپ، كەسىپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىپ بېقىشنى لايىق تاپتىم.

## 1. ئەدەبىياتنىڭ تەتقىقات مەقسىتىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى

20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى، ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ مۇھىم بىر دەۋر بولدى، چۈنكى بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىپ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان، تىنچ ھەم مۇقىم تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن باسقۇچ بولدى، بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات قوشۇنى ئاساسەن ئىككى ئەۋلاد يازغۇچىلاردىن تەركىب تاپتى، بىرى 50- يىللاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن يازغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ سانلىقلىرى 1957- يىلىدىكى «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە ناھەق زەربىگە ئۇچرىغان ھەمدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ئېغىر جەۋر- جاپالارنى تارتقانلار، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە رېئال سىياسىي ھاياتقا دادىللىق بىلەن ئارىلىشىدىغان روھ ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى كۈيلەيدىغان بىرخىل كەيپىيات ناھايىتى قويۇق بولدى. يەنە بىرى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يازغۇچىلار، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى «قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن يېزىلارغا چۈشكەنلەر» بولۇپ، ئۇلار تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرۈپ، خەلق مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلغانلار. شۇڭا ئۇلار ئەسەر يازغاندا ئۆز ئىجادىيەتلىرىگە يېزىدىكى ھايات كەچمىشلىرىنى تەبىئىي سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، دىسلەپكى زىيالىي ياشلار تېمىسىدىن تارتىپ تاكى كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن يىلتىز ئىزدەش ئەدەبىياتىغىچە، يېڭىچە بىر خىل ئاۋاملاشقان ئىجادىيەت يۈزلىنىشىنى نامايان قىلدى. دېمەك بۇ ئىككى ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا زىيالىيلارنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى رېئال تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن ئىشەنچ ئۇرغۇپ تاشتى. ئۇلار جەمئىيەتتىكى كېسەللىكلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى مەخسۇس ئىجتىمائىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمىگە قاراتتى، مانا بۇخىل ئۈمىد ئىچىدىن زىيالىيلارنىڭ يېتىلىپ قويغان ئوتتۇز يىللىق سۇبيېكتىپ ئېڭى بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ھال ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- ۋە 90- يىللىرىدىكى ئەدەبىياتقا ھاياتىي كۈچ، يېڭىلىق يارىتىدىغان روھ ۋە جانلىق كەيپىيات ئاتا قىلدى. بۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، مۇنداق ئىككى خىل مەزمۇن بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەندى:

### 1) مەنىۋى گۇمرانلىق

بۇنداق مەنىۋى گۇمراھلىق ئاساسەن مۇنۇ ئىككى جەھەتتە ئىپادىلەندى: ئۇنىڭ بىرى، تەبىئەت ئېكولوگىيەسىدىكى گۇمراھلىق. يەنە بىرى، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەدىكى گۇمراھلىق، يەنى ئەخلاق، ئاڭ جەھەتتىكى گۇمراھلىق. بۇ خىل مەزمۇن توختى ئايۇپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنياۋى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بولۇپمۇ «بۆرە ئانا» ناملىق ئەسەردە يازغۇچى بۇ ئىككى نۇقتىنى ماھىرلىق بىلەن يۇغۇرۇپ، گىرەلەشتۈرۈپ ئايرىلماس بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئالايلى، ياۋۇزلاشقان، ئەقلىدىن ئازغان ئادەملەر تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ياۋايىلارچە بۇزۇپ چەيلەيدۇ. ئاياغ ئاستى قىلىنىپ خورلانغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان تەبىئەتمۇ ئادەملەردىن شەپقەتسىز تۈردە ئۆچ ئالىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە بۇزۇلسا، تەبىئىي ئېكولوگىيەمۇ بۇزۇلىدۇ. ئادەملەر ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ئۆزلىرى خارابلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ئاچچىق ساۋاق رومانىدا تەسۋىرلەنگەن سۇلتان ئەلى، ساتتار ھامۇت قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ يۇلتۇزكۆل، گىلەم يايلاق، ئاق تېكە دەرياسى ھەم نۇر ئاتا چوققىسى ئەتراپىدىكى سۈرەتتەك ئورمانلىقلارغا سالغان دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاجايىپ ئېغىر پاجىئەلەر ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ گۈزەل زېمىننىڭ تەقدىرى ئۇنى پايخان قىلىش ھېسابىغا پايدىغا ئېرىشۋاتقان سۇلتان ئەلى، ساتتار ھامۇتقا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ

قالغانلىقى تۇپەيلىدىن، تەبىئەتنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ قىلمىشنىڭ جازاسى، ئىنسانغا ھاياتلىق بەخش ئېتىۋاتقان ئۇلۇغ زېمىننىڭ كۆزىدىن ياش ئاققۇزىۋاتقان مانا مۇشۇنداق پاسىقلارنىڭ بېشىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قايغۇسى ئۇچۇن پەرياد چېكىۋاتقان قەيسەر، يۇلتۇز، سادىر ئىسمائىل، گايىز پالۋان قاتارلىقلارنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقانلىقىدىن ئازابلانغان ئوقۇرمەنگە سۇلتان ئەلى بىلەن ساتتار ھامۇتنىڭ يۇلتۇز كۆلىدىكى ھالاكىتى مۇقەررەرلىك تۇيغۇسى تەقدىم قىلىدۇ. دېمەك ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىنسانلاردىكى مەنىۋى گۇمراھلىقتىن تۇغۇلغان تەبىئەت ئېكولوگىيەسىدىكى كرىزىس، كۆپ قاتلاملىق سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ دۇنياۋى زىددىيىتى، يەر شارى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە رەڭدار سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالىدۇ.

**2) جىنس ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرىلدى**

ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىنىڭ چەكلىمىلىكى، ھەمدە جىنسىي بىلىم جەھەتتىكى چۈشەنچىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار جىنس ۋە جىنسىي مۇھەببەتنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشنى ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەشنى نومۇس دەپ قاراپ، ئۇزاق مەزگىللەرگىچە ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كەلگەن ئىدى. 80-يىللاردىن باشلاپ غەربنىڭ ئىدىيەۋى ئېقىمى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئېقىمىنىڭ ئېقىپ كىرىشى ھەمدە ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان جىنسقا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئېڭىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، جىنس ھەققىدىكى تېما بەزى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاز-تولا ئەكس ئېتىشكە باشلىغان ئىدى. بولۇپمۇ 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، جىنس ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇنبىرىگە رەسمىي كىرىپ كەلدى. جىنسىي تەسۋىر جەھەتتە ئەينى چاغدا ھەممىدىن بەك داغدۇغا پەيدا قىلغان ئەسەرلەردىن مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئايخان»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «تۆت قولاق»، ئۆمەر ئابدۇللانىڭ «قۇرۇپ كەتكەن تۆت قولاق» (بۇنى مۇھەممەت باغراشنىڭ ئەسىرىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ)، پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»، «چىنار»، پەرھات ئىلياسنىڭ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يول»، ھۆسەيىن تاشنىڭ «چىڭقى چۈشتىكى مۇھەببەت»، مۇھەممەت ئەلى ھېلىمنىڭ «ئەدىبنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىي ئېڭى، جىنسقا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ھادىسىلەر، يەنى بىر قىسىم ياشلارنىڭ يوشۇرۇن جىنسىي ئېچىرقاش ۋە ئىنتىلىشلىرى، بۇرمىلانغان جىنسىي ئاڭدىن پەيدا بولغان روھىي ئازابلىرى، شۇنىڭدەك جىنسنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ھەم ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە تۇتقان ئورنى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلغان.

## 2. ئەدەبىياتتا «ھازىرقى ئەھۋال تەنقىدچىلىكى» ھادىسىسى ئىپادىلەندى

ھازىرقى ئەھۋال تەنقىدچىلىكى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا كىشىنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغان مۇھىم بىر ساھە ھېسابلىنىدۇ. ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى بىلەن يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن، ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ تەۋرىنىشلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قايتا تەكرارلىنىشلى بولمايدىغان بىر خىل يېڭى تەسىر كۈچنى پەيدا قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجادىيلىقى ھەممىدىن جانلىق بولدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىر مەھەل ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن «ھازىرقى ئەھۋال تەنقىدچىلىكى» نى

تەڭ باراۋەر ئورۇنغا قويىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بۇ ھال ئەلۋەتتە كىشىدە گۇمان قوزغىماي قالمىدى، چۈنكى ئۇ «17 يىللىق ئەدەبىيات» بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات» تەتقىقاتىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى ھەم چېكىنىشىنى، ھەتتا بۇ 30 يىللىق ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نەزىرىدىن تەدرىجىي غايىب بولۇش ئېھتىماللىقىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ۋەھالەنكى، دەل مۇشۇ 30 يىللىق ئەدەبىيات بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا ھېسابلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى 30 يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيەسىدە ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دەل مۇشۇنداق ئاجىزلىق تاكى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتقا بولغان دىققىتىنى تارتالماي كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئەمما يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزەتسەك، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەگرى - توقاي تەرەققىيات مۇساپىسى، 20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر بىلەن كەسكىن زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، ئۇ يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە، يازغۇچىنىڭ روھىي قۇرۇلمىسىغا، ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي شەكلى قاتارلىقلارغا زىچ باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

### 3. 20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك يول ئېچىشتەك ياخشى ئەھۋال شەكىللەندى

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دائىرە جەھەتتىن كېڭىيىش ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەھەتتە يول ئېچىشتەك بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. ئەدەبىياتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشىنىش تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى ھەمدە ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما ئىلمىي بوشلۇقنىڭ بارغانسېرى تارىيىپ كېتىشى، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ يۈزەكىلىكى، ھەمدە جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا قوغلىشىدىغان ناچار كەيپىيات تۈپەيلى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىچكى سىستېمىسىدا بىر مەھەل شەكىللۋازلىق، تەقلىدچىلىك، مودا قوغلىشىش، ئومۇملاشتۇرۇشتەك بىرخىل غەيرىي ھادىسە پەيدا بولدى. ئەدەبىياتىمىزدا بولسا ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشتەك ئەندىزىچىلىك ھادىسىسى كۆرۈلدى. دېمەك ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز بىر تەرەپتىن، ناھايىتى جانلىنىپ، تەتقىقات ماقالىلىرى كۈنسايىن كۆپىيىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئىلمىي چوڭقۇرلۇقى، تەسىرى ۋە قوللىنىش قىممىتى بارغانسېرى ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نەزەرى بىر مەھەل پەقەت زۇنۇن قادىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق بىر قانچە يازغۇچىغىلا مەركەزلىشىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ كىتاب نەشر قىلىدىغان قىزىق نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ كېسىپ ئېيتالايمىزكى، بۇ يازغۇچىلار ھەققىدىكى تەتقىقاتتا تا ھازىرغىچە زىلزىلە پەيدا قىلغۇدەك بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق ياراتقان ئىلمىي ئەسەرلەر تېخى يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى زور بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىلمىيلىك بىلەن ئاممىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن بىر قىسىم «مەدەنىيەت تېز تائام»لىرىنىڭ، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقانلىقى كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئاخىرىدا شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەدەبىيات تارقىتىش ۋاسىتىلىرى، يەنى ژۇرنال، تەرجىمە، نەشرىيات، مائارىپ قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەر بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمىزدا بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىشىمىزنى، تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پات ئارىدا ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا چوقۇم كۈنسايىن گۈللىنىۋاتقان ئەدەبىي ئىجادىيەت

ئىشلىرىمىزغا ئوخشاشلا زور بىر يۈكسىلىش بولىدۇ.

## 4. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسى تەتقىقات ئىستىقبالى ھەققىدە تەكلىپ

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلۇققا، كۆپ قاتلاملىققا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا ئەنئەنىۋى تەتقىقات ئۇسۇلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بولۇپمۇ دېدۇكسىيەلىك تەتقىقات ئۇسۇلى (مەنتىقىي يول بىلەن ئومۇملۇقتىن جۈزئىيلىككە قارىتا خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى)، ئىندۇكسىيەلىك تەتقىقات ئۇسۇلى (نۇرغۇن پاكىتلاردىن يىغىنچاقلاپ چىقىش ئۇسۇلى)، تۈپ مەنبەلىك تەتقىقات ئۇسۇلى (ئەپسانىچىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى)، پىسخىك تەتقىقات ئۇسۇلى، شەكىلچىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى ھەمدە قۇرۇلمىچىلىق تەتقىقات ئۇسۇلى قاتارلىق ھەرخىل تەتقىقات مېتودولوگىيەلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇ ھال ئەدەبىيات تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ كۆپ نۇقتا، كۆپ مەنبە بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ھەرخىل ئەدەبىي تەنقىد مېتودولوگىيەلىرىنىڭ پايدىلىق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىپ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىغا تۈرتكە بولالىشى دېگەن مەقسەتتە، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم:

(1) ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقات قوشۇنىنى تەربىيەلەشكە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلۈنسە، ژۇرنال ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى ھەر خىل ئەدەبىي تەنقىد مېتودولوگىيەسى قوللىنىلغان ھەمدە ھاياتلىق ئېڭى ۋە ئىنسان روھى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن ئىلمىي ئەسەرلەر توپلاملىرىنى نەشر قىلىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، بارلىق كۈچى بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىسە.

(2) يازغۇچىلىرىمىزمۇ چاكىنا مەنپەئەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ھەققانىيەت ۋە ھايات مەنىلىرى ئۈستىدە ھارماي ئىزدىنىدىغان روھنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسۇللار بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنى، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئاچچىق ھەسرەتنىڭ مەنبەلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، رەھىمسىز دۇنيادا چاقناپ تۇرغان ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ يارقىن نۇقتىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە تېخىمۇ ئىنتىلىدىغان بولسا.

(3) ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمىزمۇ جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىگە يېڭىچە تۈيغۇ ئاتا قىلالايدىغان، قەلبىنى لەرزىگە سالالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۇزاقتىن بۇيان بىر كۆتكەن شانلىق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىگە تۈرتكە بولسا.

## پايدىلانمىلار

1. ئابدۇۋەلى كېرىم: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى توغرىسىدا» (خەنزۇچە)، جۇڭگو كىتاب نەشرىياتى، 2012- يىلى 3- ئاي نەشرى.
2. شى ياڭ: «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» (خەنزۇچە)، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقات مەجمۇئەسى، 2008- يىلى نەشرى.
3. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2006- يىلى 3- سان.
4. باتۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر رومانچىلىق قىزغىنلىقىدىن تۇغۇلغان ئويلار»، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2004- يىلى 1- سان.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 06 - 091 - 01(2014) 5878 - 1005

# رادىيو ئەدەبىيات - سەنئەت پىروگراممىلىرىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم*

ئابدۇرېھىم ئابلىز

(شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى 107.4 ئۇيغۇرچە سەنئەت چاستوتىسى، ئۈرۈمچى. 830044)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئىنتېرنېتنى مەنبە قىلغان ھازىرقى زامان تاراتقۇلىرىنىڭ رادىيونى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنئەنىۋى تاراتقۇلارغا كەلتۈرگەن رىقابىتى رادىيو ئۈچۈن ھەم خىرىس ھەم پۇرسەت. رادىيو ئەدەبىيات - سەنئەت پىروگراممىلىرىنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدىغان ناخشا - مۇزىكىلار بوخىل خىرىسقا كۆپرەك ئۇچراۋاتقان شارائىتتا، ئەنئەنىۋىلىكنى زامانىۋىلىقتىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناخشا - مۇزىكىنى رادىيو پىروگراممىلىرىغا ماھىرلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: رادىيو پىروگراممىسى؛ ناخشا - مۇزىكا؛ ھەمتۈرتكىلىك رولى

摘要: 以围绕网络现代媒体对广播等传统媒体造成的挑战是为了广播是一种挑战和一种机遇。作为广播节目的主要组成部分歌曲受到网路的挑战之下，利用现代媒体应发挥传统媒体优势，进一步做好把歌曲和广播节目的适合工作。

关键词: 广播节目; 歌曲; 互动作用

**Abstract:** The fast development of modern mass media can be seen as both challenge and opportunity to the traditional media. As the main part of radio program, the music broadcasting programs are also met its challenge by the Internet. However, one also can use Internet as the new stage for traditional media, and adjust the broadcasting program to increase its attractiveness.

**Keywords:** Radio program; music; interactive function

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G22　ماتېرىيال بەلگىسى: A

رادىيو 1910 - يىلى ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەندىن بۇيان ئاڭلىغۇچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تارقىلىشىنىڭ تېزلىكى، قاپلاش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، پىروگرامما مەزمۇنىنىڭ مولل ۇقى، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مۇھىم تاراتقۇلۇق خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ، ئورنىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، تەسىر دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتىش بىلەن بىللە، دەسلەپتە تېلېۋىزىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئىنتېرنېت تورىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ دەۋرگە ماس رەۋىشتە يېڭىلىنىپ، مەزمۇنىنىڭ كۈنسېرى رەڭدارلىشىپ، پىروگرامما باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ بارغانسېرى جانلىقلىشىپ، دىكتور ۋە رىياسەتچىلەرنىڭ رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ماھارىتىنىڭ ئېشىشىغا، پىروگرامما دىكتور - رىياسەتچىلىرىنىڭ دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك قىلىش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، رادىيو يەنىلا تەشەببۇسكارلىق ئورنىنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتىدۇ. رادىيونىڭ تەشەببۇسكارلىق ئورنى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ساقلىيالىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ناخشا - مۇزىكا رادىيو ئەدەبىيات - سەنئەت پىروگراممىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىنى ئېلىپ ئېيتساق، ناخشا - مۇزىكىنى ئاساس قىلىپ ئىشلىنىدىغان پىروگراممىلارنىڭ رادىيونىڭ

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابدۇرېھىم ئابلىز(1958 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان) مۇھەررىر، ئاساسلىقى ناخشا - مۇزىكىلارنى توپلاش، رەتلەش، تەھرىرلەش ۋە ئۇنىڭغا ئېلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى تېخىمۇ مۇھىم.

رادىيو بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا بولسۇن ياكى نۆۋەتتە بولسۇن، ئېلىمىزدە ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن ناخشا ـ مۇزىكىسىز پىروگراممىلار رادىيو ئاڭلىغۇچىلارغا تولۇق مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە ئەقلىي تەسەۋۋۇر بوشلۇقى ئاتا قىلسا، ناخشا ـ مۇزىكىلىق پىروگراممىلار ئاشۇ بوشلۇقنى زىننەتلەپ، رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنى گۈزەل تەسەۋۋۇر كۆكىدە پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ۋۇجۇدىنى لىرىك تۇيغۇلارغا چۆمدۈرۈپ، كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى گۈزەللىك ئالىمىگە باشلاپ كىرىدۇ. شۇڭا ناخشا ـ مۇزىكىلىرنى رادىيو پىروگراممىلىرىغا ئىلمىي ھەم مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى مايىل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا جۇشقۇنلۇق بېغىشلاش ئۈچۈن مىنىڭچە تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

### 1. پىروگرامما مەزمۇنى بىلەن ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ رىتىمىنى ماسلاشتۇرۇش

رىتىم ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ جېنى. ھەر قانداق مۇزىكا رىتىمىنىڭ چېكىلىشىدىن باشلىنىدۇ. سالماق رىتىم ئادەمنى ئازادە كەيپىياتقا چۆمدۈرسە، جىددىي رىتىم روھلاندۇرىدۇ. ئوخشىمىغان رىتىمدىكى ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوخشىمىغان ھېس ـ تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ روشەن باش تېما ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىدىن سىرت، مۇكەممەل شەكىل ۋە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشىمۇ ناھايىتى مۇھىم. رادىيو پىروگراممىسىنى ئىشلىگەندە، تەييارلىغاندا ياكى ئورۇنلاشتۇرغاندا بولسۇن پىروگراممىنى تەشكىل قىلغان ھەر خىل ئامىللارنىڭ رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش ئادىتى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، سىياسەتكە دائىر مەزمۇنلار ئاساس قىلىنغان پىروگراممىغا ناخشا ياكى مۇزىكا ئورۇنلاشتۇرغاندا سىياسەت ئۈچۈرلىرى بېرىلىدىغان سەھىپىگە رىتىمى تېز ھەم لىرىك مۇزىكىلارنى، سىياسەت ئورۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەنزىرىسى، كىلىماتى تونۇشتۇرۇلىدىغان سەھىپىگە يېنىك مۇزىكىلارنى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە شۇ يەر ۋە رايوننىڭ خەلق ناخشا مۇزىكىلىرىنى، شۇ يەر ۋە رايون كۈيلىنىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا پىروگراممىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ رادىيو ئاڭلاش ئېھتىياجى بىلەن پىسخىك تەلىپىگە ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

### 2. مايىلچانلىقى كۈچلۈك ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ رادىيو پىروگراممىلىرىدىكى رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش

مايىللىق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىلەر پىسخىكىسىغا ئۇيغۇنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك مۇھىتتىكى ئادەملەر تىمتاسلىقنى خالايدۇ. جىمجىت مۇھىتتىكى كىشىلەر قايناام ـ تاشقىنلىققا، جۇشقۇنلۇققا ئىنتىلىدۇ. رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پىسخىك ئېھتىياجىغا مايىللاشسا، ئوخشىمىغان تۇيغۇدىكى ئاڭلىغۇچىلارغا شۇلار ئىنتىلىدىغان تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات ئاتا قىلىدۇ ـ دە، پىروگراممىنىڭ جەلپكارلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

### 3. ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ ئەكس تەسىر بېرىش رولىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش

بەزەر كۆڭۈلسىزلىككە، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان رادىيو ئاڭلىغۇچى جۇشقۇن، لىرىك ۋە يېنىك ناخشا ياكى مۇزىكا ئاڭلىسا كۆڭلىدىكى غەشلىكى يېنىكلەپ، جىددىيلىشىشى پەسىيىپ، ئاچچىقى بېسىلىدۇ. بەزەر مەغلۇبىيەت ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان رادىيو ئاڭلىغۇچى شادىيانە، جۇشقۇن ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلىسا كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، روھلىنىپ قالىدۇ ـ دە، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلىدۇ. مانا بۇ ئەكس تەسىر بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېستېتىك گۈزەللىك كەيپىياتى ھاسىل قىلىشنىڭ مۆۋەپپەقىيىتىدۇر.

رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ سەھىپە ۋە بۆلەكلىرىنىڭ ئارىسىغا ھەر خىل رىتىمدىكى ناخشا ـ مۇزىكىلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندا رادىيونىڭ

جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ئادەمنىڭ دىققىتىنى يىغىش ۋاقتى چەكلىك بولىدىكەن، بولۇپمۇ رادىيو ئاڭلىغاندا دىققەتنى 10 مىنۇت ئەتراپىدا مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال رادىيو ئاڭلاش ئۈنۈمىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ئاڭلىتىلىۋاتقان مەزمۇننىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش ئاساسىدا مەزمۇننى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئۈستىلىق بىلەن يۆتكەش ئۈچۈن، رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدىغان رىياسەتچى سۆزى ياكى يېقىملىق مۇزىكا بىرلىسە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى رادىيوغا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ.

## 4. ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ رادىيو تەشۋىقاتىدىكى كونكرېت رولىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىش

بىرىنچىدىن، ناخشا ـ مۇزىكا ئارقىلىق رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرلەندۈرۈش رولىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئاڭلىغۇچىلاردا چىنلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ. ناخشا ـ مۇزىكىنى رادىيو پىروگراممىلىرىغا ئەپچىل ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ھەرخىل بولىدۇ. پىروگراممىنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ رادىيودىن بەھرىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرىدىغان، مەھلىيا قىلىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى، روھىي دۇنياسىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تىل ۋە يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن بولمىغان بىلەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلارنى مۇزىكا تىلى ئارقىلىق قوزغىتىپ جاراڭلاتقىلى بولىدۇ. بۇنداق مەقسەتكە ھەر قانچە تەسىرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىقمۇ يەتمەك قىيىن. ناخشا ـ مۇزىكا رادىيو پىروگراممىلىرىغا دەل جايىدا ماسلاشتۇرۇلسا كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، روھىي دۇنياسىنى ئويغاتقىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ئەسلىتىش كۈچى ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئۈنۈمى يارىتىش رادىيونىڭ بىردىنبىر خۇسۇسىيىتى. شۇڭا ئاڭلىتىش سەنئىتىگە كۈچ چىقىرىشقا ماھىر بولغاندا رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ ئۈلانما تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئەسلىتىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مۇزىكا تىلى بىلەن يېزىق تىلىنى ئۈستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەندە رادىيو ئاڭلىغۇچىلار قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى گۈزەل ھەم ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەرنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى شېرىن ئەسلىمە قوينىغا باشلاپ كىرگىلى، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىدا زاھىر قىلىپ، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر پىروگرامما دىكتورنىڭ بايانى ياكى رىياسەتچىنىڭ سۆزى بىلەن توشۇپ كەتسە، بەدىئىي تەسىرچانلىقى تۆۋەنلەپ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى قاتماللىشىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، نادىر ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ زوق بېرىش رولىدىن پايدىلىنىش. نادىر ناخشا ـ مۇزىكا كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بولغاچقا، بۇنداق ناخشا ـ مۇزىكىلار رادىيو پىروگراممىلىرىغا مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇلسا رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى جانلاندۇرىدۇ ۋە بىيىتىدۇ شۇنداقلا يېزىق تىلىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، مۇزىكا تىلى ئارقىلىق رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى، تۇيغۇلىرىنى بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا يۆتكىگەندە تەسەۋۋۇرنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى 107.4 ئۇيغۇرچە سەنئەت رادىيوسىنىڭ ھەر كۈنى كەچ سائەت 10دا ئاڭلىتىلىدىغان «خەيرلىك كەچ» پىروگراممىسى ئىلگىرى بىرلا دىكتورنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن ئاڭلىتىلاتتى. بۇنداق پىروگراممىنىڭ ئىلانچى تۆۋەندە قايسى نومۇرنىڭ ئورۇنلىنىدىغانلىقى، قايسى ئارتىسنىڭ ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئارتىسلار سەھنىگە چىقىپ نومۇر ئورۇنلايدىغان سەنئەت كېچىلىكلىرىدىن پەرقى

بولمىغاچقا، ئاڭلاش نىسبىتى ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ پىروگراممىمۇ ئىسلاھ قىلىنىپ ھەقىقىي رىياسەتچى پىروگراممىسىغا ئايلاندى. بىر ئەر، بىر ئايال رىياسەتچى ئۆزئارا ماسلىشىپ بەدىئىيلىككە ۋە ھېسسىياتقا تويۇنغان رىياسەتچى سۆزلىرى ئارقىلىق پىروگراممىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك پۇرىقى كۈچلۈك ئەڭ نادىر ناخشا ـ مۇزىكىلار 12 مۇقامدىن ئارىيەلەر، ھەر قايسى جايلارنىڭ يۇرۇشلۇك خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئاڭلىتىلىشتىن باشقا، ھېكمەتلەر، ساغلاملىق ۋە تۇرمۇش ساۋاتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ پىروگراممىا رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمەت، تىرىكچىلىك، سەپەر جەريانىدىكى ھارغىنلىقىنى يەڭگىللىتىپ، تېتىك روھىي ھالەت، خۇشال كەيپىياتتا بىر كۈننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشىغا پايدىلىق پىسخىكلىق مۇھىت بىلەن تەمىنلەپ، ئاممىنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىغا ئېرىشمەكتە.

## 5. رادىيو پىروگراممىلىرىغا ماسلاشتۇرۇلىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى تاللاش

بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر. بىرىنچى، ناخشا — تېكىستلىك ئاھاڭ، مۇزىكا — تېكىستسىز كۈي. ناخشا ۋە مۇزىكا ئوخشاشلا مۇھىم بولسىمۇ، ناخشا بىلەن مۇزىكىنىڭ رادىيو ئاڭلىتىشىدا ئوينايدىغان رولى ئوخشىمايدۇ، چۈنكى پىروگراممىنىڭ باشلىنىشى ۋە سەھىپە ئارىلىقىغا ناخشا ئورۇنلاشتۇرۇش پىرىنسىپ جەھەتتىن مۇۋاپىق ئەمەس. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇزىكىنىڭ كىشىلەرنى رادىيو ئاڭلاشقا باشلاپ كىرىش ۋە رادىيوغا بولغان مايىللىقىنى ساقلاشتىكى رولى ناخشىغا قارىغاندا مۇھىم. لېكىن مۇشۇ سەۋەبلىك مۇزىكىنى كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى نادىر ناخشىنىڭ نادىر بولۇشى مۇزىكىنىڭ يېقىملىق مېلودىيەسىدىن باشقا، تېكىستىنىڭ مەزمۇنى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا پىروگراممىلارنىڭ قانداق يېرىگە مۇزىكا، قانداق يېرىگە ناخشا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ماھىرلىق بىلەن ئىگىلىگەندىلا پىروگراممىغا باشقىچە جان كىرگۈزگىلى ۋە جەلپكارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئالدىن تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزمۇ باشقا ئەل ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كۆپ خىللىشىش مۇھىتىدا تەرەققىي قىلماقتا. ھازىرقى ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىز كىلاسسىك ناخشا ـ مۇزىكىلار، خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، ھازىرقى زامان ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى ناخشا ـ مۇزىكا قاتارلىق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىنتېرنېت تورىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەم كومپيۇتېردا مۇزىكا ئىشلەش، بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ياشلار ئارىسىدىكى ناخشا ـ مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ ئاھاڭلىرى ئۇيغۇرچە تېكىست بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئەبجەش ناخشا ـ مۇزىكىلارنى توردا تارقاتماقتا. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىنى رادىيودا ئاڭلاتقىلى بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ تېكىستى، مېلودىيەسى، تېمىسى رادىيودا ئاڭلىتىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا پىروگراممىا مۇھەررىرى، بولۇپمۇ مۇزىكا تەھرىرى بۇ ئۆتكەلنى سەگەكلىك بىلەن ئىگىلەپ، رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان، شۇنداقلا ئۇلارنى زوقلاندۇرالايدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى تاللاشقا، ئىجادىي ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئۇنىڭغا ئېلىپ تەييارلاشقا، خەلق ئارىسىدىكى يېڭى ناخشا ـ مۇزىكىلارنى، ئەلنەغمىلەرنى قېزىپ، توپلاپ، رەتلەشكە ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي قاتلاملارغا، چەت ۋە خىلۋەت كەنت ـ قىشلاقلارغا بېرىپ خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى توپلاپ ھەم رەتلەپ، تەھرىرلىگەندىن كېيىن، بەزىلىرىنى شۇ يەردىكى ماھىر ئەل نەغمىچىلەرگە، بەزىلىرىنى كەسپىي چالغۇچى، كەسپىي ناخشىچىلارغا ئورۇنلاتقۇزۇپ ئاڭلىتىشقا تەييارلىسا، رادىيو پىروگراممىلىرىنىڭ ئاممىباپلىقى، تەسىرچانلىقى ۋە جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇشقا بەلگىلىك تۆھپە قوشقىلى

بولىدۇ.

رادىيونىڭ قاپلاش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، بولۇپمۇ زوقلىنىش ئۈچۈن رادىيو ئاڭلايدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىنى ئاساس قىلغان پروگراممىلىرى كۆپىيىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. سەنئەت پروگراممىلىرىمۇ رادىيو تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، سەنئەت پروگراممىلىرىدىمۇ جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. چۈنكى جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى قىممەت قارىشى يېتەكچىلىكى، مەدەنىيەت يېتەكچىلىكى، ئېستېتىكا يېتەكچىلىكى قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. رادىيو سەنئەت پروگراممىلىرىدا سىياسىي ئۆلچەم بىلەن سەنئەت ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېتەكچىلىكنى توغرا ئىگىلەش بىلەن بىللە مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ سەرخىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەشەببۇس قىلىپ، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ناخشا ـ مۇزىكىلار ئامبىرىنى بېيىتىپ، پروگراممىلارنى ساغلام ۋە مەدەنىي ئاڭلاتقاندا ئاڭلىغۇچىلارنى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ سىياسىي ئەخلاقى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

يېڭى تارانقۇلار رادىيو سەنئەت پروگراممىلىرىنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك سەزگۈ دۇنياسىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ئورنىنى تالىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن رادىيو ئەدەبىيات ـ سەنئەت پروگراممىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش تەقەززاسى شەكىللەندى ۋە پروگراممىلارنىڭ مەزمۇنى، شەكلىنى بېيىتىش، رىياسەتچىلىك قىلىش، پروگرامما باشقۇرۇش ئۇسلۇبىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇش تەلىپى تۇغۇلدى. ئىلگىرىكى رادىيو پروگراممىلىرى خەۋەرلەر، ئەدەبىي ئاڭلىتىش ۋە سەنئەت پروگراممىسىدىن ئىبارەت بىر نەچچە خىللا ئىدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرىدىكى پروگراممىلار نوقۇل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يەنى ھېكايە، شېئىر، نەسر، پوۋېست، رومان قاتارلىقلارنى ئاڭلىتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. ھازىر پروگراممىنىڭ ئاڭلاشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئاساسىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى، مەزمۇنىغا ماس كېلىدىغان نادىر ناخشا ـ مۇزىكىلار قىستۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئاڭلىغۇچىلار پروگراممىنى بىر مەيدان ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتتا ئاڭلايدىغان بولدى. مەسىلەن: ھەر يەكشەنبە كۈنى بېرىلىدىغان «سەنئەت سەھنىسى» پروگراممىسىدا جەلپكار نادىر ناخشا ـ مۇزىكىلار ئاڭلىتىلىش بىلەن بىرگە شۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى يازغان شائىرنىڭ تېكىستنى قانداق يازغانلىقى، قانداق ئىدىيەنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكى، كومپوزىتورنىڭ تېكىست مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن قايسى ئۇدارىدىن قانداق پايدىلانغانلىقى، ئاھاڭنى قانداق مۇھىتتا، قانداق ھېسسىياتتا ئىجاد قىلىپ، قانداق پىششىقلىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى قارىشى، تەسىراتى، تەجرىبىسى سۆزلىنىپ پروگراممىنىڭ ئاڭلاشچانلىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كېچىكرەك تېپتىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۈنگە ئېلىپ ۋە كېچىلىككە قاتناشقان ئارتىسلار، تاماشىبىنلار نەق مەيداندا زىيارەت قىلىنىپ، كىرىشتۈرۈلۈپ رادىيودا ئاڭلىتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بۇ پروگراممىنىڭ ئاڭلاش نىسبىتى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئىنتېرنېت تورى تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، پروگرامما ئىشلەش ئەندىزىسى، شەكلى، مەزمۇنى، دىكتور، رىياسەتچىلىك ئۇسلۇبىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ، ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن خەۋەرلەر بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلۇپ پروگراممىلارنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ئاشۇرۇلدى. رادىيو تېخنىكىسى ئىلغارلاشقاندىن كېيىن دىكتور ۋە رىياسەتچىلەر بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا پىكىر، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش فۇنكسىيەسى كۈچەيتىلدى. رادىيو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پروگراممىغا قاتنىشىشى يەنى، ئۇلارنىڭ خېتى، قىسقا ئۇچۇرى، بەرگەن تېلېفونلىرىنىڭ رادىيو ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارغا يەتكۈزۈلۈش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى كۆپەيدى. بەزى رادىيو ئاڭلىغۇچىلار تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىگەن يۇمۇر ۋە چاقچىقى، ئېيتقان ناخشىسى، چالغان سازىنى رادىيو

ئاڭلىغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئاڭلاپ رادىيو بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، رادىيونى ئەڭ كۆڭۈللۈك ھەمراھى قىلدى. پىروگراممىلارنى بىۋاسىتە ئاڭلىتىش نىسبىتى ئېشىپ، رادىيونىڭ تېز بولۇش ئەۋزەللىكىنىڭ يەنىمۇ گەۋدىلىنىشى بىلەن، سەنئەت پىروگراممىسى ئىشلەشنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان رادىيو ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇشمۇ تەخىرسىز ھەم مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. چۈنكى ئىنتېرنېت تورىدا كۈندە دېگۈدەك يېڭى ناخشا ۋە مۇزىكىلارنىڭ تارقىتىلىشى رادىيونىڭ سەنئەت پىروگراممىلىرىغا خىرىس ئېلىپ كەلدى. شۇڭا رادىيودىمۇ يېڭى ناخشا ـ مۇزىكىلارنى كۆپلەپ ئاڭلىتىش تەقەززاسى مۇزىكا تەھرىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئۈنۈملۈك چىقىش ئۈچۈن ناخشا ـ مۇزىكىلاردا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتېرنېت توردىكى ناخشا ـ مۇزىكىلاردىن ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش بىلەن بىللە يەنە ئىجادىي ناخشا ـ مۇزىكىلارنى زور كۈچ بىلەن توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، توردىكى ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىنى رادىيو ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئامبىرىغا كىرگۈزۈش دېگەنلىك ئەمەس. يۇقىرى تەلەپ بىلەن تاللاش، پىرىنسىپ بويىچە شاللاش مۇھىم شەرت قىلىنىشى كېرەك.

يېڭى تاراتقۇلارنىڭ خىرىسىنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرۈپ كېلىۋاتقان رادىيو سەنئەت پىروگراممىلىرى ھۇزۇرلاندۇرۇشچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىروگراممىلىرىنىڭ ئاخباراتچانلىقى، مۇلازىمەتچانلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ باشقا خىلدىكى پىروگراممىلارغا قارىغاندا بەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، ھۇزۇرلاندۇرۇشچانلىقىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. ھۇزۇرلاندۇرۇشچانلىق پىروگراممىنىڭ بەدىئىيلىكى ۋە سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بەدىئىيلىك پىروگرامما مەزمۇنى، نادىر پىروگراممىلار سەنئەت ئېستېتىكىسى تەلىپى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشسا، پىروگرامما سۈپىتى تەھرىرلىك ۋە تېخنىكا ماھارىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يېڭى تاراتقۇلار رىقابەت دەۋرىدىكى رادىيو ئۈچۈن خىرىس ھەم پۇرسەت. ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىروگراممىلىرىغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. بۇ دەۋرنىڭ مۇقەررەرلىكى ھەم رادىيو ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى. رادىيو خادىملىرى خىرىسنى پۇرسەت دەپ قاراپ، خىرىسقا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇتۇپ، بېسىمنى ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرساق رادىيونىڭ تېخىمۇ پارلاق دەۋرىنى يارىتالايمىز.

## پايدىلانمىلار


[1] 李彦:《广播文艺节目创新刍议》[J]，新闻窗， 2013(03).
[2] 孙浩:《做强少数民族语广播文艺节目》[J]，中国地市报人， 2013(04).
[3] 崔淑芬:《论广播文艺节目创新》[J]，中国传媒科技，2012(20).
[4] 王维彤: 《点播时代如何办好广播文艺节目》[J]， 新闻传播， 2012(11).
[5] 程娟娟:《浅谈广播文艺节目的创新》[J]，新闻传播，2012(11).
[6] 崔淑芬:《论广播文艺节目创新》[J]，中国传媒科技，2012(20).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

35 ـ يىللىق 1 ـ سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 35 卷第 1 期
2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2014 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 097 ـ 01 (2014) 5878 ـ 1005

# ئالاقە تورىنىڭ ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش*

ئىليار مەتنىياز

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۈگۈنكى دۇنيا تۈرلۈك ئىسلاھات ھەم يېڭىلىقلارغا تولغان بولۇپ، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان رەقەم تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالاقە تورىنى ۋەكىل قىلغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ۋاسىتىلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى ۋە زورايدى، بۈگۈنكى كۈندە ۋاسىتە ھالەت چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم كۈچلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. دەۋرىمىزدىكى بۇ «قوش بىسلىق شەمشەر» نى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش ھەربىر ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلا ئەمەس، بەلكى كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرىمۇ نۇقتىلىق ئويلىنىدىغان مەسىلە. ماقالىدە شىنجاڭدىكى ئۈچ نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېت (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى) تىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىپ، سوئال قەغەز تارقىتىش ۋە نەق مەيداندا سۆھبەتلىشىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، تورنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئالاقە ۋە باشقا جەھەتلىرىگە بولغان تەسىرىنى ئېنىقلاش ۋە ئانالىز قىلىش بىلەن بىرگە، مۇناسىپ تەدبىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: تور؛ ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى؛ قوش بىسلىق شەمشەر؛ تەدبىر

**摘要**：当今世界充满变革与创新。近20年来随着数字技术、信息技术的飞速发展，以互联网为代表的新兴媒体从诞生到逐步发展壮大，如今已经跨越了媒介形态的界限，成为了推动社会发展的重要力量之一。作为新时代的维吾尔族大学生如何有效的利用好这把“双刃剑”不仅是他们考虑的问题，也是广大教育工作者着重深思的问题。文章将以新疆三所著名大学（新疆大学、新疆师范大学和新疆财经大学）的维吾尔族大学生为调查对象，通过问卷调查和抽样访谈的方式，了解并分析了互联网给当代维吾尔族大学生生活，学习社交及其他方面带来的影响，并提出了几点有针对性的对策与建议。

**关键词**：网络；维吾尔族大学生；双刃剑；措施

**Abstract:** With a rapid development of communication technology, the Internet was leading a new revolution for modern mass media. Today, it is not only leading the media, but our society. As a member of modern society, Uyghur students meet their challenge to how to correctly use this double-edged sword for their own advantage. Based on the results of the survey which has been done in three famous universities of Xinjiang (Xinjiang University, Xinjiang Normal University and Xinjiang University of Finance & Economics), this thesis studies the influence of the Internet among Xinjiang university students, especially the influence to their daily lives, their studies and their social contacts. Several corresponding countermeasures and suggestions are also provided.

**Keywords:** Internet; Uyghur college students; double-edged sword; measures

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G641    ماتېرىيال بەلگىسى: A

21ـ ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى. پۈتۈن دۇنياغا نەزەر سالساق، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان يېڭى ۋاسىتە دولقۇنى

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2011 ـ يىللىق مەكتەپ ـ فاكۇلتېت بىرلەشمە تەتقىقات تۈرى (تۈر نومۇرى: XY110251 ) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
ئاپتور: ئىليار مەتنىياز (1980ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، تور تارقىتىش ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.


پەقەت ئۆزىدىكى تارقىتىش ۋاستىسى كەسپىنىلا ئۆزگەرتىپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ چېگرا ھالقىغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش رولى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش تەلىپىنى بېيىتتى ۋە قانائەتلەندۈردى. تور، يانفون، تاختا كومپيۇتېردىن سەييارە ۋاستىلەرگىچە، ئاساسلىق خەۋەر تور بېكەتلىرى، ئۇنىۋېرسال سودا تور بېكەتلىرىدىن ئىجتىمائىي ئالاقە تور بېكەتلىرىگىچە ئاللىبۇرۇن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تور كەسپىنى مەركەز قىلغان يېڭى ۋاستىلەر بىزنىڭ ئۇچۇر ۋە خەۋەرگە بولغان ئېنتىلىشىمىزنى قانائەتلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇچۇر دېڭىزىدا بىلىم ئىزدەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ قالدى. ئالاقە تورى تۇرمۇشىمىزغا بىلىندۈرمەيلا سىڭىپ كىرىپ، بىزنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە باشقا تەرەپلىرىمىزگە كۆنىېرى ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمەكتە.

يېڭى پەن ـ تېخنىكا ۋە يېڭى شەيئىلەرگە كۈچلۈك ئىنتىلىدىغان يۇقىرى ساپالىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تېزلا تور دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق تايانچ كۈچىگە ئايلاندى. ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىمۇ ئوخشاشلا بۇ قوشۇننىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، توردىن ئىبارەت بۇ بىپايان بوشلۇقتا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەم كەڭ دائىرىدە ئۇچۇر قوبۇل قىلىش، بىلىم ئىگىلەش، ئالاقە قىلىش ھەم جەمئىيەتنى چۈشىنىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تور دۇنياسى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئۇلارنى جەلىپ قىلىپ، بىر قىسىم ئىستۇدېنتلارنى ئېزىقتۇرۇپ چېكىندۈردى. شۇڭا تورنىڭ ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تورنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش نۆۋەتتىكى مائارىپ خىزمىتىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 1. تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە سانلىق ئانالىز


ماقالىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تور پائالىيىتى توغرىسىدا ئىنچىكە تاللاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئانالىز يۈرگۈزۈلۈش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تورغا چىقىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تور پائالىيىتى توغرىسىدا مۇۋاپىق تەكشەش ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىش مەقسەت قىلىندى.

ئۇيغۇر ستۇدېنتلارنىڭ تورغا چىقىش ئورنى




| تورغا چىقىش ئورنى | سانى | نىسبىتى |
|---|---|---|
| تورخانا | 484 | 17.9% |
| مەكتەپ | 1856 | 68.7% |
| باشقا ئورۇن | 34 | 1.2% |
| ئۆي | 329 | 12.2% |

ئۇيغۇر ستۇدېنتلارنىڭ كۈندىلىك تورغا چىقىش ۋاقتى




### 1) ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تورغا چىقىش ۋاستىسى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە ئىستاتىستىكا

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى پەقەت ئۈستەل كومپيۇتېرىدىلا تورغا چىقىدىغان كونا ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، كۆپ ۋاستىلەر ئارقىلىق تورغا چىقالايدىغان يېڭى ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ


ئىچىدە خاتىرە كومپيۇتېر ۋە يانفون ئارقىلىق تورغا چىقىش نىسبىتى كۆنسېرى ئېشىپ بارغان. ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ توردا پاراڭلىشىش، كىنو كۆرۈش نىسبىتى % 77.5 نى ئىگىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ توردا ئۇچۇر، خەۋەر كۆرۈش ۋە ئۆگىنىش، ماتېرىيال ئىزدەش نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا % 39.3 ۋە %29.3 نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ توردىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بىلەن توردىن بىلىم ئېلىش پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا زور تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت. شۇڭا ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تور پائالىيىتىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

| تورغا چىقىش ۋاستىسى | سانى | نىسبىتى | تورغا چىقىش مۇددىئاسى | سانى | نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| خاتىرە كومپيۇتېر | 1156 | 42.8% | ئۇچۇر ۋە خەۋەر كۆرۈش | 1062 | 39.3% |
| يانفون | 1922 | 71.1% | پاراڭلىشىش - كىنو كۆرۈش | 2096 | 77.5% |
| ئۈستەل كومپيۇتېر | 869 | 32.1% | ئويۇن ئويناش | 293 | 10.8% |
| تورغا چىقىش خاتىرىسى | 74 | 2.7% | ئۆگىنىش ۋە ماتېرىيال ئىزدەش | 791 | 29.3% |


**2) ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى كۆپ چىقىدىغان تور بېكەت ۋە تورنىڭ رولى توغرىسىدىكى ئىستاتىستىكا**

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، دەۋرىمىز ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى ئىچىدە بەيدۇ توردىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال ئىزدەيدىغانلار %95.6 نى، Izdinix توردىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال ئىزدەيدىغانلار %14.6 نى ئىگىلىگەن. %90.2 ئۇيغۇر ئىستۇدېنت ئۆلىنىش تورىنى زىيارەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، % 55.5 ئۇيغۇر ئىستۇدېنت ئۆز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېتىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق توردىن دەرس تاللاش (جەدۋەل III )، ئىمتىھان نەتىجىسىنى بىلىش، مۇكاپات ، ئوقۇش ۋە ياردەم پۇللىرىنى ئىلتىماس قىلىش مەشغۇلاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. %21.7 ئۇيغۇر ئىستۇدېنت تاۋباۋ تور بېتىدىن مال سېتىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ تورغا چىقىشتا ئۇچرىغان توسالغۇلىرى ئىچىدە تور سۈرئىتى %37.6 نى، تور باھاسى %32.2 نى ئىگىلىگەن.

ئۇيغۇر ستۇدېنتلار كۆپ چىقىدىغان تور بېكەتلەر




تورنىڭ رولى




ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تورنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنى توغرىسىدا پايدىسى بىلەن زىيىنىنىڭ چوڭ پەرقى يوق دەپ قارايدىغانلار %42.4 نى، پايدىسى زىيىنىدىن كۆپ دەپ قارايدىغانلار % 35.8 نى،

تورنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ھەم تۇرمۇشىغا زور دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ دەپ قارايدىغانلار % 19.2 نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت ئاز ساندىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىلا توردىن ئىبارەت بۇ «قوش بىسلىق شەمشەر» نى تونۇپ يەتكەن.

## 2. تورنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرى توغرىسىدا ئانالىز

توردىن ئىبارەت بۇ « قوش بىسلىق شەمشەر» ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سەلبىي تەسىرگىمۇ ئۇچرىتىۋاتىدۇ.

**1) « قوش بىسلىق شەمشەر» نىڭ ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىغا بولغان ئىجابىي تەسىرى**

(1) تور ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشقا رىقابەت ئېلان قىلدى. ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش شەكلىدىن ئىبارەت. تورنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنى يېڭىچە بىلىم ئىگىلەش ۋاستىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىزىققان بىلىملەرنى كىتاب ۋە لۇغەتلەردىن ئىزدىمەيمۇ، توردىن ناھايىتى تېزلا تاپالايدۇ.

(2) تور ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ دۇنيا كۆزىنى. ئۇچۇر يەتكۈزۈش قاناللىرى بارغانسېرى تور تەرىپىدىن «مونوپول» قىلىنماقتا. ھەرخىل ئەڭ يېڭى، ئەڭ تېز ئۇچۇرلارغا تور ئارقىلىق ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكىدەك ئەتىگەنلىك گېزىت سېتىۋېلىشنىڭ ئورنىغا يانفون گېزىت مۇلازىمىتىنى قوللانغاندا، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا شۇ كۈندىكى ئەڭ يېڭى ئەڭ مۇھىم خەۋەرلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

(3) تور ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ خىزمەت ئىزدىشىگە نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرقايسى شىركەت، كارخانىلار بىلەن ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ئىلگىرىكىدەك گېزىتتىن پايدىلىنىشتىن، ھازىر توردا خىزمەت ئۇچۇرلىرىنى ئىزدىيەلەيدىغان، ئېلېكترونلۇق تەرجىمىھاللارنى تۇرۇپ يوللايدىغان بولدى. بۇ خىل ئۇسۇل ۋاقىت ۋە ئىقتىسادنى زور دەرىجىدە تېجەپ، ئىككى تەرەپنىڭ «ئۆزئارا تاللاش» ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

(4) تور ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ كىشىلىك ئالاقىسىدىكى يېڭى بىر قورالغا ئايلاندى. تور كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارلىقنى زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇردى. ئائىلىدە تۇرۇپلا يىراق ـ يېقىندىكى دوستلار بىلەن پاراڭلاشقىلى بولىدۇ. ئىشلەتكۈچى ئۆز مەيلى بويىچە يېزىقچە، ئاۋازلىق ۋە سۈرەتلىك پاراڭلىشىش ئۇسۇللىرىدىن تاللاپ پايدىلىنالايدۇ.

(5) تور تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى مەدەنىي تۇرمۇشىغا رەڭدار تۈس قوشتى. ئۇلار توردا ئېلېكترونلۇق كىتابلارنى ئوقۇش، توردىن پايدىلىنىپ ياخشى كۆرىدىغان ماللارنى سېتىۋېلىش، ساياھەتكە چىققاندا تور خەرىتىسىدىن پايدىلىنىپ يول، ئاشخانا ۋە مېھمانخانىلارنى تېپىش، شۇنداقلا ساياھەت مەنزىرىلىرىدە رەسىمگە چۈشۈپ، تەسىرات يېزىپ ئۆزىنىڭ مىكرو بىلوگلىرىدا گۈزەل تۇرمۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈش دېگەندەك تور پائالىيەتلىرىدىن ھوزۇر ئالماقتا.

**2) « قوش بىسلىق شەمشەر» نىڭ ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىغا بولغان سەلبىي تەسىرى**

توردىن ئىبارەت بۇ غايىۋى دۇنيا نۇرغۇن ئېنىقسىزلىقلارغا ھەم خەتەرگە تولغان. تور ئويۇنلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، توردىكى كىشىلەرنىڭ ئالدامچىلىق، شۇنداقلا توردىكى غايىۋى تۇرمۇشقا خۇمار بولۇپ قېلىش تورنىڭ ئۆزىگە خاس يوشۇرۇن ئاپىتىدۇر. بۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن ئانالىز قىلىشقا بولىدۇ.

(1) بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ توردىكى «ئۆگىنىش» ۋە «كۆڭۈل ئېچىش» پائالىيىتىگە سەرپ قىلغان ۋاقتىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى. ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تورغا چىقىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى تورغا مەلۇم دەرىجىدە تايىنىشچانلىق پسىخىكىسى بارلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قېتىملىق

تەكشۈرۈشتە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى ئۆزلىرىنىڭ تورغا چىقىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق كونترول قىلغان. بىراق يەنە 19.1% ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى بۇ دائىرىدىن ھالقىپ، ھەتتا 8 سائەتتىن ئارتۇق تور پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار كۆپ ۋاقتىنى كىنو كۆرۈش ۋە تور ئويۇنلىرىنى ئويناشقا سەرپ قىلغان. بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تورغا بولغان تايىنىشچانلىقىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىشى ئۆزلىرىگە بىر خىل يوشۇرۇن خەتەر كەلتۈرۈپ چىقارغان.

(2) قىسمەن ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ توردىكى ھەرخىل ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرۈش ئېڭى كەمچىل. گېزىت، ژۇرنال، رادىيو ۋە تېلېۋىزوردىكى ئۇچۇرلار قاتمۇ-قات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقىتىلىدۇ. ھالبۇكى، توردىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلار مەنبەسىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە تارقىتىشتا ئەركىن بولۇش تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. ئەگەر ئىستۇدېنتلار ئۆزلىرىنىڭ تور دۇنياسىدا ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەي، قارىغۇلارچە ئەگەشسە، ئۇ چاغدا يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

(3) ئالاقە توردىكى شەھۋانە مەزمۇنلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ نورمال تور پائالىيىتىگە ناچار تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ھەر قايسى تور بەتلەرنىڭ رەسىم، ساغلاملىق، كۆڭۈل ئېچىش ۋە بىلوگ قاتارلىق قاناللىرىدا، ھەرخىل ئېلان، سۈرەت ۋە ئۇلىنىش شەكىللىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بىخەستەلىكتىن ياكى ئۆچۈرۈش مەقسىتىدە چېكىلىپ قېلىنسا، ئۆزلۈكىدىن نۇرغۇن كۆزنەكلەر ئېچىلىپ، ساغلام بولمىغان مەزمۇندىكى تور بەتلىرىگە ئۇلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ نورمال تور پائالىيىتىگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرى بۇ شەھۋانە مەزمۇنلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، رېئال تۇرمۇشتىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن چەتنەپ، سوغۇق مىجەز، كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدىغان، پسىخىكىسى ساغلام بولمىغان كىشىلەر توپىدىن بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

## 3. تەكلىپ پىكىرلەر

1) ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەش ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەق - ناھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قايمۇقۇش، چۈشكۈنلىشىش ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تورنىڭ كىشىلىك ئالاقىدىكى خەتەرلىك ئامىللىرىنى ئازايتىش كېرەك.

2) تور كۆزەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ تور ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىنى دائىملاشتۇرۇپ ۋە سىستېمىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرخىل قانۇنسىز ئۇچۇرلارنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى توسۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تور پائالىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ، توردا ئېلان قىلىنغان قانۇنسىز ماقالە ۋە سەلبىي، ناچار ئۇچۇرلارنى تارقاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، قىلمىشى ئېغىرلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

3) تور ۋاستىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق، مەكتەپ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۆزلۈكسىز موللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك تور سىنىپى ۋە تور سۇپىسى بەرپا قىلىپ، BBS مەدەنىيىتى، مىكرو بىلوگ ۋە تور مەھەللە كومىتېتىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ قىزىقىشىنى تور ئويۇنىدىن مەكتەپ مەدەنىيىتىگە يۆتكەش كېرەك.

4) توردا پسىخىكا ساغلاملىق تەربىيەسى مەركىزى بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. كۆپلىگەن مەكتەپلەرنىڭ پسىخىكا ساغلاملىق تەربىيەسى مەركىزى يۈزتۇرانە مەسلىھەت بېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ بىر قىسىم داۋالغۇشتا تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا بىئەپ تۇيۇلىدۇ. ئەگەر توردا پسىخىكا مەسلىھەت بېرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنسا ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ بۇ خىل پسىخىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاسانلىق

يارىتىلىپ، نۇرغۇن كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، توردىن ئىبارەت بۇ «قوش بىسلىق شەمشەر» ئالىبۇرۇن ھازىرقى دەۋردىكى مائارىپچىلار ۋە ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. تورنىڭ ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىغا ئېلىپ كەلگەن ئىجابىي تەسىرىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان خەتەرلەرگە بىپەرۋالىق قىلىشقا ھەم ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىنىڭ توردىن پايدىلىنىش ئەركىنلىكىنى قانۇنسىز چەكلەشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق قىلىنسا ئەكس تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. پەقەت توغرا تەربىيە ئارقىلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئىستۇدېنتلىرىغا تورنىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى تونۇتۇپ، ئۇلاردا توغرا بولغان تور مەشغۇلات ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندىلا، ئاندىن توردىن ئىبارەت بۇ «قوش بىسلىق شەمشەر» دىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] 彭兰: 《网络传播概论》 [M]. 北京: 中国人民大学出版社, 2001(4).

[2] 何秋月:《网络文化对大学生思想的影响及对策》[J], 江西社会科学, 2011 年第 2 期第 183-184 页.

[3] 王琨:《大学生网络使用后果调查问卷结构研究》[J].中国学校卫生, 2010 年第 11 期第 131 页.

[4] 刘文富:《互联网对大学生的影响与大学生网络伦理规范的研究》[J].教育信息化, 2003 年第 4 期第 56 页.

[5] 哈力力 · 买买提:《网络文化对维吾尔族大学生价值观的影响研究》[J].中国教育期刊, 2008 年第 10 期.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2014)01 ـ 103 ـ 06

# شەرقتە جاڭ چيەن ـ غەربتە ئالېكساندىر —— يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ھەققىدە قايتا ئىزدىنىش*

مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844008)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «يىپەك يولى» دۇنياۋى تېما، يىپەك يولى ئېچىلىش جەريانىدا زور رول ئوينىغان شەخسلەر توغرىسىدا تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە تا ھازىرغىچە ھەرخىل تالاش ـ تارتىشلار مەۋجۇت. ماقالىدە تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، تارىخىي شەخسلەرنىڭ بۇ يولنى ئېچىشتا ئوينىغان رولى يەنىمۇ ئېنىقلىنىلغان ھالدا يورۇتۇپ بېرىلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** يىپەك يولى؛ ئالېكساندىر ماكېدونسكى؛ جاڭ چيەن

**摘要：**《丝绸之路》是世界性的题目、关于它的开辟过程中起重大作用的人物方面在历史学领域中存在各种争论。在本文章中根据历史事实的基础上对这问题进行全面的探讨、进一步明确的提出历史人物开辟这条路中的主要作用。

**关键词：**丝绸之路；亚历山大；张骞

**Abstract:** The Silk Road is a hot topic for research around the world, and the debate about the origin of its opening process has never been stopped. Based on historical events, this thesis analyzes the importance of key figures that played an important role during the opening process of the Silk Road.

**Keywords:** Silk Road; Alexander; Zhang Qian

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** K12　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن يىپەك يولى تارىختا يەنە «مەدەنىيەت يولى»، «ئالتۇن يول» ۋە «خۇشپۇراق يول» دېگەندەكناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

يىپەك يولى ئېچىلىپ تاكى خارابلاشقىچە بولغان 15ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا بۇ يولدا قانلىق ئۇرۇشلارمۇ، دوستانە مۇناسىۋەتلەرمۇ، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بۆلۈنۈشىمۇ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ ياكى كىچىك كۆلەمدىكى كۆچۈش ھادىسىسىمۇ يۈز بېرىپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. شەرقتە چاڭئەندىن باشلىنىپ غەربتە تاكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختىگىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ يولدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى يارىتىلغان. ئەلۋەتتە شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ھەرقانداق مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى تولۇقلاشنى تەقەززا قىلىدۇ. يىپەك يولى دەل مۇشۇ بەلۋاغدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە يىپەك يولى ئېچىلغاندىن تارتىپ ئىزچىل راۋان، توسالغۇسىز بولغان ئەمەس، يىپەك يولى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ راۋانلىشىپ، گاھ تىنچ، گاھ ۋەھىمە بىلەن داۋاملاشقان، بۇ جەرياندا يىپەك يولىنىڭ بەزى بۆلەكلىرى خارابلاشقان بولسا، بەزى بۆلەكلىرى يېڭىدىن ئېچىلىپ يىپەك يولىنىڭ

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم (1966 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان) پروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، شىنجاڭ تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇزاق مەزگىل داۋاملىشىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

يىپەك يولى دېگەن بۇ ئاتالغۇ يىپەك يولى ئېچىلىپ ئۇزاق مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى گېرمانىيەلىك مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى رىچچورفىن ئۆزىنىڭ «جۇڭگو» ناملىق ئەسىرىدە يىپەك يولى دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە قەدەر بۇ ئاتالغۇ قوللىنىلماقتا. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ بۇ يولنىڭ پەقەت بىر سودا كارۋان يولى ئىكەنلىكىدىنلا دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى يىپەك يولى بويىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر كارۋان سودىسى ۋاستىسى ئارقىلىق ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلغان ۋە تارقاتقان، بۇ جەرياندا يەنە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتلەرنى شەكىللەندۇرگەن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن بۇ يولنىڭ زادى قاچان، كىم تەرىپىدىن ئېچىلغانلىقى ھەققىدە تارىخشۇناسلار ئارىسىدا تالاش ـ تارتىشلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى: بەزىلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) ئاچقان دېسە، بەزىلەر خەن ۋۇدى ئاچقان دېيدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا جاڭ چيەن ئاچقان دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ. بىز بۇ خىل يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن ئۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 323 ـ يىلىغىچە)، دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مۇھىم شەخس، داڭلىق ئىستېلاچى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قاتار ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دۇنيا تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

ماكېدونىيە يۇنان چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىسىنىڭ تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ، مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى باشقا يۇنانلىقلاردىن كېيىنرەك ئىدى. ماكېدونلار بىلەن يۇنانلىقلار يۇنان ـ پېرسىيە ئۇرۇشىدا ئۇچراشقان بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماكېدونىيە پېرسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان. يۇنان شەھەر دۆلەتلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا ماكېدونىيە بارا ـ بارا قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. ماكېدونىيەنىڭ ھەقىقىي قۇدرەت تاپقان ۋاقتى فىلىپ II دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 359 ـ يىلىدىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 336 ـ يىلىغىچە) بولۇپ، ئۇ بىر يۈرۈش ھەربىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ ماكېدونىيەنى ھەربىي كۈچ جەھەتتە قۇدرەت تاپقۇزۇپ يۇناندا ماكېدونىيەنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى تىكلىگەن. فىلىپ II ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇ ھومىر داستانلىرىغا ئىنتايىن مەپتۇن بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ يۇنان ئالىمى ئارىستوتېلدىن تەلىم ئالغان ۋە دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش غايىسىنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە تايىنىپ ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 334 ـ يىلى 30 مىڭ كىشىلىك پىيادە ئەسكەر، 5000 ئاتلىق ئەسكەر، 160 جەڭ كېمىسى بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىشنى باشلىغان. ئۇ پېرسىيەگە قىلغان ھۇجۇمىنى «يۇنانلىقلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن» دېگەن شوئار ئاستىدا ئېلىپ بارغان ۋە كىچىك ئاسىيا، مىسىر قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 333 ـ يىلى كۈزدە ماكېدونىيە بىلەن پېرسىيە قوشۇنى ئىسسى ( ئىسۇس ) دېگەن جايدا قاتتىق جەڭ قىلغان ۋە پېرسىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلغان. ئالېكساندىر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا يېتىپ كەلگەندە زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك قەبىلىلەرنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ماكېدونىيە قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ بۇ جەرياندا ساكلارنىڭ زەربىسى ئىنتايىن چوڭ بولغان. ساكلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ماكېدونىيە ئېغىر چىقىم تارتىپلا قالماي، بەلكى ئالېكساندىرمۇ ئېغىر يارىلانغان. ماكېدونىيە قوشۇنى كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتە شەھەرنى ئىشغال قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ھايات قالغانلارنى قۇل قىلغان. لېكىن ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشقا مادارى يەتمەي ئاخىرى مۇرەسسەلىشىش يولىنى تۇتقان. ئۇ « ئاسىيالىقلارنى ئاسىيالىقلارچە ئىدارە قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۆزى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن، قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ قىزىغا

ئۆيلىنىشكە بۇيرۇق قىلغان. يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆگىنىپ، بارا-بارا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارچە تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلىغان، ھەربىي قوشۇنلارنى تەرتىپكە سالغان.

ئالېكساندىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى رايون خەلقلىرىگە غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن، نۇرغۇن خەلق قىرغىن قىلىنغان. كۆپلىگەن شەھەر- بازارلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئەكسىچە، ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى بىلەن تۇنجى بولۇپ غەرب- شەرق ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولى ئېچىلىپ، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان. نۇرغۇن يۇنانلىقلار، ماكېدونىيەلىكلەر شەرققە كەلگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ- ئادىتىنى تارقاتقان ھەم يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن يۇنان سودىگەرلىرى شەرق ئەللىرىگە كېلىپ سودا قىلىشقا باشلىغان. بۇ جەرياندا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى سودا- سېتىق ئىشلىرى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلغان. شەرق ئەللىرى يۇناننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، بىناكارلىق تېخنىكىسى قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولسا، يۇنانلىقلار شەرق ئەللىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە تارىخى بىلەن تونۇشقان، شەرق ئەللىرىنىڭ ئاستورنومىيە، تېبابەتچىلىك، ماتېماتىكا ۋە دۆلەت تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. كۆپلىگەن شەھەر- بازارلارنى قۇرغان، ھەتتا يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەبۇدلىرىغىچە چوقۇنغان. ئالېكساندىر يەنە بۇ جايلاردا 20 دىن ئارتۇق شەھەر بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ سودا- سېتىق ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىغان. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقان ماكېدون ئەسكەرلىرى بۇ جاينىڭ مەدەنىيەت- سەنئىتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇلارنى ياۋروپاغا ئېلىپ كەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ ئۆزئارا سودىسى نەتىجىسىدە چەت - چېگرا رايونلارنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىپ يەككە- يىگانە تۇرۇش ھالىتى بۇزۇلۇپ تاشلانغان. بۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئۇجابىي رول ئوينىدى. گەرچە ئالېكساندىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي يۈرۈشلىرى بىرقانچە يىل ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ماكېدونىيەلىكلەرنىڭ بۇ رايوندىكى ھەربىي- سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى خېلى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشتى. ئالېكساندىر ئۆلۈپ، بىر پۈتۈن ئالېكساندىر ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇنلىغان گرېكلەشكەن دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن گرېك مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەر قوشۇلۇپ، يېڭى ئەبجەش مەدەنىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ جەرياندا گرېكلارنىڭ تىل- يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىقىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، يەرلىك تىل- يېزىقلار بىلەن بىرگە قوللىنىلغان. بولۇپمۇ گرېك سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە گرېك سەركەردىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە گرېك تىياتىر- سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرىپ، ناھايىتى تېزلا يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە گرېكلارنىڭ مۇزىكا، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق..... قاتارلىق مەدەنىيەت- سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سەنئىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. يەرلىك ئۇسلۇبتا گرېكلارنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشقا باشلىغان، شۇنداقلا تېبابەتچىلىكتە غەرب تېبابەتچىلىكى ۋە مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ «تۆت زات» (تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت ) قارىشى ئاساسىدىكى داۋالاش ئىشلىرىنىڭ بىر- بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان. دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئالېكساندىرنىڭ ئىستېلاچىلىقى ۋە گرېكلەشكەن خانلىقلارغا ئىزچىل قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت- سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يەرلىك مەدەنىيەتلەر بىلەن يۇغۇرۇپ يېڭىچە مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ يالغۇز ئۇرۇشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەم بىر قېتىملىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. بىز ئەلۋەتتە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش پىرىنسىپى بىلەن

ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى ئىستېلاچىلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ھەرىكەتنىڭ شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئوينىغان رولىغا كۆز يۇمماسلىقىمىز كېرەك.

ئالېكساندىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشىدىن بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن يىپەك يولى باغرىدا يەنە بىر شەخس ئۆز پائالىيىتى ئارقىلىق پارلاق سەھىپە ئاچتى. ئۇ داڭلىق ئەلچى جاڭ چيەندۇر. جاڭ چيەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئەسلىي بىر كىچىك ئەمەلدار ئىدى. كېيىن خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانى بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغان ۋە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

خەن خاندانلىقى بىلەن شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھونلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ھونلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ خەن سۇلالىسىنى ئولپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. خەن سۇلالىسىمۇ ھونلارغا قارىتا «قۇدىلىشىش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن ۋاقتىنچە ساقلىنىپ خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تىنچ راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. خەن ۋېندى، خەن جىڭدى دەۋرلىرىدە يۈرگۈزۈلگەن «ۋېندى ـ جىڭدى زامانىسىدىكى ئادىل سىياسەت» تىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچى زورىيىپ، ئىگىلىكى راۋاجلانغان، ھەربىي كۈچىمۇ كۈچەيگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەنە شۇنداق گۈللىنىش دەۋرىدە تەختكە چىققان پادىشاھ خەن ۋۇدى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 86 ـ يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ھونلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «قۇدىلىشىش» سىياسىتىدىن بارا ـ بارا ۋاز كېچىپ، «قارشىلىشىش» يولىنى تۇتۇپ، ھونلارغا قارىتا قىسمەن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. خەن ۋۇدى ھونلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتىكى توخرىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مەقسىتىدە غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغان. بۇ ۋاقىتتا خەن سۇلالىسى ئۈچۈن چوڭ راق تۆھپە كۆرسىتىپ ئەمەلدار بولۇش خىيالىدا يۈرگەن جاڭ چيەن خانغا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ھەمدە خان تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تەيىنلىنىپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى 100 ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئاتلانغان. ئۇ غەربىي يۇرتقا بېرىش يولىدا ھونلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى خېشى كارىدورىدىن ئۆتكەندە ھونلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ 10 يىلدەك ھونلارنىڭ ئاسارىتىدە تۇرۇپ ئاخىرى غەربىي يۇرتتىكى توخرىلار (چوڭ ياۋچىلار) ئېلىگە يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بۇ يەردە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرۇپ باكتېرىيە، توخارىستان، كانگىيە قاتارلىق جايلارنى كېزىپ، شۇ ئەتراپتىكى بەش ـ ئالتە خانلىقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ توخرىلار ئېلىدە بولغان مەزگىلدە ئۇ جايدا خەن سۇلالىسىنىڭ بامبۇك ھاسىلىرى ۋە ھەرخىل رەختلىرىنى كۆرگەن ھەمدە بۇ نەرسىلەرنىڭ بۇ جايغا ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئېنىقلىغان. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ خەن ۋۇدىغا پارپىيە، خارەزىم ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلارنىڭ نوپۇس، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، يىلقىچىلىقى (ئات بېقىش)، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى قىلغان. جاڭ چيەننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى بايانلىرى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ بايانلار شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى جاڭ چيەن ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئارزۇسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەلگە ئاشمايدۇ (نەتىجىسى بولمايدۇ). ئامما ئۇيسۇنلار جاڭ چيەن چاڭئەنگە قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قوشۇپ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىدۇ ھەمدە بۇ ئەلچىلەر ئارقىلىق خەن پادىشاھىغا ئۇيسۇن ئېلىدىن چىقىدىغان ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن سوۋغا يوللايدۇ. جاڭ چيەن ئۇيسۇنلار ئېلىدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ ياندىشما ئەلچىلىرى پەرغانە،

كانگىيە، باكتىرىيە، پارپىيە، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە يېتىپ بارغان. جاڭ چيەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 115- يىلى چاڭئەنگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئەللەرمۇ خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا- غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورناتقان.

جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشىنىڭ ئەھمىيىتى ھەقىقەتەن چوڭ بولدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ ئانچە- مۇنچە سودا ئالاقىسى بار بولسىمۇ، لېكىن كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىلمىغان. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپتىكى خەلقلەرنىڭ بىر- بىرىگە بولغان چۈشەنچىسى يېتەرسىز ياكى مۇجمەل ئىدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر خەن سۇلالىسىگە كۆپلەپ ئەلچى ئەۋەتتى، خەن سۇلالىسىمۇ كۆپ قېتىم بۇ ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ ئەللەر بىلەن دوستانە ئالاقە ئورناتتى ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈردى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھ خەن ۋۇدى ھونلارغا قارىتا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ خېشى كارىدورىدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ تىل- يېزىق، دىن، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پار- پۇر بۇيۇملىرى، يىپەك مەھسۇلاتلىرى غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى تاكى رىم ئىمپېرىيەسىگىچە بولغان ئەللەر ئارا ھەممە ئادەم ئىنتىلىدىغان، قىزغىن بازار تاپىدىغان مەھسۇلاتقا ئايلاندى. قىسقىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشى، يىپەك يولى باغرىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ كۈنسايىن گۈللەپ ياشنىشى ئوتتۇرا- غەربىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىقتىساد- مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردى.

بىز شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، جاڭ چيەندىن ئىلگىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت جۈملىدىن ئۇنىڭ غەربىدىكى ئەللەرنىڭ مۇئەييەن ئالاقىسى بولغان، بۇ ئالاقە ھەرگىزمۇ جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىشى بىلەن باشلانغان ئەمەس. ئەمما جاڭ چيەن بۇ ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى بىلەن يىپەك يولى تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتۇشقا ھەقلىق. شۇڭا ئۇنى يىپەك يولىنىڭ چاڭئەندىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بۆلۈكىنى ئاچقۇچى دېيىشكە بولىدۇ. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بارغان چاغدا بۇ جايدا گرېك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ رايوندا گرېك پەلسەپەسى، ھەيكەلتاراشلىقى كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئىگىلىگەن. ئۇلارنى ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن يۇنان ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراش مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشتىن بۇرۇن غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «يىپەك يولى» چاڭئەندىن رىم ئىمپېرىيەسىگە قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي لېنىيەدىن قارىغاندىمۇ بۇنى ئالېكساندىر بىلەن جاڭ چيەننىڭ ئېستېلاچىلىق ۋە ئەلچىلىك پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئالېكساندىر ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرغان بولسا، جاڭ چيەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تۇتاشتۇرۇپ بىر پۈتۈن «يىپەك يولى» نىڭ پارلاق سەھىپىسىنى ئاچقان. ئەلۋەتتە بىز پۈتۈن يىپەك يولى لىنىيەسىدە ئۆتۈشۈپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى ۋە يىپەك يولى باغرىدىكى ئەللەرنىڭ يىپەك يولىنىڭ ھۆسنىگە ھەقىقىي ھۆسن قوشقۇچى، بىر پۈتۈن يىپەك يولىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رىشتە ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمايمىز.

تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، جۈملىدىن مەدەنىيەت- سەنئەتنىمۇ خەلق يارىتىدۇ، ئەمما شەخسلەرنىڭمۇ تارىخىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا

ئېشىنىش لازىم. ھەر ئىشنىڭ بىر باشلامچىسى بولغىنىدەك، ئالېكساندىر بىلەن جاڭ چيەن« يىپەك يولى» ئالاقىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان شەخسلەردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا باشلامچىلاردۇر.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يىپەك يولىنىڭ ئاچقۇچىلىرى دېگەندە، «يىپەك يولى» نىڭ غەربىي قىسمىنى ئاچقۇچى ئالېكساندىر بولسا، شەرقىي قىسمىنى ئاچقۇچى جاڭ چيەن دېيىش مۇمكىن.

خەن ۋۇدىغا كەلسەك، خېلى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار خەن ۋۇدىنىڭ جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇنى« يىپەك يولى » نىڭ بىردىن- بىر ئاچقۇچىسى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ جەھەتتە خەن ۋۇدىنىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن جاڭ چيەننىڭ «يىپەك يولى » دا ئېلىپ بارغان جاپالىق ئەمەلىي پائالىيىتىگە كۆز يۇمغانلىق ئادىللىق بولمايدۇ. چۈنكى، جاڭ چيەننى خەن ۋۇدى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ جاڭ چيەنگە« يىپەك يولى» نى ئاچقۇزۇش ئەمەس، بەلكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدەك ھونلارنىڭ قولىدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان خېشى كارىدورىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئىدى. قىسقىسى، چاڭئەندىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان ئۇزۇن ۋە جاپالىق يوللارنى باسقۇچى ۋە ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى يەنىلا جاڭ چيەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى قېتىملىق ئەلچىلىك پائالىيىتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەرگە ئۇلارنىڭ شەرقىدە قۇدرەتلىك، بۈيۈك خەن سۇلالىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرغان ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى خەۋەردار قىلغان، شۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپنىڭ چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئەلچىلىكىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە تېخىمۇ كۈچىيىپ كېيىنكى دەۋردە خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان. شۇڭا بىز جاڭ چيەننى يىپەك يولىنىڭ شەرقىي بۆلۈكىنى ھەقىقىي ئاچقۇچى شەخس دەپ قارايمىز. بىز بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، بىز چوقۇم جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخشۇناسلىرى ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھەممە نەتىجە ۋە تۆھپىلەرنى پادىشاھقا مەنسۇپ قىلىۋېتىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك خاھىشتىن ساقلىنىپ، مەسىلىلەرگە قارىتا « كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش» ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ماركسىزمچىلارغا خاس توغرا تارىخىي قاراش تىكلىيەلەيمىز.

## پايدىلانمىلار

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: « قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى.
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: « ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.
3. ۋاڭ جېلەي: « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» [M]1- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى.
4. كىلىماتكىن: « قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى.
5. مەمەتئىمىن تۇرسۇن قاتارلىقلار: « دۇنيا ئومۇمىي تارىخىدىن بايان»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى.
6. مىخايىل خارت: « ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى 100مەشھۇر شەخس»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەت ھاجى**

ماقالە نومۇرى: 08 - 109 - 01(2014) 5878 - 1005

# تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئورنى*

ياسىن بۇساق

(شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830000)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە ئوينىغان رولى ھەمدە ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن چىقىپ باھا بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: تۇغلۇق تۆمۈرخان؛ ئىسلام دىنى؛ موڭغۇللار

摘要：本文首先简单的陈述了图赫鲁·帖木儿汗的生活活动。然后进一步阐述了当他坐上皇帝宝座之后促使新疆的蒙古人信仰伊斯兰教所起的作用。最后通过辩证唯物主义和历史唯物主义观点来探讨他在伊斯兰教在新疆的普遍传播所具有的影响。

关键词：图赫鲁·帖木儿汗; 伊斯兰教; 蒙古人

**Abstract:** First of all, this paper briefly introduces Tuhluh•Timurkhan's life, and then further states his influence on Mongol's Islamic conversion in Xinjiang during he was in power. Finally, this paper discusses his role in spreading Islam in Xinjiang from the aspect of materialism.

**Keywords**: Tuhluh•Timurkhan; Islam; Mongol

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: B96        ماتېرىيال بەلگىسى: A

مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللار داۋام ئەتكەن بۇددىزم ئېتىقادىغا خاتىمە بېرىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىدىن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشكە باشلىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخان شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇنى خانلىقنىڭ دىنى قىلىپ بەلگىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى بولمىش قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ مىقياسىدا ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىرى بىر ئەسىردىن ئارتۇق دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنى شەرقتە كۇچادىن ئۆتەلمىدى. بىر نەچچە ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى (قەشقەر، خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئىسلام ئېتىقادىدا بولسا، يەنە بىر بۆلىكى ( تۇرپان، قومۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) بۇددىزم ئېتىقادىدا بولۇپ كەلدى. بۇ خىل ھالەت تاكى مىلادىيە 16 - ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. مىلادىيە 16 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن ئىسلام دىنى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق دىنىغا ئايلانغان. بۇ جەرياندا ئىسلام دىنىنىڭ ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ مىقياسىدا يەنە بىر قېتىم كەڭ - كۆلەمدە تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان تارىخىي شەخس شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىدى.

## 1. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھاياتى

مىلادىيە 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، چىڭگىزخان ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ياسىن بۇساق ( 1982 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شىمالغا قاراپ تېخىمۇ كېڭەيدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەڭلەر ئارقىلىق تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئىستېلا قىلىپ، ئاخىرىدا كۈچلۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇشنىڭ ئاساسىنى سالدى. مىلادىيە 1225 ـ يىلى چىڭگىزخان بويسۇندۇرۇلغان زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا غەربىي لىياۋ زېمىنىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، شۇڭا بۇ جايدا ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق چاغاتاينىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە ئۇيغۇرلار ياشاپ تۇرغان قومۇلدىن، غەربتە سەمەرقەند ۋە بۇخاراغىچە سوزۇلدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلارنىڭ كۈچى ئىچكى نىزادا قاتتىق زەئىپلىشىپ، يات نەسەبتىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى بارغانسېرى زورايدى. بارلاس قەبىلىسى بىلەن دوغلات قەبىلىسىنىڭ بىرى خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا، يەنە بىرى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا ھۆكۈم سۈردى. مىلادىيە 1346 ـ يىلى چاغاتاي ئۇلۇسىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە سورىغان غازانخان ئۆلگەندىن كېيىن، چاغاتاي خانلىقى بارا-بارا ئىككى قىسمغا بۆلۈندى. غەربىي قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيانى، شەرقىي قىسمى قەشقەر، تۇرپان رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مانا مۇشۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، تۇغلۇق تۆمۈرخان تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولدى.

«زەپەرنامە» نىڭ نەقىلىدىن مەلۇمكى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيە 730 ـ يىلى( مىلادىيە 1329ـ 1330 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان. خاننى 16 ياش ۋاقتىدا ئەمىر بۇلاجى قالماق يۇرتىدىن ئالدۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئاغزىدا مەشھۇر ئىكەنلىكى «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابتا ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇ 18 ياشقا يەتكەندە خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، 24 ياشتا مۇسۇلمان بولغان، 34 ياشتا يەنى ھىجرىيە 764 ـ يىلى (مىلادىيە 1362 ــ 1363 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان[1]. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاينىڭ قان سىستېمىسىدىن ئىدى. مىلادىيە 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر شەرقىي قىسمىدا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، بۇ خانلىق 1514 ـ يىلى يەكەن خانلىقى قۇرۇلغىچە 167 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 13 نەپەر چاغاتاي ئەۋلادى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ دەۋرنى كىلاسسىك ئىسلام تارىخچىلىرى ئادەتتە «موغۇلىستان» دەۋرى دەپ ئاتىغان ھەم بۇ يەردىكى موڭغۇللارنى «موغۇللار» دېگەن. ھازىر بۇ رايون ئېلىمىزنىڭ تارىخ ساھەسىدە «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالماقتا.

تۇغلۇق تۆمۈرخان (1347ـ1363 ـ يىللار خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان) توغرىلىق مەلۇماتلار بىر قەدەر تولۇق ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىلىۋاتقان ئەسەر مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر بىزنى تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئىشەنچلىك رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دادىسى ئېسەن بۇقا خان بولۇپ، ئۇنىڭ ساتىلمىش خاتۇن دېگەن بىر ئامراق ئايالىدىن باشقا مەڭلىك دېگەن يەنە بىر ئايالى بار ئىدى. ئۇ چاغدا ئېسەن بۇقا خان تېخى پەرزەنت كۆرمىگەن ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان قوشۇن تارتىپ سەپەرگە كېتىدۇ. موڭغۇللارنىڭ كونا يوسۇنى بويىچە، ئامراق خوتۇنى ئۆز كۈندەشلىرىنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشقا، ھەتتا باشقىلارغا ئىنئام قىلىشقىمۇ ھوقۇقلۇق بولۇپ، خالىسا ئۇنى ئۆز يېنىدا قوياتتى، خالىمىسا ئۆزى خالىغان بىرەر ئەرگە بېرىۋېتەتتى. ساتىلمىش خاتۇن مەڭلىكنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە كۈندەشلىكى قوزغىلىپ، ئۇنى ئالمالىق رايونىدىكى ئەمىر دوختۇي شىراۋۇلغا بېرىۋېتىدۇ. خان سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، مەڭلىكنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، ساتىلمىش خاتۇن ‹ئۇنى بىرسىگە بېرىۋەتتىم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خان بۇ چاغدا ‹ئۇ مەندىن ھامىلدار ئىدى› دەيدۇ. ئۇ ئىچىدە ئىنتايىن نارازى بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇللارنىڭ ئادىتى مۇشۇنداق بولغانلىقتىن باشقا گەپ قىلمايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئېسەن بۇقاخان ۋاپات بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ خانلىق ئورنى بوش قالىدۇ. پۇقرالار ئۇ باش ـ بۇ باش بولۇپ، بوھران تۇغۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئەمىر بۇلاجى دوغلاتى بىر خان تېپىپ ئەل تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلايدۇ. شۇڭا ئۇ تاش تۆمۈر دېگەن

بىر كىشىنى دوختۇي شىراۋۇلغا (SHerawwal Dukhtai) ئەۋەتىپ، مەڭلىك ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى بىلمەكچى بولىدۇ. ئۇ تاش تۆمۈرگە: «ئەگەر مەڭلىك ئوغۇل تۇغقان بولسا، ئۇنى ئوغرىلاپ كەلگىن» دەپ بۇيرۇيدۇ. بۇ چاغدا تاش تۆمۈر: «بۇ ناھايىتى ئۇزاق يوللۇق قېيىن سەپەر، يولغا مۇۋاپىق ئوزۇق تەييارلاش كېرەك. ماڭا ئۈچ يۈز ئۆچكە بېرىلسە («تارىخىي شەجەرى تۈرك» تە ئوتتۇز قوي، «تارىخىي ھەمىدى» دە 300 ئوغلاقلىق ئۆچكە دەپ يېزىلغان) ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سۈتىنى ئوزۇق قىلسام، ئاندىن ئۇلارنى بىر-بىرلەپ سويۇپ يېسەم» دەيدۇ[2].

ئەمىر بولاجى ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، يولغا ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسىنى بېرىدۇ. تاش تۆمۈر يولغا چىقىدۇ ۋە موغۇلىستاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كېزىدۇ. ئۇ دوختۇي شىراۋۇلنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ ئارانلا بىر كۆك ئۆچكىسى قالغانىكەن. ئۇ كىشىلەردىن مەڭلىك ھەم ئۇنىڭ ئوغلىنى سورىغاندا، ئۇلار «مەڭلىك بىر ئوغۇل تۇغدى، ئۇنىڭغا تۇغلۇق تۆمۈر دەپ ئات قويدى. ئۇ يەنە دوختۇي شىراۋۇلدىنمۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا ئۆگچەمەلىك دەپ ئات قويدى» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ تاش تۆمۈر تۇغلۇق تۆمۈرنى ئەپلەپ قولغا كىرگۈزۈپ، ئەمىر بولاجىغا ئېلىپ ماڭىدۇ.

«تارىخىي رەشىدى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاش تۆمۈر تۇغلۇق تۆمۈرخاننى 16 – 17 يېشىدا (مىلادىيە 1346-1347 ـ يىلى) ئىزدەپ تاپقان، ئەمىر بولاجى ئۇنى 18 ـ 19 يېشىدا (1347 ـ 1348 ـ يىلى) موغۇلىستان خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقارغان.

## 2. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش جەريانى

ئەينى دەۋردە، ئولتۇراقلىشىش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا غەربىي شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە كەسكىن كۈرەش قانات يايدى. كۈرەشنىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئاللىقاچان شەكىللەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئىدى. موڭغۇللار ئىچىدىكى بەزى پېشۋالار ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. روشەنكى بۇ خىل خاھىش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇللار بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك ئىسلام مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قوۋملەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ماس كېلەتتى. بۇ يەردە ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغىنى غەربىي شىمال موڭغۇل خانى يەنى قىپچاق خانلىقىدىكى بېركېي خان ئىدى. رۇبرۇكنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 1253 ـ يىلى بېركېي خان مۇسۇلمان بولغان. ئۇنىڭ ئوردىسى (ئوردا قورۇقى ئىچىدە) دا چوشقا گۆشى يېيىش مەنئىي قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاياللىرى ۋە ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن ئىمامى ۋە بىردىن مەزىنى بولغان ھەم باللار ئۈچۈن «قۇرئان» ئۆگىتىدىغان مەكتەپ بولغان[3]. چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشى مۇبارەكشاھ بولۇپ، پارسچە مەنىسى «شەرەپ قۇچقان پادىشاھ» دېگەنلىك ئىدى. مۇسۇلمان ئاپتورلار ئۇنى: «ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمان پادىشاھ بولۇپ، ئىنتايىن مېھرىبان ۋە غەيرەتلىك، كەسكىن ئادەم ئىدى. ئۇ دائىم موڭغۇللارنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى چەكلەپ تۇراتتى»[4] دەپ تەرىپلەشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ شەھەر قىشلاقلارنىڭ ئىقتىسادىدا يارىتىلغان زور بايلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىش ئېڭىنى ئىلگىرى سۈردى. بېركېي، مۇبارەكشاھلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى موڭغۇللار ئارىسىدا چوڭ تەسىر پەيدا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇللارنىڭ ئاستا - ئاستا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ موڭغۇللار ئارىسىدا ئومۇملىشىشى تۇغلۇق تۆمۈرخان خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن باشلاندى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، موغۇلىستان تەۋەسىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى.

چۈنكى موغۇلىستان موڭغۇللىرى تارىخىدىكى بۇ زور هادىسە، ئالدى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆزى باش بولۇپ بۇ دىنغا كىرگەنلىكىدىن باشلانغانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئىش-ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ «تارىخىي رەشىدى»، «تارىخىي رەشىدى» (زەيلى)، «تارىخىي شەجەرى تۈرك»، «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان»، «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللىرىدا نۇرغۇن ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى سوپىزمنىڭ پېشۋاسى شەيخ جامالىددىننىڭ دەۋەت قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئېيتىلىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى، يەنى مىلادىيە 1347 ـ يىلى ئاقسۇ ئايكۆل رايونى ئەتراپىدا شىكار قىلىۋاتقاندا، تارىم ۋادىسىدىكى قۇمغا كۆمۈلۈپ يوقالغان كەتتەك شەھىرىدىن (شەھەرى كېتەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدە) قېچىپ چىققان مەۋلانە شەيخ جامالىددىن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان خان بولىدۇ. بىراق بۇ چاغدا جامالىددىن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىددىن خوجا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئالمالىقتىكى خان ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ، ئاخىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاقسۇدا ئاتىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە سالىدۇ. خان ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مىلادىيە 1353 ـ يىلى (تارىخىي مەلۇماتلاردا، تۇغلۇق تۆمۈرخان تەخمىنەن 24 ياشقا كىرگەندە) ئەرشىددىن خوجا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن داموللىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئالمالىق شەھىرىدە ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ دىنغا كىرىدۇ ھەمدە بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمران بولۇپ قالىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دىنىي ئىسمى «ئەبۇبەكرى مۇھەممەد» بولىدۇ. كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىددىن خوجا قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىغا كېڭەيتىشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئېلان قىلىنمىغان، چۈنكى ئۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلغان. ئۇ ئاقسۇدىن ئالمالىققا بېرىپ بىر مەھەل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىي ئېتىقادىنى جاكارلىغان ھەمدە باشقا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە پۇقرالىرىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان. «بۇ مەسىلىدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى شۇنداق ئۇرۇل-كېسىل بولغانكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان موڭغۇللارنى(تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ياش چەكلىمىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ خەتنە قىلدۇرغان»[5].

## 3. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ غەربىي يۇرتتا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشى

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىپ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار خانلىقىدىن كېيىنكى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدىكى يەنە بىر قېتىملىق يۇقىرى دولقۇنىدا تارقىلىشى بولدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، تۇغلۇق تۆمۈرخان جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ بالدۇر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇل خانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئەرشىددىن خوجىلارنىڭ تەشەببۇسى ھەم تەلىمى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىدىغانلارنىڭ سانى تەدرىجىي كۆپەيدى. ئەمما موڭغۇللار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ماكان تۇتماي، سۇ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، مال - چارۋا بېقىپ كۈن كەچۈرىدىغان، قەبىلە ئەنئەنىسىنى جاھىللىق بىلەن ساقلاپ كەلگەن، جاساق (ئادەت قانۇنى) يەنىلا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىسلام

دىنىنى زورلۇق ۋاستىسىگە تايانماي تۇرۇپ ھەرگىز ئومۇملاشتۇرغىلى بولمايتتى. موڭغۇللارغا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىشتە يۈز بەرگەن ئەڭ زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، خانلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا تارقىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇنلىغان موڭغۇللارنى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇزدى. «ھىجرىيە 754- يىلى (مىلادىيە 1353 — 1354- يىللىرى) موڭغۇللاردىن 160 مىڭ كىشى ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىپ، كوللېكتىپ ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن»[6]. شۇنداق قىلىپ بۇ چاغدا موغۇلىستان تەۋەسىدىكى موڭغۇللار ئاساسەن دېگۈدەك مۇسۇلمانلاشقان. ئۇ يەنە ئىسلام دىنىغا قارىتا نۇرغۇنلىغان يار - يۆلەك بولۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئىسلام دىنىنى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە كېڭەيتكەن. ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى ۋارىسلىرى داۋاملاشتۇرۇپ، داۋاملىق ھالدا چىن قەلبىدىن ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلدى ۋە كېڭەيتتى.

كۇچا رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشىنى تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە ئەرشىدىن خوجا تاماملىغان. ئەرشىدىدىن خوجىنىڭ كۇچادا دىن تارقىتىش پىلانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. خان شەخسەن ئۆزى يارلىق چۈشۈرۈپ، خانلىقتىكى ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىندىكى ياكى دىنسىز ئاممىنى بىردەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرغان. ئۇ يەنە ئەرشىدىن خوجىنىڭ 50 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر دىنىي تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللىشىنى قوللاپ كۇچاغا يولغا سالغان. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، دىنىي تەشۋىقات تەشكىلىنىڭ نامى كۇچانىڭ يەر نامىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان ئىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەر قايسى جايلاردىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى بۇزۇپ ياكى ئۇلارنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ-كۆلەمدە تارقىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان. دىن تارقىتىش جەريانىدا يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئاقسۇ، شايار، قاراشەھەر ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئالدىن بېرىپ تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، دىن تارقىتىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىسلام دىنىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئاسان ھەم ئوڭۇشلۇق بولغان ئەمەس، چۈنكى بىر قىسىم قاتتىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ يۈز بەرگەن. بۇ يەردە مۇنداق بىر ۋەقەنى قىستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ: «شۇ قېتىملىق ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەريانىدا ئالمالىقتا يۈز بەرگەن ئىسلام دىنىغا قارشى ھەرىكەت ناھايىتى تېزلىكتە كۇچاغا تارقالغان. كۇچا، شايار قاتارلىق جايلاردىكى 10 مىڭدىن كۆپرەك بۇددىستلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىغا قارشى تۇرغان. توپىلاڭ كۆتۈرگەن بۇددا دىنىي مۇرتلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا جىددىي كۈرەش بولغان. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي توپىلاڭچىلار تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋەتكەن قوشۇن تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن. تەخمىنەن ئالتە مىڭ ئادەم شەرققە قوغلىنىپ، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان»[7]. شۇنىڭ بىلەن كۇچادىكى بۇددا دىنىي كۈچلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. كۇچا رايونىدا بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ يوقىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ دىن تارىخىدىكى چوڭ بىر ئىش ئىدى. كۇچا رايونىدىكى كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يەنە بىر بۇددا دىنىي مەركىزى — تۇرپاننىڭ مۇداپىئەسى ئاجىزلىغان ئىدى.

ئىسلام دىنى قومۇلغا مىلادىيە 14- ئەسىردە تارقالغان ئىدى. «مىلادىيە 1381- يىلى ئالاۋۇدىن ئىسىملىك قومۇللۇق موسۇلمان مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئولپان ئاتلارنى تاپشۇرغىلى كەلگەن ئىدى»[8] دېگەن خاتىرىدىن بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 15- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئىسلام كۈچلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلغان. 16- ئەسىرگە كەلگەندە قومۇلنى ئىسلام كۈچلىرى ئىگىلەپ، بۇ جاينىمۇ يېڭى ئىسلامىيەت رايونىغا ئايلاندۇرغان. شىنجاڭدىكى قازاق،

قىرغىزلارمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئىسلام دىنى ئەنە شۇ يوسۇندا غەربىي يۇرتتىكى ئاساسلىق دىن بولۇپ قالغان.

مىلادىيە 1362 ـ 1363 ـ يىلى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالمالىقتا 34 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كىچىك خانىش بىدپارس خاتۇن ئىراق ۋە سەمەرقەندتىن ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۈچۈن ھەشەمەتلىك بىر قەبرە ياساتقان، بۇ ھىجرىيەنىڭ 766 ـ يىلى (مىلادىيە 1365 ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. قەبرە ئالمالىق قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ھازىرقى ئىلىدىكى قورغاس ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان «مازار يېزىسى» غا جايلاشقان. بۇ ئەرەب ئۇسلۇبىدا ياسالغان قەبرە بولۇپ، بىنەپشە، ئاق، كۆك رەڭدار كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. ئېگىزلىكى 14 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر. مەقبەرە ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك ئىككى قەبرە بولۇپ، كىچىكى كىچىك خانىش بىدپارسنىڭ قەبرىسى. مازارنىڭ ئالدى تېمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئەرەب يېزىقىدا خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئوڭ تەرىپىگە: «بۇ ئۇلۇغ خاقان، ئۇلۇغلۇق ۋە شەپقەتنىڭ دېڭىزى، ئىسلام دىنىنىڭ قورغانى، زەپەر قۇچقان ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ شانلىق ئىپتىخارى، تۆت چوڭ خەلىپىگە ئەگەشكۈچى، ھۆرمەتكە سازاۋەر، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھەممەد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسى» دەپ ئويۇلغان. سول تەرىپىگە «خانغا تەقدىم... گۇناھكار كىشىلەرنى مەغپىرەت قىلغۇچى، دەۋرىمىزنىڭ خانىشى بىزنىڭ بىلقاشىمىز(رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىلقاش ئەرەبلىك، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئايالى) زېرەك، پەزىلەتلىك دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئايال، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاياللىرىدىن بىرى بولغان بىدپارس خاتۇن مەڭگۈ ھايات. دۇنيانىڭ شەرقى بىلەن غەربىدە پەزىلەتلىك بۇ ئايال مەڭگۈ ھايات!» دەپ ئويۇلغان. ئۈستىگە يەنە: «بۇ مەقبەرىنى ـ شەرباق ياسىغان» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. بۇ قەبرە بۈگۈنگىچە 600 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، گەرچە نۇرغۇنلىغان بوران ـ چاپقۇن، ئۇۋراشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى ۋە تاشقى قىياپىتى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. ساياھەت قىلىدىغانلار، تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ شىنجاڭدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان يەەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىسلام ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشتۇر.

## 4. ئىسلاملاشقاندىن كېيىنكى موغۇلىستاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى موغۇلىستاندىكى موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلار ھاياتىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. بۇ خىل تەسىر ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. موڭغۇللار يايلاق مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ مىللەت بولۇپ، ئۇلار موغۇلىستانغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەسىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي ئولتۇراقلىشىش، شەھەرلىشىشكە يۈزلەنگەن. تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە تەدرىجىي ھالدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىغا يايلاق مەدەنىيىتىنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقە قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىپ، تەدرىجىي ئۇيغۇرلىشىش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە موغۇلىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن غىدىقلاش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تولۇقلاش رولىنى ئويناپ، يەرلىكنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە تۆرتكە بولغان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقە كۈنسايىن كۈچەيگەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە موغۇلىستان جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا

كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سالغان.

توغلۇق تۆمۈرخان يىراقنى كۆرەر، دانا پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئىسلام ئېتىقادى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ بولغان مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە سەلتەنىتىنى ئۇزۇن مەزگىل ئاسايىشلىققا ئىگە قىلىشقا پايدىلىق دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە 160 مىڭ موڭغۇل قوۋمىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولغان.

توغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندە، تۇرپان ۋە قومۇل ئۇيغۇرلىرى يەنىلا بۇددىزم ئېتىقادىدا ئىدى. بۇ خىل بىر مىللەت، ئىككى خىل ئېتىقادنىڭ بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى چەكلەپ قويغان ئىدى. دىنىي پەرق بىر مىللەتنى ئورتاق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدىن مەھرۇم قىلىپ قويغان بولۇپ، بۇ موغۇلىستان ھۇدۇدىدا (زېمىنىدا) بىرلىككە كەلگەن بازار، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادنىڭ شەكىللىنىشىگە توسالغۇ بولغان. توغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پۈتكۈل موغۇلىستان زېمىنىدا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، دىنىي پەرقتىن كېلىپ چىققان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەتتىكى بوشلۇقنى تولۇقلىغان، ئۆزلۈكچىلىكنى ئۆلگەن. ئەينى دەۋر موغۇلىستان جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم ۋە تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مىللەتلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى توسالغۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۆگىتىپ، تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىسلام دىنى موغۇلىستاندا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى تەدرىجىي ھالدا بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. ئەسلىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىدە ئىسلام مەدەنىيىتى راۋاجلانغان. بۇ دەۋردە تەڭرى تېغىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىمۇ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت، بىناكارلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى مەركىزىي سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سودىگەرلەرنىڭ موغۇلىستانغا كېلىشى ۋە موغۇلىستان سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىغا بېرىشى نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئىلغار مەدەنىيەت موغۇلىستانغا تارقىلىپ، موغۇلىستاندىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەينى دەۋردە ئىسلام دىنىغا كىرىشى ۋە ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل موغۇلىستان زېمىنىدا ئومۇملاشتۇرۇشى تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ماسلاشقانلىق، غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە موغۇلىستاننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، سەلبىي تەرەپلىرىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. توغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسلام دىنىنى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىغا كېڭەيتىش جەريانىدا، بۇددىزم ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغان بۇددىستلارنى قەتلى قىلغان ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

يىغىنچاقلىغاندا، توغلۇق تۆمۈرخان تۆھپىكار خان ئىدى. «تارىخىي رەشىدى» دە باھا بېرىلگىنىدەك، توغلۇق تۆمۈردىن كېيىنكى خانلارنى چەۋەندازلىق جەھەتتە ۋە زېمىنىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ تۆھپىسى نوقۇل چەۋەندازلىق ياكى زېمىن كېڭەيتىش جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئاساسلىقى ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن موڭغۇللار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، توغلۇق

تۆمۈرخاننىڭ تۆھپىسىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن قېلىشمايدۇ دېيەلەيمىز. تۇغلۇق تۆمۈرخان شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى ئوموملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەينى دەۋر موغۇلىستان جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە قوشقان تۆھپىسى سەۋەبلىك ئۇنىڭ نامى تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

## ئىزاھلار

[1][2] مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كوراگان (مۇھەممەتتۇردى مىرزا ئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان): «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007- يىلى 7- ئاي، 1- نەشرى. 71- بەت، 46-، 47-، 48- بەتلەر.

[3][4][7][8] لى جىنشىن (ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان): «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى 3- ئاي، 1-نەشرى. 193-، 194-، 266-، 288- بەتلەر.

[5] ليۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987- يىلى 10- ئاي 1- نەشرى، 574- بەت.

[6] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991- يىلى 11- ئاي، 1- نەشرى، 868- بەت.

## پايدىلانمىلار

1. ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002- يىلى 6- ئاي، 2- نەشرى.
2. ئابدۇللاجان كېرەم: «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003- يىلى 12- ئاي 1- نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2014)01 ـ 117 ـ 06

# ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە يولى*

يۈسۈپ ھامۇت

(ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** سەھىپە ــ ژۇرنالنىڭ كۆزنىكى ھەم بايرىقى. ئالاھىدە سەھىپە ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى ۋە يارقىن نۇقتىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئەڭ زور چەكتە نامايان قىلىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشتا مۇھەررىرلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ماقالە ئىشلىتىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، سەھىپىدە تەتقىق قىلىنىدىغان مەزمۇننىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى؛ ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش؛ ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇب؛ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش.

**摘要:** 栏目是期刊的窗口，是期刊的旗帜，而特色栏目作为高校学报的重要组成部分，不仅能体现学报的特色和风格，而且代表刊物的高度和亮度，能最大限度地彰显刊物的核心竞争力。因此，高校学报应予以重视。创建特色栏目要重视编辑队伍的建设，重视作者队伍的培养，重视读者队伍的拓展，重视用稿制度的完善，重视栏目研究内容的拓展和深化。

**关键词:** 高校学报；创建特色栏目；特色与风格；提高核心竞争力

**Abstract:** A column can be seen as the window, the mark of a journal, and characteristic column is essential for the university journal since not only it can reflect characteristics and style of the journal, but also can represent the height and competitiveness of the journal. Therefore, universities must pay attention on establishment, training, development and research of characteristic column of university journals.

**Keywords:** university journal; establishing characteristic column; character and style; improve main competitiveness

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G232 ماتېرىيال بەلگىسى: A

سەھىپە بەرپا قىلىش ــ ئىلمىي ژۇرنال قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالاھىدە سەھىپە ژۇرنالنىڭ كۆزنىكى، بايرىقى بولۇپ، ئۇ ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ژۇرنالنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى ۋە يارقىن نۇقتىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ژۇرنالنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا، ئەۋزەل بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ھەمدە ئۇنى بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيەسىگە ئىگە قىلىش ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە، ئىلمىي

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: يۈسۈپ ھامۇت (1968 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان) كاندىدات ئالىي مۇھەررىر. ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەمدە ئىجتىمائىي ئىناۋىتىنى ئۇستۈرۈشكە پايدىلىق.

## 1. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئىلىم ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇننى ئىگىلىمەكچى ھەمدە تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئىلىم سەۋىيەسىنى نامايان قىلىشى، روشەن خاسلىق ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق باشقا ژۇرناللاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى لازىم. ھالبۇكى، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئالاھىدە سەھىپىسى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى، ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «كۆزنەك» بولۇپ، ئۇ شۇ مەكتەپ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق پەن تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلىم ئالماشتۇرۇش سۇپىسى بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. شۇڭا، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئىلىم سەۋىيەسى ۋە ئىلىم تەسىرى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ ئىلىم سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنىڭ تەسىرىگە ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ شۇ مەكتەپنىڭ پەن تەتقىقات ئەمەلىي كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مەلۇم بىر پەن ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملارنى توپلاپ، گۇرۇھ ئۈستۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق شۇ پەن ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، مەلۇم كەسىپ ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىنى ھەتتا مەلۇم بىر كەسىپ بوشلۇقىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بىر پەن ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى سىستېمىلىق چوڭقۇرلاشتۇرغىلى ھەم تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئىلىم سەۋىيەسى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىشقا پايدىلىق. ئالاھىدە سەھىپە ئىلمىي ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى ئەڭ زور چەكتە گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. زو خەنفېن مۇنداق دېگەن: «خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بولمىغان ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مەسىلىگە ئايلاندى، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ». دېمەك، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش ئىلمىي ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم مەسىلىدۇر. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئادەتتىكىلىكتىن قۇتۇلۇپ، مەۋجۇتلۇقتا، تەرەققىياتتا ئىنتىلىشىدىكى مۇھىم ھالقىغا ئايلاندى. ئالاھىدە سەھىپە ئىلىم ساھەسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا قالماي، يەنە ئىلمىي ژۇرنالنىڭ نوپۇزى ۋە بىر پۈتۈن سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىلمىي ژۇرنال ساھەسىدە ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئارقىلىق شۇ ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈشكە دائىر نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر بار. مەسىلەن، بىر قىسىم تەھرىر بۆلۈملىرى ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىش ئاساسىدا «باشقىلاردا بولمىغىنى مەندە بار، باشقىلاردا بولغىنىنىڭ مەندە تېخىمۇ ياخشىسى بار» دېگەننى ئاساسىي مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى قىلغان بىر

يۈرۈش ماقالىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى ژۇرنالنىڭ يارقىن نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئۈچىنچى، ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش ئىلمىي ژۇرنالنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن بىرنەچچىگىچە ئىلمىي ژۇرنىلى بار. ئەمما بۇ ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىدە يەنىلا پەرق مەۋجۇت بولۇپ، تولۇق بولۇش، تارقاق بولۇش، كىچىك بولۇش ۋە ئاجىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ ئىلمىي ژۇرناللار ئىچىدە تەسىرى چوڭ، نوپۇزلۇق ژۇرناللار بىرقەدەر ئاز؛ كۆپ ساندىكى ژۇرناللارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى كۆزلەنگەن نىشانغا يەتمىگەن؛ ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئالاھىدىلىك روشەن بولماسلىق مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ ژۇرنال تىراژىنىڭ ئاز بولۇشىنى، مەكتەپ مالىيەسىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ژۇرنال سەھىپىسىنىڭ ۋە مەزمۇنىنىڭ ئوخشاش بولۇپ قېلىش مەسىلىسى ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپلا قالماي، ژۇرناللارنىڭ بازارغا يۈزلىنىشىگىمۇ پايدىسىز. قەرەللىك ژۇرناللارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، ئىلمىي ژۇرناللار مەۋجۇت بولۇمەن، تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن چوقۇم ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشتىن تۇتۇش قىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى دەۋرنىڭ مۇھەررىرلەرگە قويغان تەلىپى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي ژۇرنال تەرەققىياتىنىڭمۇ مۇقەررەر تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، ئىلىم سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالاھىدە سەھىپە ئىلمىي ژۇرنالنىڭ رىقابەت كۈچى ۋە تەسىر كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سەۋىيەسى ۋە سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم كۆرسەتكەچكە ئايلاندى.

تۆتىنچى، ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى ئالىي مەكتەپ ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ۋاسىتىسى ۋە كۆۋرۈكى. ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي بايلىقى شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپتىكى ئىختىساسلىقلاردىن، پەن ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى نەزەرىيە ۋە ئەقلىي كۈچ ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا يەنە يەرلىكنىڭ پايدىلىق مەدەنىيەت بايلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشى يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپلا قالماي، يەنە رايونلار مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقىمۇ پايدىلىق.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشنىڭ يوللىرى

ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىش بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەنلا ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى كۆپ تەرەپنىڭ ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. شۇڭا ئالاھىدە سەھىپە بەرپا قىلىشتا مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچى، مۇھەررىرلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەرقانداق بىر ژۇرنالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھەررىر ژۇرنالنى چىقىرىدىغان سۇبيېكت بولۇپ، ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، ماقالە تەكشۈرۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش، تەشۋىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

مۇھەررىرنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئىلمىي ژۇرنال تەھرىراتلىرى مۇھەررىرنىڭ ئۆگىنىشىگە، بولۇپمۇ سىياسىي-نەزەرىيە ئۆگىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى، كەسپىي جەھەتتىن بىلىمىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە، قەرەللىك ھالدا تەربىيەلىنىشىگە مەدەت بېرىشى ھەمدە مۇھەررىرنىڭ ھەر خىل ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىغا قاتنىشىشىغا قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى لازىم. مۇھەررىرلەرمۇ ئاڭلىق ھالدا سىياسىي-نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى، ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە ئاخبارات-نەشرىيات ئىشلىرىغا دائىر قانۇن-نىزاملارنى چۈشىنىشى، تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى مەسئۇل بولۇۋاتقان كەسپكە دائىر ئىلمىي تەتقىقاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، مۇناسىۋەتلىك كەسپلەرگە دائىر ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىغا ھەر ۋاقىت قاتنىشىپ تۇرۇشى، ئۆزى مەسئۇل بولۇۋاتقان كەسپىنىڭ تەتقىقات يۈزلىنىشىنى چۈشىنىشى، شۇ ئاساستا ئالىم تىپىدىكى مۇھەررىرلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى، كۇرسلۇق سەھىپە قۇرۇلۇشىنى ئەۋزەل ئادەم كۈچى بايلىقى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئاپتورلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئالاھىدە سەھىپە يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنى ئۆزىگە تىرەك قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇستۇنلۇكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، ياخشى ماقالىلەر ئاپتورلارنىڭ پائال قاتنىشىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا، ئالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئاپتورلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. ئالاھىدە سەھىپىنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، چوقۇم يۇقىرى سەۋىيەلىك، مۇقىم ئاپتورلار قوشۇنى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: (1) مەكتەپ ئىچىدىكى ئاپتورلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم كۆزنەك. مەكتەپتىكى كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدە سەھىپىسىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتنى ۋاقتىدا ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، مەكتەپنىڭ پەن تەتقىقات كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش-پەن تەتقىقات خادىملىرى ئىلمىي ژۇرنال ئالاھىدە سەھىپىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە مۇقىم ئاپتورلار قوشۇنى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىۋان باھالاشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ سەۋەب تۈپەيلىدىن، مەكتەپ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاپتورلار ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى باشقا يادرولۇق ژۇرناللارغا بەرمەكتە. بۇ مەسىلىگە قارىتا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىغا بولغان مۇئامىلىنى يادرولۇق ژۇرنال مۇئامىلىسىگە كۆتۈرۈپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش-پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنى باشقا يادرولۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرگە ئوخشاش سىياسەت مەدەتتە ۋە پەن تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئىگە قىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىمۇ ئۆزىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا، ئوقۇتۇش-پەن تەتقىقاتقا مۇلازىمەت قىلىش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپتىكى ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشى كېرەك. (2) مەكتەپ سىرتىدىكى ئاپتورلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئالاھىدە سەھىپىنى سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئېچىۋېتىلگەن شەكىلدىكى ژۇرنال باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى تىكلىشى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى ماقالىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشتەك ھاياتىي كۈچى كەمچىل ژۇرنال باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇتەخەسسىسلەر، شۇ ئىلىم ساھەسىدىكى داڭلىق شەخسلەر بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك ماقالىلەرنى

قولغا كەلتۈرۈپ، سەھىپىنىڭ ئىلىم تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئاپتورلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەرقانداق بىر ئاالاھىدە سەھىپىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوقۇرمەنلەر توپى بولمىسا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەھىپىدىن رازى بولۇش-بولماسلىقى، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئاالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەھىپە قۇرۇلۇشىغا قاتنىششىتىكى مۇھىم رولىغا سەل قارىماسلىقى كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئاالاھىدە سەھىپىنىڭ ئىلىم سۈپىتىگە كۆچەپ كاپالەتلىك قىلىپ، ژۇرنالنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى شۇ سەھىپىنىڭ مۇقىم ئاپتورىغا ئايلاندۇرۇپ، سەھىپىنى سۈپەتلىك ماقالە مەنبەسىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاالاھىدە سەھىپىگە بولغان تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۇلار ئىچىدىكى پايدىلىق تەكلىپ-پىكىرلەرنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ ھەمدە ئۇنى ئاالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى جەريانىدا پائال تەتبىقلاپ، ياخشى ھەمتۇرتكىلىك ئايلىنىش مۇھىتى يارىتىشى لازىم.

تۆتىنچى، ماقالە ئىشلىتىش تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماقالىلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا، چوقۇم شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش مۇكەممەل ۋە قېلىپلاشقان تۈزۈم بولۇشى كېرەك. ئۈچ قېتىم ئوقۇپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ئىسمىنى يوشۇرۇپ ئوقۇپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ ماقالىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. پۈرسەت ئادىللىقى بولغان شارائىتتا، ئۈچ قېتىم ئوقۇپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ئىسمىنى يوشۇرۇپ ئوقۇپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئارقىلىق تېخىمۇ سۈپەتلىك ماقالىلەرنى تاللىغىلى بولىدىغان بولۇپ، ئۇ ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، سەرخىل ماقالىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈشكە، ئاالاھىدە سەھىپىنى ياخشى باشقۇرۇشقا پايدىلىق. ئەمما تۈزۈم مۇكەممەل بولمىغان ياكى كەمچىل بولغان شارائىتتا، بىر قىسىم ئىلمىي ژۇرناللاردا ئادەمگەرچىلىك ماقالىسى، مۇناسىۋەت ماقالىسى ئەۋج ئېلىپ، ژۇرنال سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى، ژۇرنالنىڭ خاسلىقى ۋە بازار رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ بولماسلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئاالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، قاتتىق بولغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئاالاھىدە سەھىپىدە ئىشلىتىلىدىغان ماقالىلەرنىڭ ئىلىم سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

بەشىنچى، ئاالاھىدە سەھىپىدە تەتقىق قىلىنىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاالاھىدە سەھىپىدە چوڭ تەتقىقات نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ شۇ سەھىپىگە مەسئۇل مۇھەررىردىن ئاالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ئاالاھىدە سەھىپە چېتىلىدىغان تەتقىقات ساھەسىگە قارىتا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى، يەنى ئاالاھىدە سەھىپە چېتىلىدىغان تەتقىقات ساھەسىنى ئىلمىي تۈرگە ئايرىشنى، ھازىر قايسى مەسىلە تەتقىق قىلىندى، تەتقىقات قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، قايسى تەرەپلەردە تېخى تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى دېگەنلەرنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سەھىپىگە مەسئۇل مۇھەررىرمۇ تەتقىقاتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىنچىكە پىلانلاپ، ئوخشاش بولمىغان تەتقىقات تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، تېخى تەتقىق قىلىنمىغان ياكى تەتقىقات يېتەرلىك بولمىغان تېمىلارغا قارىتا ماقالە تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق تەتقىقاتنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم.

ئىسقىسى، ئاالاھىدە سەھىپە ئىلمىي ژۇرنالنىڭ

ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى، شۇنداقلا بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىلمىي ژۇرنالنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى توغرا تاللاپ، رايون بايلىقى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق قېزىپ، بازار رىقابەت ئېڭى ۋە بازارلاشقان ژۇرنال باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئالاھىدە سەھىپە قۇرۇلۇشى جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلغاندىلا، تەسىس قىلىنغان سەھىپىنىڭ ئالاھىدە ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ، شۇنداقلا ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈپ، ئالاھىدە سەھىپىنىڭ ئورنىنى ۋە يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەسكىن بازار رىقابىتى شارائىتىدا ئەڭ زور مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش بوشلۇقىغا ئىگە بولالايدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. 唐若兰：论高校社科学报特色栏目的设置[J].四川行政学院学报，2011(1).
2. 特色栏目重在建设-地方高校学报走特色办刊之路的再深讨[J].编辑之友，2011(8).
3. 白秀云：论地方高校社科学报特色栏目的建设[J].赤峰学院学报，2009(4).
4. 邓秀林：关于办好特色栏目的几点思考[J].河南工业大学学报（社会科学版），2006(9).
5. 邓崇亮：论民族地区高校学报特色栏目的策划[J].广西民族师范学院学报，2011(8).
6. 韦国友：地方高校社科学报如何打造特色栏目[J]. 百色学院学报，2007(2).
7. 龙协涛：学报百年感言[J]. 山西大学学报（哲学社会科学版），2006(3).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

第 35 卷第 1 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　35-يىللىق 1-سان
2014 年 3 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2014-يىلى 3-ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2014)01 - 123 - 08

# مۇھەررىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا*

ئەنۋەر راخمان

(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. 830049)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەدەبىي تەرجىمە ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغاچقا، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇمۇ تەرجىمانلار ئۈچۈن قايتا ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە، ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى جەريانى ئىككى خىل تىل، ئىككى خىل مەدەنىيەتكە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. مۇھەررىرلەر ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش جەريانىدا ئەدەبىي تەرجىماننىڭ ئەسلىي مەنىنى تەرجىمە تېكىستىدە دەل جايىدا، توغرا، راۋان، تەڭ قىممەتتە ئىپادىلەپ بېرەلىگەن - بېرەلمىگەنلىكىگە، ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قانچىلىك ئېتىبارغا ئالغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: مۇھەررىر؛ ئەدەبىي تەرجىمە؛ مەدەنىيەت ئامىللىرى؛ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش

**摘要**：因为文学翻译属于文学范畴，所以文学翻译家们的文学翻译是再次的创造。在文学翻译的创作工作中，它涉及到两种语言，两种文化的许多因素。翻译作品时，原文的含义适当不适当，内容准确不准确，语言流利不流利，文化特色是如何表达的，这些问题是文学翻译编辑们应该特注重的。本文简要地论述了编辑与文学翻译中的文化因素等内容。

**关键词**:编辑；文学翻译；文化因素；信息交流

**Abstract:** The literary translating is actually a re-created process by translator since literary translation is one of the ways of creating literary works. The literary translation process involves two different languages and different cultural factors. Therefore, a translator should pay enough attention on language accuracy, language fluency and respect the original way of cultural expression and implication. This thesis mainly discusses editing and cultural factors in literary translation.

**Keywords:** literary translation; cultural factors; communication

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G232　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1

ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىيەت بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان. ئەدەبىي تەرجىمە ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغاچقا، ئۇمۇ قايتا ئىجادىيەت جەريانى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە، ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى جەريانى ئىككى خىل تىل ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى ئوخشاش بولمىغان ياكى كۆپ جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتكە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، ئۇلار بىر گەۋدىگە ئايلانغان.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات بىلەن سېلىشتۇرما مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئەدەبىي تەرجىمە جەريانى تەرجىماندىن ھەر ئىككىلا تىلغا پىششىق بولۇشتىن سىرت، يەنە ئوخشاش بولمىغان ياكى ئۆز ئارا پەرقلىق بولغان ئىككى خىل مەدەنىيەت ھەققىدە بىر قەدەر كەڭ، ئەتراپلىق ھەم نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرجىمىنىڭ مەدەنىيەتكە يۈزلىنىشى كۈنسايىن روشەن

*بۇ ماقالە 2013 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاپشۇرۇۋېلىندى.

ئاپتور: ئەنۋەر راخمان (1956 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان) كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، نەشرىياتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ئەدەبىي تەرجىمانلار تەرجىمە خىزمىتى داۋامىدا ئەسلىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇنى يەنە بىر تىلدا ئىپادىلەپ بېرىش جەريانىدا ئەسلىدىكى مەدەنىيەت پۇرىقىنى، تىل ئىشلىتىش ئادەتلىرىنى، تۈرلۈك مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى، ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاق جەۋھەرلىرىنى يوقىتىپ قويماي، ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. مۇشۇ خىل تەقەززانى كۆزدە تۇتقان شۇي چۈن ئەپەندى: «تەرجىمە بەلگە ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ مەنىنى قايتا يارىتىشنى ۋەزىپە قىلغان بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت، ھالقىما مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدۇر» دەپ كۆرسەتتى[1].

ئۆزگىچە مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى جەريانىدا، بىر خىل مەدەنىيەت ئۆزىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى. قوبۇل قىلىشنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنىڭ رولى مۆلچەرلىگۈسىز بولدى. ئېلىمىز مەدەنىيەت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، قەدىمكى زاماندا بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتا؛ يېقىنقى كۆچۈشتىن «4 - ماي» ھەرىكىتى پۈتۈن جۇڭگونى زىلزىلىگە كەلتۈرگىچە بولغان مەزگىللەردە غەربنىڭ زامانىۋى سىياسىي تۈزۈمى، جۇمھۇرىيەت ئەندىزىسى، يېڭى پەن - تېخنىكا، ئاساسىي قانۇن، ماركسىزم ئىدىيەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشتا؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا غەربتىن تىنىمسىز قوبۇل قىلىشتا تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. بولۇپمۇ 21 - ئەسىردە ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى يىلدىن - يىلغا تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەدەنىيەت ئاملى بولغان مەقسەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمە ئۇتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىش - قىلالماسلىق ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ سۈپەتلىك چىقىش - چىقماسلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى تەرجىمە ۋە تەرجىمە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شوغۇللانغۇچىلارغا ئايان بولدى. مەيلى پىشقان ئەدەبىي تەرجىمان ياكى بۇ ساھەگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ئۆگەنچى ئەدەبىي تەرجىمانلار بولسۇن، تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مۇھەررىرلىرى بولسۇن بۇ نوقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەندىلا ئەسلىي ئەسەردىكى مەنىنى چۈشىنىش، توغرا ئىگىلەش ئارقىلىق ھەر بىر سۆز - جۈملىنى توغرا، راۋان، سۈپەتلىك تەرجىمە قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تەرجىمىگە بولغان تونۇشى بىردەك ئەمەس. بىلىش كېرەككى، ئەسلىي ئەسەر ئۈستىگە ئالغان مەزمۇن دەل مەنىگە مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. شۇڭا مەنىنىڭ تەرجىمىدىكى ئورنىنى قانداق بېكىتىش مەسىلىسى يەنىلا ئەسلىي ئەسەرنى توغرا تەرجىمە قىلىش - قىلالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ. تىل ئىقتىدارىنىڭ يادروسى مەنە بولىدۇ. تەرجىمە تارىخى ئۇزۇن، پىشقان تەرجىمانلارمۇ مەنىنى توغرا بېكىتەلمىسە، تەرجىمە سۈپىتىنىڭ ياخشى چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن مەدەنىيەت ئاملى، مەقسەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا ئەدەبىيات تەتقىقاتى، تەرجىمە تەتقىقاتى، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى، مەدەنىيەت ئامىللىرى تەتقىقاتىنى بىردەك تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىنى مەدەنىيەت ئامىللىرى تەتقىقاتىنىڭ ئالاھىدە تىل مۇھىتىغا قويغان ئاساستا سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمانلار، ئەدەبىي تەرجىمە مۇھەررىرلىرى بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىلا تەرجىمىدە مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ گەۋدىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىغا سادىق بولۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ.

2

مۇھەررىرلەر ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش جەريانىدا ئەدەبىي تەرجىماننىڭ ئەسلىي

مەنىنى تەرجىمە تېكىستىدە دەل جايىدا، توغرا، راۋان، تەڭ قىممەتتە ئىپادىلەپ بېرەلىگەن - بېرەلمىگەنلىكىگە، ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قانچىلىك ئېتىبارغا ئالغان - ئالمىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەردە ئالدى بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىدە نامايەن بولىدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل بولۇشى كېرەك.

«مەدەنىيەت» سۆزى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تولىمۇ تونۇش سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تارقىلىش دائىرىسى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن ئادەتتىكى تەشۋىقات چاپلىمىلىرىغىچە كېڭەيگەن[2]. ھەر بىر مەدەنىيەت ئۆز ئىگىلىرىگە نىسبەتەن قىممەتلىك. ھەرقانداق بىر شەخس ئۆزى ياشاۋاتقان ئالاھىدە مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىق ئۇلارنىڭ مىللىي ياكى ئىرقىي كىملىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقى بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك[3]. مەدەنىيەتشۇناس تايلور «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى بېتىدە «كەڭ دائىرىلىك ئېتنوگرافىيەلىك مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ياكى مەدەنىيەتلىك دېگەن ئۇقۇم مۇرەككەپ بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇ بىلىم، ئېتىقاد، ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت، شۇنداقلا ئادەم جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ھەرقانداق ئىقتىدار ۋە ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. »[4] دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھازىر دۇنيادىكى نۇرغۇن يېڭى كۆز قاراش، ئىلغار ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت يېڭىلىقلىرى، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، خىلمۇ خىل ئېقىملار تامامەن تەرجىمە ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ. مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن تەرجىمىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشىنىش ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەلۇمكى، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەرجىمىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىدىن، ئىنتايىن ئاز قىسمى چەت ئەل تىللىرىدىن ئانا تىلىمىزغا بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. خەنزۇ تىلى دۇنياۋى چوڭ تىللارنىڭ بىرى، يەنە ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر تىلىغا بولغان مەدەنىيەت تەسىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەرجىمە ئېھتىياجى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تىل ئوي - پىكىرنى ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم قورال بولغىنىدەك يەنە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم ۋاسىتىسىدۇر. تەرجىمە تىلشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىنسا ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ پرىنسىپى ۋە ئۆلچىمىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە مۇھەررىرلىرىگىمۇ يېڭى تەلەپلەر قويۇلىدۇ.

ئۈچ ئۇر يەتكۈزۈش مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەدەبىي تەرجىمىمۇ ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان بىر خىل مۇھىم قورال بولغاچقا، تەرجىمىنى تىل - يېزىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، نوقۇل سۆز مەنىسىدىكى تەرجىمىدىن مەدەنىيەت ئۇقۇمى مۇجەسسەملەشكەن ئەدەبىي تەرجىمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ھېچ بولمىغاندا، ئىككى خىل تىلغا چېتىلىدىغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى مەسىلىسى ئىكەنلىكى، ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىدە بىر خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى كىشىلەرگە، جۈملىدىن نىسپىي مۇستەقىل مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلققە يەتكۈزۈش جەريانى ئىكەنلىكى تەرجىمانلىرىمىز، مۇھەررىرلىرىمىزمۇ ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش چوڭقۇر ھەم يېتەرلىك بولغاندىلا خىزمەتتە يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە ئەدەبىياتنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلانغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قارالغاچقا، ھازىرقى ئەدەبىي تەرجىمە ئۇقۇمى بىرخىل تىلنى يەنە بىرخىل تىلغا ئالماشتۇرىدىغان تەرجىمە بولۇپلا قالماي، بەلكى بىرخىل مەدەنىيەتنى يەنە بىرخىل مەدەنىيەتكە

ئالماشتۇرىدىغان، قايتا زاھىر قىلىدىغان ۋاستىگە ئايلاندى. بۇنداق ئالماشتۇرۇش، زاھىر قىلىش دەل تىلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «口是心非» دېگەن ماقالنى «ئېغىزىدا ھەسەل بار، قورسىقىدا قىلىچ بار» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت «تىلى شېكەر، دىلى زەھەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغاندىلا، بۇ ماقالنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدا تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئوخشاش تەرجىمە تەتقىقاتىمۇ بىقىندىلىق تەتقىقات ھالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە ئەمەلىيەتتە بىرخىل مەدەنىيەت يەتكۈزۈشكە ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ جانلىق شەرھىسىگە ئايلىنىدۇ، بولۇپمۇ شېئىرىي تەرجىمە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ ھال ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئېستېتىك تۈيغۇسى بىلەن گۈزەل ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك ئەدەبىي تەرجىمە قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تەرجىمان بىلەن ئاپتور ئوتتۇرىسىدا چوقۇم كۆپ تەرەپتىن بىردەكلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا تەرجىمە تېكىستى ئەسلىي ئەسەر تېكىستىنىڭ سەۋىيەسىگە يېتەلەيدۇ ۋە مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە مۇھەررىرمۇ ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى نەزەرگە ئېلىپ تەھرىرلىك قىلىشى لازىم، يەنى سۆزنى ئۆلۈك تەرجىمە قىلىشقا، ئالاھىدە تىل ۋە مەدەنىيەت كونتېكىستىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا يېتەكلىمەسلىكى لازىم. ھەتتا بىر قىسىم مەدەنىيەتكە ئائىت مەزمۇنلار تەرجىمە ئەسەردە توغرا يەتكۈزۈلمىگەنلىكى بايقالسا، مۇھەررىر تەرجىمە ئەسەرنىڭ خاتالىق ـ نۇقسانلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزىتىپ قويۇشى ياكى تەرجىمانغا ئۆزىنىڭ پىكرىنى يېزىپ، ئەسەرنى قايتۇرۇپ، قايتا ئىشلەش ـ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم.

ئەدەبىي تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەدەبىي تەرجىمان ئانا تىلىدىكى يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە، يەنە سىمۋول، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، مۇھىم ۋەقەلەر، ئۆزگىچە يەرلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى شەرھلەش سەۋىيەسىنىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە، يىلدىن ـ يىلغا ئۆستۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا تەرجىمان يەنە ئۆز تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىش، شەرھلەش سەۋىيەسىنىمۇ ئاشۇرۇشى كېرەك. ئەدەبىي تەرجىماننىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ئاپتورنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى بىلەن تەڭ ياكى ئاپتورنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. مۇھەررىرنىڭ نەزەر دائىرىسى ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، بىلىمى تېخىمۇ چوڭقۇر بولمىسا، تەرجىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئەينەن يەتكۈزۈش جەھەتتە تەرجىمان كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقنى يوققا چىقىرىدۇ. يەنى ئەسەرنى چۈشەنمەي تەھرىرلەشتەك خاتالىق سادىر قىلىدۇ.

## 3

ئەدەبىي تەرجىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش نۆۋەتتىكى تەرجىمە خىزمىتىدە، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر دەۋر ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىدىغانلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ئىچىدە خەنزۇ تىلى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى بىۋاستە ئىپادىلەيدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەت ئامىللىرىغا كەلگەندە، ئۇلار يەنىلا تەرجىمىگە مۇھتاج بولىدۇ، چۈنكى تەرجىمە جەريانىدا بۇنداق مەدەنىيەت ئامىللىرى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ ياكى يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تىللار ئارا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەدەنىيەت ئامىللىرىغا مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەنىسىز ئەدەبىي ئىجادىيەت بولمايدۇ. بولۇپمۇ مەنە ئەدەبىي تەرجىمە جەريانىدا يادرولۇق رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى ئەدەبىي تەرجىمىسى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «مىڭبىر كېچە»، «تىنچ دون»، «مەمەت ئاۋاق»، «ئەنىسىز يىللاردىكى نازىنىن»،

«رەزىل كېچىلەر»، «ئۇچىنچى ئىمپېرىيەنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى»، «بوستان»، «گۈلىستان»، «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، «چاك - توزان بېسىققاندا»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، «يۈز يىل غېرىبلىق»، «جىنايەت ۋە جازا»، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «پاقا»، «تولغان ساغرا»، «ساغرا تېرە»، «چالىقۇشى»، «دىيانەت»، «دەھشەتلىك تېھران» قاتارلىق يۈزلىگەن دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەردە تەرجىمانلار مەنىنى توغرا ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان، تەرجىمە تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن مۇھەررىرلەرمۇ تەرجىمانلارنىڭ قىسمەن ھاللاردا مەنىدىن قاچۇرۇپ قويۇش، يەنى ئەسلىي ئەسەردىن چەتنەپ كېتىش، مەزمۇننى توغرا يەتكۈزۈلمەسلىك ھادىسىلىرىنى بايقاپ، ۋاقتىدا تۈزەتكەچكە، نەتىجىدە ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە باشقىدىن جان كىرگەن.

تەرجىمشۇناسلىق ئىلمىي نەزەرىيەنى يېتەكچى قىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە مەنە نەزەرىيەسى بىر تۈرلۈك ئاساسىي تەتقىقات نەزەرىيەسى ھېسابلىنىدۇ. تىل پەلسەپىسى ئىزچىل تىلنىڭ مەنىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەسەر تىلىدىكى مەنە بىر دەۋرنىڭ ئىدىيەۋى ئېقىمىنى بىزگە يەتكۈزىدۇ. ئەدىبلەر، تەرجىمانلار تىل بىلەن دۇنيانى تۇتاشتۇرىدۇ. مۇھەررىر سۆز مەنىسى، جۈملە مەنىسى، ئابزاس مەنىسى، بىر پۈتۈن تېكىست مەنىسىنى چۈشىنىشكە تىرىشمىسا، ئەسەرنىڭ سۈپەتلىك تەھرىرلىنىپ، نەشر قىلىنىشى، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. تەرجىمە تەھرىرلىكى تىل، مەدەنىيەت ھالقىغان ئالاقە پائالىيىتى. مۇھەررىر بىر تىلنى بىلىپ، يەنە بىر تىلنى بىلمىسە، بىر خىل مەدەنىيەتنى بىلىپ، يەنە بىر تىلغا تەۋە مەدەنىيەتنى بىلمىسە، ئۇ ھالدا باشتىن - ئاخىرى يەككە يۆنىلىشلىك ئەسەر تەھرىرلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇتلەق يوسۇندا ئەدەبىي تەرجىمانغا تايىنىپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، خىلمۇ خىل نۇقسانلارغا يول قويىدۇ. تەرجىمە تەھرىرلىكىدە مەنە مەسىلىسى، ئەسەرنى چۈشىنىش مەسىلىسى، مەدەنىيەت مۇھىتىغا كىرىش مەسىلىسى ئوخشاشلا مۇھىم. مۇھەررىر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمىسا، يات مىللەتنىڭ تۇتېمى، ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر خىل دىن، تۈرلۈك قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئائىت مەزمۇنلارنى؛ يەر - جاي ناملىرى، ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى قاتارلىقلارنى پىششىق بىلمىسە ياكى بىلىدىغانلاردىن سوراپ ئۆگەنمىسە، تەرجىمە تەھرىرلىكى داۋامىدا بىلىمسىزلىكى ئاسانلا چېنىپ قالىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر ئانا تىلىدىن باشقا ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتە، ئۆزىنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان ياكى چىقالمايدىغانلىقىنى دەڭسەپ كۆرۈپ بىر قارارغا كېلىشى لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا تەلەپچان، كەمتەر، راستچىل مۇھەررىر بولالايدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتى داۋامىدا مۇھەررىرلەر كەسپىي تەتقىقاتقا كىرىشەلەيدۇ، تىل، گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتەلەيدۇ. ئاپتور، ئەدەبىي تەرجىمان، مۇھەررىردە پىكىر بىرلىكى ئىشقا ئېشىپ، ئاستا - ئاستا مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ تەرجىمە يۆنىلىشى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق يۆنىلىشنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تەرجىمانمۇ، مۇھەررىرمۇ ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزگە مىللەت مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پۇختا ئىگىلەپ ئەدەبىي تەرجىمە، تەرجىمە تەھرىرلىك جەريانىدا ئۇنى ھەقىقىي جايىدا ئىشلىتىشى كېرەك. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «金玉其外败絮其中» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلسا چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى مەنە تەرجىمىسى بويىچە ئۇيغۇر تىلىدا «ئىچى پال - پال، تېشى غال ـ غال» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. «中国梦» نى ئۇيغۇر تىلىغا خەت بويىچە تەرجىمە قىلسا «جۇڭگو چۈشى» بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسى چىقمايدۇ، ئەگەر بۇ يەردىكى «梦» سۆزىنىڭ خەنزۇ تىلىدا «گۈزەل ئارزۇ - ئىستەك»، «ئىزگۈ تىلەك» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «جۇڭگو ئارزۇسى» دەپ تەرجىمە قىلسا، مەنىسى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇخلىماي چۈش كۆرۈش»تەك سەلبىي مەنىسى مۇتلەق چەتكە قېقىلىپ، ئىجابىي مەنىگە ئىگە «جۇڭگو ئارزۇسى» دېگەن مەنە مۇقىملىشىپ، تېخىمۇ

ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىنغانىدا ئاندىن مەدەنىيەت ئامىلىنى ئىككىنچى تىلدا ئالاقىلىشىدىغان كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

4

بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا چەت ئەل تىللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۆزگە تىلغا تەۋە مەدەنىيەتنى پەقەت جانلىق ھەم سۈپەتلىك ئىشلەنگەن ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرى ئارقىلىقلا ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنۇملۇك يەتكۈزگىلى بولىدۇ. باشقا ئەل خەلقلىرى بىلەن كەڭ ـ كۆلەمدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. مول مەدەنىيەت يەنە فىلولوگىيە پەنلىرى (تەرجىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) نىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. چۈنكى مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋىيلىشىش تەسىرىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈش بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى. دۇنيادا ئوخشاش مەدەنىيەت بىلەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھامان ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ خىل مەدەنىيەت بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى تەسىرىگە ئۇچراپ بېرىدۇ، مەدەنىيەتلەر ئالمىشىش داۋامىدا ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن تەرجىمە تەتقىقاتىغا خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەدەبىي تەرجىمىدە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سورۇن ھازىرلاپ بېرىدۇ. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا مەدەنىيەتنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىگىلا ئەمەس باشقا ساھەلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان بىۋاستە نەتىجىلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرۈش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيلىك جەھەتتىكى پەرق ۋە توقۇنۇشلارغىمۇ دىققەت قىلىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش كېرەك. بۇ ئامىللار ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىغا تەسىر يېتىدۇ. بۇلار ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا مەدەنىيەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ راۋان بولىدۇ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مۇھەررىر سىنچىدۇر. ئۇ مەدەنىيەت مەنزىللىرىنى، ھەر بىر ھالقىنى پىششىق بىلگەندىلا ئەسەرنىڭ ئەسلىي تەمىنى ساقلاپ قالالايدۇ، تەرجىماننىڭ يېتەرسىزلىك، خاتالىقىنى ئىجادىي ھەم ئىلمىي يوسۇندا تۈزىتەلەيدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىچىدىكى بىر تارماق مەزمۇن بولغاچقا، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىۋاتقان ۋە ئۆزئارا سىڭىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ تەتقىقات بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. بۇنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ بارغانسېرى يېقىنلىشىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە كەڭ مەنىدىكى يەتكۈزۈش ۋاستىسى كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغاچقا، تەرجىمە تەتقىقاتىنى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا، تىل مۇھىتىغا قويۇپ تەتقىق قىلىش مۇۋاپىق. ئۇ تېخىمۇ كەڭ شەرھلەش ئىقتىدارىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، جۇغراپىيەشۇناسلىق، ۋاستەشۇناسلىق ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىنى يېڭىلاش، ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇمىنى قايتا بەرپا قىلىش تامامەن مۇمكىن. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە، يەنىلا تەرجىمانلار، تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن شوغۇللانغۇچىلار، مۇھەررىرلەر ئەنئەنىۋى قاراشنى يېڭىلاپ، ئىدىيەنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشى، ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئەلچىسى، مەدەنىيەت تارقاتقۇچىسى دەپ تونۇشى لازىم.

5

بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋىيلىشىشى يېڭى خىرىسنى پەيدا قىلىپ، مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنى، پەنلەرنىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. جۈملىدىن تەرجىمىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇيان ئارىلىق پەن بولۇش ھالىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ياخشى ئىلگىرىلەش پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «سادىق بولۇش، راۋان بولۇش، پاساھەتلىك

بولۇش»نى داۋاملىق ئۆلچەم قىلىشقا بولامدۇ -يوق دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، تەرجىمە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى سۆز شەكلىنى ئاساس قىلغان ئۆلۈك، سۆزمۇ سۆز تەرجىمىنى تەدرىجىي ھالدا مەدەنىيەت ئۇقۇمىدىكى جانلىق تەرجىمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە ۋە سېلىشتۇرمىسىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىش - چوڭقۇرلاشماسلىقى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئورنىنىڭ زادى قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى بۈگۈنكى مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ئېتىبارغا ئېلىنىۋاتقان تىل مۇھىتىنى ئۆز - ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەرجىمان مەشھۇر ئەسەرلەرنى تاللايدۇ، تەرجىماننىڭ تاللىشى ئوخشاش بولمىغان تىل، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە باغلىق بولىدۇ. بۇ تەرجىماننىڭ ئاڭ فورماتسىيە ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە زوقلىنىش ئىقتىدارى ئۈچۈن پائال رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش رولى روشەن بولىدۇ، بۇ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنى تولۇقلايدۇ. ئەمما بۇنداق تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش ھەرگىزمۇ تىل - يېزىقنىڭ قاتلىمى جەھەتتىنلا ئادەتتىكىچە، مېخانىك يوسۇندا بايان قىلىنسا بولمايدۇ، چۈنكى مەدەنىيەت تەتقىقاتى رايون مەدەنىيىتىنى، ئۆزگىچە پەنلەرنى ۋە سەنئەت تۈرلىرىنى ئۆز ئارا سۆزلىتىدىغان بىر ئاساسىي نۇقتا بولىدۇ.

مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىيەتنىڭ چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماي، يەنە ئارىلىق پەنلەر بىلەن مەركىزىي پەننىڭ تەبىئىي توسىقىنىمۇ تۈگىتىدۇ. بۇ ئارىلىق پەن دائىرىسىدە تۇرغان مەدەنىيەتنى، ئەدەبىياتنى ئۆزگە مىللەت، ئۆزگە رايونلارغا يۈزلەندۈرىدۇ. پەن نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا تايىنىدۇ. ھەتتا بەزى پەنلەردە تەرجىمىگە ئورۇنمۇ بېرىلمەيدۇ، ئەمما مەدەنىيەت تەتقىقاتى تىلشۇناسلىق بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تەبىئىي پەرقىنى بۇزۇپ تاشلىغاچقا، يەنىلا ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئورنى بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كەڭ مەدەنىيەت تىل مۇھىتىغا قويۇشقا بولىدۇ. مەدەنىيەت تەرجىمىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پەقەت تىلنىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارىغا تايىنىپلا بىر خىل مەدەنىيەتنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەتكە تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بارلىق ۋەزىپىنى تاماملىغىلى بولمايدۇ، بۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، تىلنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، نوقۇل تىل قاتلىمىدىكى بايانىدىن مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى شەرھلەشكە ئۆتۈش كېرەك. مەسىلەن خەنزۇ تىلىدىكى «挂羊头，买猪肉» نى «قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتماق» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ «قوي كاللىسى ئېسىپ قويۇپ، چوشقا گۆشى سېتىش» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. نۆۋەتتە، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ چېكى ۋە ئىقتىدارى توغرىسىدا نۇرغۇن كۆز قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بىز چىقارغان يەكۈن شۇكى، ئەدەبىي تەرجىمە ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئەدەبىي تەرجىمە ئارقىلىق تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىدۇ.

ھەرقانداق ئەدەبىي تەرجىمىدە سۆز بىلەن سۆزنى ئۇدۇللا بىر - بىرىگە توغرىلاپ قويۇش ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت قاتلام نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەسلىي ئەسەردىكى مەنىنى شەرھلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ؛ ھەربىر تەرجىماننىڭ تەرجىمە مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ خاس كۆز قارىشى بولىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەسلىي ئەسەردىكى مەنىنى توغرا يەتكۈزۈپ بېرىشتۇر. چۈنكى ئەسەر ھامان نازۇك مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەگەر تەرجىمان خەت مەنىسىگىلا ئېسىلىۋېلىپ مەدەنىيەت مەنىسىگە، سىمۋوللۇق مەنىنىڭ ئەسلىي

ئەسەردىكى ئىپادىلىنىشكە سادىق بولمىسا، بۇنداق ئەدەبىي تەرجىمىنى ئەدەبىي تەرجىمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھىي ماھىيىتىگە ۋە ئۇسلۇبىغا سادىق بولۇش تەلپىي ئەدەبىي تەرجىمان بىلەن ئەدەبىي مۇھەررىرگە ئوخشاشلا قويۇلىدۇ.

كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىۋاتقان بۇنداق پەيتتە، تەرجىمە كۆندىلىك ئالاقىلىشىش رولىنى ئوينايدۇ، تۈرلۈك تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزگىچە مەدەنىيەتلەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەردە، كۆندىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تەرجىمىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ئورنىنى تەرجىمە ماشىنىسى ئالالمايدۇ، ئېلېكترونلۇق تەرجىمە، ئاپتوماتلاشقان كوررېكتورلۇق يەنىلا ئادەم مېڭىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، پەقەت ئادەملا مەدەنىيەت بىلەن نەزەرىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى بىلىپ يېتەلەيدۇ، شۇڭا مۇھەررىرلەر، تەرجىمانلارلا تەرجىمىنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ، بۇنداق ھۆكۈم ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى نۇقتىسىدىن چىقىرىلسا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ.

مۇھەررىر ئۆزىنى مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ ئىچىگە قويۇپ، يېڭى كۆرۈش نۇقتىسى بىلەن تەرجىمىگە قارىشى، تەرجىمىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىزچىللىقىغا سادىق بولۇشى، تەرجىمە جەريانىدىكى سۆز قوشۇش، سۆز كېمەيتىش، ئۇدۇل تەرجىمە ۋە مەنە تەرجىمە قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنى تولۇق ئانالىز قىلىشى لازىم. مېنىڭچە، يۇقىرىدىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىنىدىغانلا بولسا، مۇھەررىرلەر بىلەن ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىدە كۆرۈلىدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قايتىدىن باشقا تىلدا جۇلالاندۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ليۇ بىچىڭ: «تەرجىمە ئېستېتىكىسىغا مۇقەددىمە»[M] ، بېيجىڭ، جۇڭگو نەشرىيات مېدىيە پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى، جۇڭگو چەت ئەل تەرجىمە نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، 2013 ـ يىلى5 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 37 ـ بەت

[2] [3] ساۋۇت پاۋان: «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسىدىكى ‹مەدەنىيەت› ئۇقۇمى ھەققىدە»[J]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ سان 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ بەت.

[6] Tylor, E. B. 1871. Primitive Culture, London:John Muray, vol. I,p. 1

## پايدىلانمىلار

1. شېرىنگۈل سۇلايمان: «تەھرىرلىكتىكى تىل ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلەيلى»[J]، زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى، 2007 ـ يىلى 1 ـ سان، 76 ـ بەت.
2. قەلبىنۇر ھېزىم: «تەرجىمە ئېستېتىكىسى ۋە تىل گۈزەللىكى»[J]، زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى، 2007 ـ يىلى 3 ـ سان، 54 ـ بەت.
3. ئابدۇشۈكۈر راشىدىن: «مۇھەررىرلەرنىڭ ئېستېتىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش»[J]، زامانىمىز ئاخباراتچىلىقى، 2007 ـ يىلى 3 ـ سان، 79 ـ بەت.
4. مۇھەممەت شاۋدۇن: «تەھرىرلىك ئىلمى ۋە تەھرىرلىك سەنئىتى»[M] شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى. 143 ـ، 162 ـ، 207 ـ، 245 ـ، 455 ـ بەتلەر.

جاۋابكار مۇھەررىرى:ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 131 ـ 01(2014) 5878 ـ 1005

# ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور، ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدا*

نەبىجان مەھمۇد

(«شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830011)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش جەريانىدا، ئاپتور، مۇھەررىر، ئوقۇرمەنلەر بىرلىشىپ بىر مۇكەممەل تارقىتىش زەنجىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇھەررىر، ئاپتور، ئوقۇرمەن ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋەتتە، مۇھەررىر ۋاستىچى ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى چەكلىيدۇ، بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ، بىرى كەم بولسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش ھەم تېخىمۇ ياخشىلاش ـــ تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور، ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى؛ ھەمتۇرتكىلىك؛ ياخشىلاش

**摘要**：在高校学报的编辑、出版、发行过程中，作者 — 编者 — 读者共同构成了一个完整的传播链。在编者、作者、读者及其互动关系中，编者处于中介地者、读者三者的互动关系直接影响着学报的生存和发展。三者和谐、良性互动则学报兴，反之，三者关系扭曲，则无法办出高质量的学报，甚至会难以为继。因此，编辑工作的一个很重要的任务就是正确处理并优化这三者之间的关系。优化三者互动关系，关键是要发挥编者的主观能动性，尊重作者的创造性，适应读者阅读的广泛性，促使三者形成合力，共同促进高校学报的发展。

**关键词**：高校学报；互动；改善

**Abstract:** The relation among writer --- editor --- reader is essential during the editing and publishing processes of university journal. In this relationship, the editor plays a role as bridge between writer and reader. A healthy and harmonious relationship between them can be seen as a key factor of the existence and development of university journal. Otherwise the journal cannot survive. Therefore, the editor's primary job should be correctly balance this relationship and optimizes the relationship. To do so, an editor must respect the writer's perspective, meanwhile adapt the writing style according to the readers' universality.

**Keywords:** university journal; interactive; improve

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G232 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ـــ ئىلمىي ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان مۇھىم ۋاستە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم كۆزنەك، ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك، ئىختىساسلىقلارنى بايقايدىغان ھەم يېتىشتۈرىدىغان

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** نەبىجان مەھمۇد ( 1967ـ يىلى 3ـ ئايدا تۇغۇلغان ) كاندىدات ئالىي مۇھەررىر. ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇھىم بازا، مەكتەپنىڭ شانلىق ئوبرازى ھەم داڭلىق ماركىسىنى يارىتىدىغان مۇھىم يول بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات خىزمىتىنى ۋە ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. دېمەك، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ پۈتكۈل مەكتەپ خىزمىتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئەنە شۇنداق مۇھىم ئورنى ۋە رولى ئۇنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور، ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە تىكلىنىدۇ، جارى بولىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھەررىر، ئاپتور، ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش، مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىش ۋە تېخىمۇ ياخشىلاش، شۇ ئارقىلىق بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور، ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە مۇلاھىزە

### 1) مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋىتى

بىزگە مەلۇم، مۇھەررىر ئىجادىيەت سەمەرىلىرىنى تارقاتقۇچى، قايتا پىششىقلاپ ئىشلەشكە ھەتتا ئىجاد قىلىشقا تەشكىللىگۈچى، ئاپتورلار بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغۇچى. ئاپتور بولسا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۇبيېكتى، ماقالە ـ ئەسەرلەردىن ئىبارەت مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى، ژۇرنالنىڭ تۈۋرۈكى ھەم ھاياتىي كۈچى. ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى نەشر قىلىش سىستېمىسىدىكى ئەڭ ئاكتىپ ئىككى ئامىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ ھەمدە بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتەك ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

### 2) مۇھەررىرنىڭ ئاپتورغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

مۇھەررىرنىڭ ئاپتورغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى يەنى رولى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ :

(1) مۇھەررىر ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ. ئادەتتە، مۇھەررىر ئۆز ژۇرنىلىدا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ماقالە قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقىغا دائىر ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش، ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش، تەھرىرلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ماقالىنى قايتا تۈزىتىش ياكى قايتۇرۇش پىكرى يېزىش ۋە ياكى ئاپتور بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ، ماقالىدە ساقلانغان نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىش، كونكرېت تۈزىتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئاپتورنى داۋاملىق تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق، ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ھەۋىسىنىڭ يېتىلىشىگە، كۈچىيىشىگە ھەمدە يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تۈرتكە بولىدۇ.

(2) مۇھەررىر ئاپتورنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتىگە بولغان نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بىزگە مەلۇم، تەھرىر بۆلۈم ھەرخىل پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى يىغىپ تارقىتىش بازىسى، مۇھەررىر بولسا ئەشۇ ئۇچۇرلارغا ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ تېز ئېرىشكۈچى. مۇھەررىر ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئاپتورلار يازغان ماقالىلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئوخشىمىغان ساھە، ئوخشىمىغان كەسىپلەر تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى يۈزلىنىش، ئەڭ يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى، ئەڭ يېڭى نەتىجىلەرنى ئىگىلەپ تۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاپتورلارنىڭ بولۇپمۇ ياش ئاپتورلارنىڭ كەسىپ ۋە بىلىم سەۋىيە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ جەھەتتىكى بىلىش دائىرىسى تارراق ھەم تېيىزرەك، پەن تەتقىقات

خىزمىتى تەجرىبىسى كەمچىلرەك بولىدۇ. مۇھەررىر ئاپتورلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئۇچۇر ئىگىلەشتىكى ئەۋزەللىكى ۋە «بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇش» تەك ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە باشقا ئاپتورلارنىڭ تەتقىقات تەپەككۇرى، تەتقىقات مېتودى، مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئىلمىي قىممەت يارىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئاپتورلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، پەن تەتقىقات خىزمىتىگە بولغان نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى توغرا بەلگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

(3) مۇھەررىر ئاپتورنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ رولى يالغۇز پەن تەتقىقات خادىملىرىغا مۇلازىمەت قىلىشلا بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى توغرا بەلگىلىشىگە ۋە پەن تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتۇر. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئاپتورلارنى ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپلەردىكى جەلپكار نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىلارغا دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىگىلەپ، تەتقىقات يۆنىلىشىنى مۇناسىپ ھالدا تەڭشەپ، تەكرار تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەررىرنىڭ ئەتراپلىق پىلانلىشى، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى ۋە بىۋاستە ئىشتىراك قىلىشى نەتىجىسىدە رويابقا چىقىدۇ. دېمەك، مۇھەررىر ئاپتورنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەتقىقات جەريانى ۋە نەتىجىسىنى نادىرلاش رولىنى ئوينايدۇ.

(4) مۇھەررىر ئاپتوردا ئەستايىدىل ھەم ئېھتىياتچان بولۇشتەك ئىلمىي روھنى يېتىلدۈرىدۇ. كەسپداشلارغا مەلۇمكى، بىر پارچە نادىر ئىلمىي ماقالە جۇملىدىن پەن - تېخنىكا ئەسىرى پايدىلانمىلارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈش، تەجرىبىنى لايىھەلەش، تەتقىقات لايىھەسىنى يولغا قويۇش، نەتىجىنى مۇلاھىزە - مۇھاكىمە قىلىش، يېزىش ۋە تۈزىتىش قاتارلىق بىرقاتار جەريانلار ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ. مەن ئۇزۇن يىللىق مۇھەررىرلىك ھاياتىمدا، كۆپ ساندىكى ئاپتورلارنىڭ كەسپىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەم بۇ جەھەتتە مۇئەييەن ئۇتۇق قازانغان نوپۇز ئىگىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە يازغان ئىلمىي ماقالە - ئەسەرلىرىدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە، جۈملىدىن ماقالىنىڭ ئىجادىيلىقى، ئىلمىيلىكى، قۇرۇلمىسى ۋە تىلى قاتارلىق تەرەپلەردە ئاز بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ ئەستايىدىل ھەم ئېھتىياتچان بولۇشتەك ئىلمىي روھنىڭ كەمچىللىكى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. دېمەك، مۇھەررىرنىڭ ھەربىر پارچە ماقالىنى قوبۇل قىلىش، تەكشۈرۈشكە يوللاش، تەھرىرلەش، سېلىشتۇرۇش ۋە باسمىغا يوللاش جەريانىدىكى باشقا كەسپتىكىلەردە كەم تېپىلىدىغان ئەستايىدىللىقى ھەمدە ئاپتورغا، ژۇرنالغا ۋە ئوقۇرمەنلەرگە مەسئۇل بولۇشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بۇ ئىشلارنىڭ شاھىدى بولغان ئاپتورلارغا بولۇپمۇ ياش ئاپتورلارغا تەدرىجىي ھالدا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا ئەستايىدىل ھەم ئېھتىياتچان بولۇشتەك ئىلمىي روھنىڭ يېتىلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

(5) مۇھەررىر مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنى بايقايدۇ، يېتىشتۈرىدۇ ۋە تونۇتىدۇ. مۇھەررىرنىڭ «نامسىز قەھرىمانلىقى» ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش ۋە تونۇتۇش يولىدا قىلغان خالىس ئەمگىكىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مۇھەررىر ئاپتورلارنىڭ ماقالە ئەسەرلىرىنى كۆرۈش، بىۋاستە ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، يوشۇرۇن تالانتقا ئىگە مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنى بايقاش بىلەن بىرگە، ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، تەكلىپ قىلىش يولى بىلەن، ئاپتورلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ۋە پەن تەتقىقات ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئوقۇرمەنلەر مۇھەررىر «ئىسكەتلەپ» ئېلان قىلغان ماقالىلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئەشۇ ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ

تەتقىقات يۆنىلىشى، تەتقىقات چوڭقۇرلۇقى، تەتقىقات نەتىجىسىدىن خەۋەردار بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، كەسپىي سەۋىيەسى، ئىلمىي ئىدىيەسى ھەم ئەخلاقىغا باھا بېرىدۇ. دېمەك، ئاپتور مۇھەررىرنىڭ ياردىمىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز كەسپىدىكى ئىلمىي ئورنىنى تەدرىجىي تىكلەيدۇ. مۇھەررىرمۇ مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش ۋە تونۇتۇش ئارقىلىق، ژۇرنالنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىنى زورايتىپ، كۆلەملەشتۈرۈپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، ماقالە مەنبەسىنى بېيىتىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولىدۇ.

**3) ئاپتورنىڭ مۇھەررىرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى**

(1) مۇھەررىرنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى چەكلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى مۇھەررىرلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ئۇلار نەشر قىلغان ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتورلارنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ۋە نامايان قىلىشتىكى مۇھىم «ئىلمىي كۆزنەك» ھېسابلىنىدىغان ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى ئاپتورلارنىڭ پەن تەتقىقات سەۋىيەسى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئاپتورلىرىنىڭ يېزىقچىلىق يارىتىش قابىلىيىتى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋىيەسى مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى بەلگىلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى ئىجادچانلىقى ئاپتورلارنىڭ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەن تەتقىقاتىدىكى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ يېتەكلىشىگە ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئاپتورلارنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ پىشىش دەرىجىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئاپتورلارنىڭ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھەررىرلەرنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدە چەكلىملىك بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى مۇھەررىرلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى باھالاشتىكى ئومۇملاشقان ئۇسۇل بولسا ئۇلارنىڭ ئاپتورلارغا ئەڭ تېز، ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا، يۇقىرى سەۋىيەلىك پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكىغا دائىر زور ۋەقەلەرنى ئەڭ دەسلەپ خەۋەر قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراشتۇر. ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق يارىتىش ئېڭى، يوشۇرۇن قابىلىيىتى ۋە يېزىقچىلىق يارىتىش ئۈنۈمى مۇھەررىرنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ژۇرناللار ۋە مۇھەررىرلەر ئارا رىقابەتمۇ ئاساسلىقى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاپتورلار بايلىقىنى تالىشىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، بىر يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلمىي مۇھەررىر يۇقىرى ساپالىق ئاپتورنى بايقاش ئارقىلىق، ئۇنى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى كەسكىن رىقابەتتە ئۇتۇق ھەم شەرەپكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ؛ بىر يۇقىرى ساپالىق ئاپتورمۇ ئوخشاشلا بىر ئىلمىي مۇھەررىرنىڭ داڭقىنى چىقىرالايدۇ. ئىلىم ـ پەن تارىخىدا، مۇھەررىرلەردىن مەلۇم بىرخىل مۇھىم ئىلمىي بايقاش ۋە كەشپىيات بىلەن بىرلىكتە تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى جەريانىنى ئالىملار (ئاپتورلار) بىلەن مۇھەررىرلەردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق غەلىبە قازىنىش جەريانى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

(2) تەھرىرلىك مەدەنىيىتى ـ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە، تەھرىرلىك خىزمىتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن مۇھىم تاللاش، ماسلاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، تەھرىرلىك مەدەنىيىتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئەڭ مۇھىم تارماق سىستېمىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى تەھرىرلىك مەدەنىيىتى — ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى نەشر قىلىش سىستېمىسىنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى تەھرىرلىك خىزمىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلاشتۇرۇشقا تايىنىش ۋە ئۇنى قوللاش ئارقىلىق، مۇھەررىرلەرنىڭ كونكرېت خىزمەت نىشانى

ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان تەھرىرلىك ئېڭى، تەھرىرلىك پىسخىكىسى ۋە تەھرىرلىك قىممەت قارىشى قاتارلىقلار ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئاپتورلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئاپتورلارنىڭ مۇھەررىرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ : بىر تەرەپتىن، تەھرىرلىك خىزمىتى يوشۇرۇنلۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا، مۇھەررىرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشكە بولغان پىسخىكىلىق ئېھتىياجى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئاپتور دەل مۇھەررىرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت زەنجىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئاپتورنىڭ مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكىنى ئېتىراپ قىلىشى ئەڭ ئاساسلىق شۇنداقلا ئەڭ بىۋاستە ئېتىراپ قىلىش، دەپ قارىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچى پەۋقۇلئاددە ئاجىز بولغان، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىلھام بۇلىقى قۇرۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي مۇھىتتا، تەھرىرلىك مەدەنىيىتىدىن قىلچە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئاپتورنىڭ يۇقىرى ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن تەھرىرلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. يەنە كېلىپ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت مۇجەسسەملەنگەن تەھرىرلىك مەدەنىيىتى جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادچانلىقىنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

**4) مۇھەررىر بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋىتى**

ئادەتتىكى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇرمەن — مۇئەييەن ئوقۇش ئېھتىياجىغا ۋە ئوقۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي توپنى، شۇنداقلا نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئىستېمالچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تەھرىرلىك ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئوقۇرمەن نەشر بۇيۇملىرىنى ئوقۇغۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنى سېتىۋالغۇچىدۇر. نەشر بۇيۇملىرى بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدا دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇپ، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ سانى قانچە ئاشسا، ئوقۇرمەنلەر توپىمۇ شۇنچە كېڭىيىدۇ ھەمدە يېڭى ئوقۇرمەنلەر توپى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىدۇ؛ ئوقۇرمەنلەر توپىنىڭ كېڭىيىشى نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ نەشر بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇخىل ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش نەتىجىسىدە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مۇھىتى شەكىللىنىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇئەييەن ئوقۇرمەنلەر توپى بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى ۋە قىممىتى بولىدۇ، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت سەمەرىسى ۋە مۇھەررىرنىڭ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەجرىمۇ ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. دېمەك، ئوقۇرمەن — ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم سۇبيېكت بولۇپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجى ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق، مۇھەررىرنىڭ تەھرىرلىك قىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدە، مۇھەررىر بىلەن ئوقۇرمەن بىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش سۇبيېكتلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بۇ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ :

(1) تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ مەقسىتى - ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش. بىزگە مەلۇم، ماقالە - ئەسەرنى ئاپتور يازىدۇ، مۇھەررىر تەھرىرلەيدۇ، ئوقۇرمەن ئوقۇيدۇ ( ئىستېمال قىلىدۇ ). ئىستېمال - ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى — نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىشنىڭ، شۇنداقلا تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. دېمىسىمۇ ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ، ئاپتورلار بۇخىل ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ماقالە - ئەسەرلەرنى يازىدۇ، مۇھەررىرلەر ئۇلارنى تەھرىرلەپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەھرىلىنىشىگە سۇنىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ دەسلەپكى ئوقۇش ئېھتىياجى قانغاندىن كېيىن، يەنە يېڭىدىن يېڭى ئوقۇش ئېھتىياجلىرى تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ۋە ئېشىپ بېرىشى ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ، مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوقۇرمەنلەر تەھرىرلىك خىزمىتىگە باشتىن ئاخىر تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ تېما تاللىشىمۇ ئەمەلىيەتتە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن ماقالە - ئەسەرلەرلا ھەقىقىي ئېلان قىلىش قىممىتىگە، بازارغا ئىگە بولالايدۇ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدۇ.

(2) ئوقۇرمەن يېڭى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىپ ۋە يارىتىپ، مۇھەررىرنىڭ خىزمىتىنى يېڭى بوشلۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىزگە مەلۇم، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى باشقا تۈردىكى ژۇرناللارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىجتىمائىي يېتەكلەشچانلىققا، ئىلمىيلىككە ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتكە ئاساسىي قىممەت قارىشىنى تارقاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنى تارقىتىدۇ. ھالبۇكى، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ بۇخىل ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى ئاساسلىقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشى ۋە تارقىتىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. يەنى ئوقۇرمەنلەر ئىلمىي ژۇرناللارنى ئوقۇش ئارقىلىق كۆپلىگەن مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئەشۇ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى يەنە كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتورلار ماقالە - ئەسەرلەرنى يازغاندا، مۇھەررىرلەر تەھرىرلىگەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، قىزىقىشىنى قوزغاش ۋە قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشنى نىشان قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئويلىنىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش بوشلۇقى قالدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەر نوقۇل ھالدا ماقالە - ئەسەرلەرنى ئوقۇپ پايدىلانغۇچىدىن باھالىغۇچىغا ھەتتا تەھرىرلىك خىزمىتىگە ۋاسىتىلىق ئىشتىراك قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ - دە، مۇھەررىرلەرنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاپ، ژۇرنال باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شەكلىنى رەڭدارلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

**5) ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋىتى**

ئادەتتە، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ ئاپتورلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇھەررىرلەر بىلەن ئاپتورلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولغاچقا، ئانچە دىققەت-ئېتىبارنى قوزغىمايدۇ. ئەمما، تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدە، ئاپتورلار بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىش تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۇنى ئىلمىيلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇددى ماقالىنىڭ بېشىدا شەرھلەنگىنىدەك، ئاپتور مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۇبيېكتى، ماقالە ئەسەرلەردىن ئىبارەت مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى. ئوقۇرمەن ئەشۇ مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىستېمال قىلغۇچى، ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەر ياراتقان ئەمگەك قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى. بۇ تەبىردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا ئاساسلىقى ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تايىنىدۇ، ئاپتورلار ياراتقان مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا، ئىستېمال قىلىشىغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن ئۆز قىممىتىنى تاپالايدۇ. ئوقۇرمەنلەر ھەرخىل ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش، بىلىم سەۋىيەسى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش، مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەنكى ئاپتورلارنىڭ ماقالە - ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇرمەنلىرى ھەم ئوقۇرمەن ھەم ئاپتور بولۇشتەك قوش سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ. دېمەك،

ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن بىر - بىرىگە تايىنىدۇ، بىر - بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە

### 1) مۇھەررىر بىلەن ئاپتورنىڭ ھەمتۈرتكىلىك مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش

(1) مۇھەررىرلەر ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكىگە ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. مۇھەررىرلەر ئاپتورلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىرتەرەپ قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى ئاپتورلارغا ھۆرمەت قىلىشى، مەيلى ئۇلار پېشقەدەم ئاپتور ياكى ياش ئاپتور، ئاساسلىق ئاپتور ياكى ئادەتتىكى ئاپتور، مەكتەپ ئىچىدىكى ئاپتور ياكى مەكتەپ سىرتىدىكى ئاپتور بولسۇن، ھەممىسىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۆيۈنۈشى لازىم. ئاپتورلارغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسلىقى ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكىگە ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ، مۇھەررىرلەردىن «ئادەمنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا ۋە «ھەم ئىلىم - پەنگە ھەم ئاپتورغا ھۆرمەت قىلىش»، «ماقالە - ئەسەر ئالدىدا ھەممە ئاپتور باراۋەر بولۇش» تەك تەھرىرلىك پرىنسىپىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، قوبۇل قىلىنغان ھەربىر پارچە ماقالە - ئەسەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئوبيېكتىپ باھا بېرىشنى؛ ماقالە - ئەسەرلەرنى تاللاشتا، ئاپتورنىڭ نوپۇزىغا ئەمەس، بەلكى ماقالە - ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە قاراشنى؛ ماقالە - ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتە، ئاپتورنىڭ قارىشى، تەپەككۇر يولى، نەزەرىيەۋى ئاساسى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى قاتارلىقلارغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزگەرتىسىمۇ، ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدىغان جايلارنى ئۆزگەرتمەي، ئامال بار ئاپتورنىڭ ئەسلىي قارىشى ۋە ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشنى؛ ئاپتورلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغدىغاندىن سىرت يەنە ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كەسپداشلارغا ئايانكى، تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدە بەزىدە ئاپتورنىڭ ئەسەر ھوقۇقى بىلەن مۇھەررىرنىڭ تۈزىتىش ھوقۇقى بىر - بىرىگە زىت كېلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ قالىدۇ. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەگەر مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۈزىتىش ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىنى خالىغانچە ياكى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتسە، ئۇ ھالدا بۇ ئاپتورنىڭ ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرلەر بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

(2) مۇھەررىرلەر ھېسسىيات سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتورلار بىلەن ئالاقىلىشىش - پىكىرلىشىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. مۇھەررىرلەر ئاپتورلارنىڭ پۈتكۈل ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «ئاپتور — ژۇرنالنىڭ بايلىقى، تۈۋرۈكى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى» دېيىدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئاپتورلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىشى؛ پاسسىپ ھالدا ئاپتورلارنىڭ ماقالە - ئەسەر ئەۋەتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئاكتىپ ھالدا ئاساسىي قاتلامغا - ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، ئاپتورلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئىگىلىشى، قەلب ساداسىغا قۇلاق سېلىشى ؛ ئاپتورلارغا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ نۆۋەتتىكى تېماتىك پىلانىنى تونۇشتۇرۇشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى يەتكۈزۈشى ھەمدە شۇ ئاساستا ماقالە - ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇشى؛ ئاپتورلار بىلەن ئىلمىي ژۇرنال خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە پىكىر ئالماشتۇرۇشى؛ تەھرىر بۆلۈمىگە ماقالە - ئەسەر

ئەۋەتكەن ياكى ئەكەلگەن ئاپتورلارغا بولۇپمۇ يېڭى ئاپتورلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشى، ماقالە ـ ئەسىرى ئېلان قىلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا داۋاملىق يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولسا تۈزىتىش پىكرىنى يېزىشى ياكى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئەگەر قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولسا قايتۇرۇش سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى، ھەرگىزمۇ ماقالە ـ ئەسەر بىلەن تەڭ ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق رايىنىمۇ قايتۇرۇۋەتمەسلىكى؛ ئاپتورلار بىلەن پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلگەندە، ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، باراۋەرلىك ئاساسىدا كېڭىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىختىلاپنى تۈگىتىشى؛ قىسقىسى، ئۆزىنىڭ ئېسىل كەسپىي ئەخلاقى ۋە يۇقىرى ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئارقىلىق، ئاپتورلارغا تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلار بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا ئىگە بولغان يولداشلارچە ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى لازىم.

(3) مۇھەررىرلەر ئاپتورلارنى بايقاش، تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چوڭقۇر نەزەرىيەۋى بىلىمگە، مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ۋە كۈچلۈك يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئاپتورلار قوشۇنى ژۇرنالنىڭ تۈۋرۈكى. ئۇلارنى بايقاش، تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈش مۇھەررىرلەرنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىرلەردە مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنى بايقايدىغان ئۆتكۈر كۆز، تاللايدىغان سەگەك كاللا، يېتىشتۈرىدىغان خالىس نىيەت ۋە ئۇنى روياپقا چىقىرىدىغان كۈچلۈك ئىرادىنىڭ بولمىقى تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭا، مۇھەررىرلەر ئۆز بۇرچىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ژۇرنالغا، جۈملىدىن ژۇرنالنىڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىگە مەسئۇل بولۇشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئاپتورلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ جەھەتتە «شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللاندۇق: بىرىنچىدىن، ژۇرنىلىمىزدا «تېببىي پەن يېزىقچىلىقى»، «تېببىي ئاتالغۇ تەتقىقاتى»، «كىچىك لۇغەت» قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا تېببىي پەن ماقالە ـ ئەسەرلىرى يېزىقچىلىقىغا، تېببىي ئاتالغۇشۇناسلىققا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە تېببىي ئاتالغۇلارنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتىنى ئېلان قىلىپ، ئاپتورلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكلىدۇق؛ ئىككىنچىدىن، ئىلمىي ماقالە يېزىشقا قىزىقىدىغان، ئەمما ئۇنىڭ ماھارەتلىرىنى ئانچە پىششىق بىلمەيدىغان ئاپتورلارنى ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، تەھرىرلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇلارنى پەيدىنپەي ماقالە يېزىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىدۇق؛ ئۈچىنچىدىن، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تېببىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرى يېزىقچىلىقى ھەققىدە لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى تېببىي خادىملارنى يېزىقچىلىق ماھارىتى بويىچە تەربىيەلىدۇق؛ ژۇرنىلىمىزنىڭ ماقالە قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى كونكرېت تەلەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ژۇرنىلىمىزغا پائال تۈردە ماقالە ئەۋەتىشكە رىغبەتلەندۈردۇق ھەمدە ئۇلارنىڭ سەۋىيەسى تۆۋەنرەك ماقالىلىرىنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەپ ئېلان قىلىپ، ئاپتورلىرىمىز سېپىگە كىرىشكە «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەردۇق. بۇ ئۇسۇلىمىز ياخشى ئۈنۈم بەردى. ئاپتورلىرىمىزنىڭ سانى كۆپىيىپ، ساپاسى ئۆسۈپ، مۇئەييەن كۆلەم شەكىللەندى. ژۇرنىلىمىزنىڭ ماقالە مەنبەسى كېڭىيىپ، ماقالىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش نىسبىتى يۇقىرىلاپ، ئىلمىي سۈپىتى تېخىمۇ ئۆستى.

**2) مۇھەررىر بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش**

«بىز ــ جۇڭگو مۇھەررىرلىرى» ناملىق ئەسەردە : « بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ سىردىشى، ئوقۇرمەنلەر ئويلىغاننى ئويلايمىز، ئالدىرىغاننى ئالدىرايمىز. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرى بىز ئۈچۈن ئاۋازسىز بۇيرۇق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ــ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز، ئوقۇرمەنلەرنىڭ

ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن مۇلازىمەت قىلىش بىزنىڭ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتىمىزنىڭ ناماياندىسى» دېيىش ئارقىلىق، مۇھەررىرلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك مۇناسىۋەت ناھايىتى جانلىق شەرھلەپ بېرىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇھەررىرلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا، مۇھەررىرلەر بۇخىل مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش ياكى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، ئۇلارغا ماسلىشىشى، ھەممىدە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلىشى، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

(1) مۇھەررىرلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىرلەر بىرىنچىدىن، كىشىلىك مۇناسىۋەت قابىلىيىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن پىكىرلىشىشكە، ئۇلارنىڭ تەسىراتى، ئېھتىياجى، خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى چۈشىنىشكە ماھىر، ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشقا قادىر بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، بازار تەكشۈرۈش، ئوقۇرمەنلەردىن پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقىتىش، ئوقۇرمەنلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، بازار ئېھتىياجىنى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ خاھىشىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسەن ژۇرنال باشقۇرۇش تەپەككۇر يولىنى توغرىلىشى لازىم.

(2) مۇھەررىرلەر تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. بىزگە مەلۇم، ئادەتتە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجى كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتى ئېنىق يۆنىلىشكە، بەلگىلىك قانۇنىيەتكە ۋە نىسپىي تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ، مۇھەررىرلەردىن ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پسىخىكىسى ۋە قىزىقىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇشنى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى يېڭىلىقلارغا دىققەت قىلىشنى؛ قىسقىسى، ھەممىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشنى، ھەرقاچان ئوقۇرمەنلەرنى ئويلاشنى، ژۇرنال باشقۇرۇش يۆنىلىشىدىن ئېغىشمىغان ئاساستا سەھىپىلەرنى يېڭىلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(3) مۇھەررىرلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئۇلارغا ماسلىشىش پەقەتلا ۋاستە، ھەرگىزمۇ مەقسەت ئەمەس. ھەقىقىي مەقسەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشىغا، يېڭى بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. «ئىلىم - پەن نەزەرىيەلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق كىشىلەر ئوبرازىنى يارىتىش، نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش» — مۇھەررىرلەرنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى ۋە تارىخىي بۇرچى. ھالبۇكى، ئەشۇ ئىلىم - پەن نەزەرىيەلىرى ئاۋام ئارىسىدا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولماستىن، بەلكى ئاز ساندىكى مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات خادىملىرى تەرەپىدىن ئىجاد قىلىنىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئىلىم - پەن نەزەرىيەلىرى ۋە ئىلغار پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى پائال تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش، تارقىتىش جەريانىدا، ئاپتور — مۇھەررىر — ئوقۇرمەنلەر بىرلىشىپ بىر مۇكەممەل تارقىتىش زەنجىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن دەل ئەشۇ زەنجىرنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى ھالقا ھېسابلىنىدۇ. مۇھەررىر ئۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەررىر ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ھەمتۇرتكىلىك

مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، گەرچە ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ مۇھەررىر، ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتۇرتكىلىك مۇناسىۋەتتە مۇھەررىرلەر يېتەكچىلىك رول ئوينىسىمۇ، لېكىن، يالغۇز مۇھەررىرلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپلا بۇخىل مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتور، ئوقۇرمەنلەرمۇ تەڭ كۈچ چىقىرىشى، يەنى مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمەت پرىنسىپى، تەرتىپى ۋە ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىشى، جاپالىق ھەم خالىس ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى؛ يازغان ماقالە - ئەسەرلىرىنىڭ ئىجادىيلىقىغا، ئىلمىيلىككە، پايدىلىنىشچانلىققا، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ۋە ئوقۇشچانلىققا ئىگە بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى؛ كۆچۈرمىكەشلىك قىلىشتىن، بىر پارچە ماقالە - ئەسەرنى بىرنەچچە مەتبۇئاتقا تەڭ ئەۋەتىشتىن، مۇھەررىرلەرگە ئورۇنسىز ياكى رېئال بولمىغان تەلەپلەرنى قويۇپ بېسىم قىلىشتىن، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ بۆھتان چاپلاشتىن... قەتئىي ساقلىنىشى؛ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمىتىنى يېقىندىن قوللىشى؛ شۇ ئارقىلىق بىرلىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

## پايدىلانمىلار

[1] 纳毕江· 玛贺穆德，阿孜古力·阿不都克力木，艾拉坎木·依朗江:《光辉的历程 丰硕的成果——纪念》[J]， 新疆医科大学学报（维吾尔文版)出版 100 期，新疆医科大学学报(维吾尔文版)，2008,24(5):1-11.

[2] 宫福满:《科技期刊编辑与作者良性互动机制的构建》[J]， 编辑学报，2005，17(5)：364-366.

[3] 肖爱生:《成人高校学报编者、作者、读者关系及其优化》[J]， 中共郑州市委党校学报，2008，94(4):133-135.

[4] 韩静:《论高校学报编辑、作者、读者关系的互动及优化》[J]， 韩山师范学院学报，2010,31(2):101-104.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.35, Iss.1 (Total:137) Mar 2014

## Contents

A Discussion on the Motivation of Uyghur Peasant Migrant Workers .................................. *Sawut Pawan*(1)

A Discussion on Literary Works of Zalili.................................................. *Tursun Khurban Turkash*(10)

A Research on Minor Character in "Happiness and Wisdom"............................... *Abdurosul Kechikahun*(16)

A Discussion on the Importance of Modern College University Student's Integrity Education........................ .................................................................................................... *Jurat Ismayil*(23)

A Research on the Importance of Leading Cadres Must Play an Exemplary Role in the Party's Mass Line Educational Practice.......................................................................... *Muhtar Abdureyim*(31)

A Comparative Study on Symbolic Words in Uyghur and Chinese.................................. *Hayur Abdukadir*(37)

A Brief Analysis on Lexical Features of Eli Dialect................................................. *Keyyum Mijit* (49)

A Study on the Relation between Uyghur Word "tilmaç" and German Word "Dolmatsch"............................. ................................................................................................ *Goharnisa Matsadik*(57)

A Study on Omen --- The Traditional Uyghur Aesthetic Concepts of Goodness........... *Kalbinur Muhammad* (62)

A Discussion on Hisam's Humor ........................................................................ *Akbar Khader*(69)

An Introduction to Literatures of Famous Poet and Critic "Halis"................................. *Ablikim Hasan*(80)

A Discussion on Research Status of Modern Uyghur Literature and Its Development Tendency........................ .................................................................................................... *Batur Mahsut*(86)

A Suggestion about How to Increase Attractiveness of Radio Program............................ *Abdurehim Abliz* (91)

A Survey of the Influence of Internet among Uyghur Students....................................... *Elyar Matniyaz*(97)

A Study on the Silk Road --- Zhang Qian and Alexander......................... *Muhammadzunun Abdukerim*(103)

A Discussion on Tuhluh •Timurkhan and His role in Spreading Islam in Xinjiang................. *Yasen Busak* (109)

A Discussion on Significance and Ways of Establishing Characteristic column of University Journal.............. .................................................................................................... *Yusuf Hamut*(117)

A Discussion on Editing and Cultural Factors in Literary Translation............................. *Anwar Rahman*(123)

A Discussion on the Relationship among Writer, Editor and Reader of University Journal............................ ................................................................................................ *Nabijan Mahmud*(131)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке )

**№.1.2014г (Общий: № 137)**

**Содержание**

Анализ главных причин трудоустройства уйгурских крестьян в другие местности..................Савут Паван

Анализ некоторых тропов в стихотворениях поэта Зэлиля......................................................Турсун Курбан

Некоторые сведения о неглавных персонажах в поэме «Кутатку Билик» ..................Абдурусул Кичикахун

Об усиливании воспитания студентов быть честными и заслуживающими доверия в новой обстоятельстве.................................................................................................................Журэт Исмаил

О важности проявления образцовой роли руководящих кадров в деятельности образования и практики массовой линии КПК........................................................................................Мухтар Абдурехим

Сопоставительный анализ символистических слов в китайском и уйгурском языках.............................................................................................................................Гхэюр Абдукадыр

Лексические особенности диалекта местности Или..........................................................Кэйюм Мижит

Взаимоотношение между словом *tilmaç* в современном уйгурском языке и словом *Dolmatsch* в немецком языке..............................................................................................Гохэрниса Мэтсадык

Предзнаменование — сознание добра и зла в традиционном эстетическом представлении уйгурского народа........................................................................................................Кэлбинур Мухэммэд

Об анегдотах Хисама.............................................................................................................Экбэр Кадыр

Известный поэт, литературавед и критик «Халис» и его художественные творчества.........Абликим Хэсэн

О настоящем положении и перспективах исследования современной уйгурской литературы.................................................................................................................................Батур Мэхсут

О путях усиливания эмоционально-экспрессивной силы художественных программ по радио.................................................................................................................Абдурехим Аблиз

Исследование влияния интернета на уйгурских студентов.............................................Ильяр Мэтнияз

«На востоке Чжан Чэн, а на западе Александр — снова об открытии Шелкового пути» ...........................................................................................................Мэмэтзунун Абдукерим

О положении Туглука Тумурхана в истории Синьцзяна......................................................Ясын Бусак

Важное значение и пути создания отличительных столбцов................................................Юсуп Хамут

О редакторе и культурных элементах в художественном переводе....................................Анвар Рахман

О взаимодействии между составителем, автором и читателем вестника и его улучшении..................................................................................................................Нэбижан Мэхмут

# پروفېسسور ئابلەت ئۆمەر

## 阿布来提·乌买尔 教授



ئابلەت ئۆمەر (2000 ـ 1938) قەشقەر شەھرىدىن. قەشقەر شەھرىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1949 ـ 1952 ـ يىللىرى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1953 ـ يىلى مەكتەپ تەرىپىدىن تاللىنىپ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1958 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن تاكى 1998 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. كافېدرا مۇدىرى، مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق مەمۇرى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن 1998 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان.

ئابلەت ئۆمەر ئالىي مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەش جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى ۋە مىللىي ئەدەبىيات مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ 250 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ۋە ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش»، «كىنو سەنئىتى توغرىسىدا»، قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى، «لۇشۈن فىلىيەتونلىرىدىن تاللانما»، «گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر»، «چەت ئەل ئەدىبلىرى ھەققىدە ھېكايە»، «مىگلىغان تاغ ـ دەريالار»، «ۋۇسۇڭ» قاتارلىق كىتاب، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىگە دائىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما»(ئۈچ قىسىم)، «ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» قاتارلىق دەرسلىكلىرى بېسىلغان. دۆلەتنىڭ سەككىزىنچى بەش يىللىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن «ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى شىنجاڭدا» ناملىق تەتقىقات تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكى مۇھىم تۆھپىسى «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق دەرسلىكنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كىتاب 1979 ـ يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىق شەكلىدە ئىككى قىسىم قىلىنىپ بېسىلغان. بۇ كىتاب ئاساسىدا ئۆزى مەسئۇل بولغان، كوللېكتىپ تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق كىتاب ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ، 1984 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى سۈپىتىدە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ كىتابنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى«ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»(ئىككى قىسىم) دېگەن نام بىلەن 1997 ـ يىلى قايتا نەشر قىلىنغان ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولغان. ئومۇمەن، ئابلەت ئۆمەر مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان بۇ دەرسلىك كىتاب مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى بويىچە بىردىنبىر ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئابلەت ئۆمەر يەنە ئۈچ قىسىملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نى يېزىپ چىققان ۋە خەنزۇچە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابنى تەھرىرلىگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر قانچە پارچە ئەدەبىي ئوبزورى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئابلەت ئۆمەر ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

# 新疆大学学报

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第35卷 第一期 2014年3月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）

主　编：阿布里克木・亚森

编辑出版：新疆大学学报编辑部

印　刷：乌鲁木齐光大印刷厂

邮政编码：830046

电　话：0991-8582927

电子邮箱：xju13@xju.edu.cn

国内发行：全国各地邮政局

国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）

国际标准刊号：ISSN 1005-5878

国内统一刊号：CN65-1034/G4-W

国内代号：58-13

国外代号：5798（QR）

定　价：6.00元

ISSN 1005 5878

04>

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980-يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2014-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى (35-يىللىق 1-سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991-8582927

ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn

باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ

(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005-5878

مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65-1034/G4-W

خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)

مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58-13

باھاسى: 6 يۈەن